TRIBUNE OF SOCIAL SCIENCES IN XINJIANG

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

# 新疆社科论坛

2014 3

## مۇشاۋرەك مۇقامى

مۇڭزە جەھەت يىگەن پەيكانلارنىڭ جىسمىم ئارا ھەيران،
دەمبەدەم باش چېكىشكىم چۇكى زەبانە شۇئلەيى ھەجران.

قاچان پەيكان كۆرۈنگەي ھەجر ئوتىنىڭ شۇئلەسى بولسا،
نائى ئاتەش چىقارماق زەخمى ئىچرە سەندىن ياردۇر نىشان.

زە ئاتەش ئاتەش تەمى زەخمى قىلساڭ غۇلمىغا قالۇرمەن،
مۇشكانە باغلايى ئانى قايدا باغلايى دېپتىنى نۇريان.

بەلادە شۇندىن كۆر كەچ ئۆھشى جۇنۇنى مەنى داغى،
خىردە ئەھلى تاشىندا ئەبكۈر كەندە كۆڭلى قالۇر ھەيران.

سۆزگەكلەرنى تەمدىن بىر بىرىدىن نايرەدى غەمى ھەجرىلىش.
رەھلدۈز نىشلارىڭغىنى زىلىسەم كۆلبەم ئارا ئەھسان.

زەمىن قالغۇم زەبەسەن ياسىقىنى زەمانى كۆزلىكىلى زەي ساقى.
قەدەھ دەۋرىنى خوش تۇتقۇم ئۆزەفاسىز دۇربەسى دەۋران.

زەفاسىز دۇر زەمان ئەھلى زەمانىدا ئۆزەفا بولغايى،
ئۆزەفا ئەھلى بولاردىن گەر ئۆزەفاسىز، زەرزەر نادان.

خۇشا دەۋرى ئىچرە مەيخانە، تۇلانىڭ كەمدەي يانە.
زەتۇنەھلى زەنا ماغزىدا :.. كۆڭلۈم نالەيى ئەفغان.

زەنادە يىرىدە سائىللىقىنى سۇلتانلىقتىن يارتۇق تۇتت،
كى ئۇزلەت كۆلكىدە تەگدۇرلار زەگەر سائىل ئۆزەگەر سۇلتان.

جەھان ئىچرە كىشىنىڭ چون يوقتۇ بارى يەكساندۇر،
زەھر روخ كىمە دۇر كۆرگەچ جەھان بارۇ يوقىن يەكسان.

نەۋايى تۈزى خوش تۇتقۇم كېشىگە دەھر ئىشى باردۇر،
نەگەر مۇشكىل تۇتار مۇشكىل، ئۆزەگەر ئاسان تۇتار ئاسان.



## نەۋا مۇقامى

بالادەشتى ئارا مەجنۇن ئىنىشگەدەك كۆرمىش دەۋران
تۈتۈندەك ھەر زامان بىر كۆرمەگەن ئاۋارىدا سەرگەردان

نەئىندۇر غۇربەتتە لالىمىغا بىلىبىت دەشتىدەك غايەت،
نە سەۋدايى غۇربەتنىڭ مەشەققەتلەرىنىڭ بەھرىدەك پايان.

تۈتۈم دەيجۇر، ئۆزۈم رەنجۇر، ئىچىم غەمناك ۋە باغرىم چاك،
تىلىم لال ئۆتىنىم بىھال، ئىشىم ئەفغان، بەسىر شىكىم قان.

زەمىن قىلغۇدەك دۇ غەم پىشە، ئۆتىنغۇ مېھنەت ئەندىشە،
زەلىلۇ بىسەرۇ سامان قەتىيلى خەنجەرى ھىجران.

فىغانىمدىن فەلەك غەمگىن، يىرشكىمدىن جەھان رەنگىن،
نەدەردىم تۈتىغۇدەك سىكىن، نەھەجرىم دەردى دەرمان.

باشىم غەم تاشىدىن پارە، تەنىم ھەجر ئوقىدىن يارە،
كۆڭۈل ئۆز يارەغا چارە تاپارغا تاپمايىن ئىمكان.

كۆزۈم زەلغ، بويۇم خەملىق، ئىچىم تەندۈھى ماتەملىق،
زەھى مەملىق بەرەھرە ملىق تاپىپ ئۆز مېھنەتى پىنھان.

ماڭا نە يار ئۆتەھەمدەم، ماڭا نە دوستۇ نە مەھرەم،
ماڭا نە چارەنە مەرھەم، ماڭا نە سەبر ئۆتە ئارمان.

ھەم نەۋائى تەباھىمدىن ھەم ئاھى سىنبىھىگا ئىمدىن،
ھەم ئۆتلۇغ دۇرەئى ئاھىمدىن قارارىپ كۆكلەرنى زىندان.

فەلەك رەھىمدىن زەمان دۇشمەنلىكىدىن ئۆزە ئۆزە ئۆزدىن،
قالىپ جانىن ھەسرەتتىن ئاچىقىپ كۈشى ئۆرىدىن جان.

نەۋايى بولسا مېھنەت كۆپ نىچۈكىم جامى ئىشرەت كۆپ،
نىچە بولسا ئۇ نەۋبەت كۆپ بولۇر ئۆھدە تەيى ئاسان.

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر
بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

قوش ئايلىق ئىلمىي ژۇرنال

2014 ـ يىللىق 3 ـ سان
ئومۇمىي 127 ـ سان

# بۇ ساندا

## سىياسىي نەزەرىيە


توغرا ئۆگىنىش ئىستىلى ھەققىدە .......... ليۇ يۈنشەن (5)

ئاممىۋى لۇشيەنىنىڭ ماھىيىتى ۋە مەزمۇنى توغرىسىدا .......... مەمەتزۇنۇن ئابدۇكېرىم (11)


## قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى


قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە قارىتىلغان تەربىيەنى كۈچەيتىش ۋە ئۇلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا .......... ئايگۈل ئابدۇراخمان (14)


## ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش


تېرىلغۇ يەرلەردىن پايدىلىنىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات.......... مۇتەللىپ مۇھەممەت (22)


## مەدەنىيەت ـ مائارىپ


مىللىي ئىستۇدېنتلارغا بولغان ئىدىيەۋى ـ ئەخلاق تەربىيەسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا .......... مۇنىرە ئابدۇۋەلى (25)

يەسلى مۇدىرلىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەر.......... ئامانگۈل نىياز (30)

زامانىۋى مەدەنىيەت ۋە نەشرىياتچىلىق توغرىسىدا.......... مەنسا روزى (33)


## فولكلورشۇناسلىق


«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى تىككۈچىلىككە ئىزاھات .......... مامۇت قۇربان (36)

ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندارچىلىق ئادەتلىرى توغرىسىدا .......... بەختىگۈل نىزاق (40)

ئۇيغۇرلاردا «ئوڭ» تەرەپ چۈشەنچىسى .......... مەريەمگۈل ھاپىز (44)

«ئۇيغۇر سېھرىلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات» قاتارلىق كىتابلارغا بولغان قاراشلىرىم .......... ئۆمەر غىياس (48)



**شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى**

قوش ئايلىق ئىلمىي ژۇرنال

2014 ـ يىللىق 3 ـ سان

(ئومۇمىي 127 ـ سان)



«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرناللىرى نەشرىياتى تەھرىر ھەيئىتى

مۇدىر

ئابدۇرېھىم خالىق

مۇئاۋىن مۇدىرلار

شى جيەن

قادىلبېك قاخان

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى

(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئابلەت نۇردۇن

ئادىل سەمخان

ئارسلان ئابدۇللا

ئابدۇكېرىم مۇخامېتسادىق

باتۇ بالجا

جا ئوچىربات

جامساپ بازىكباي

دەن بى

كامۇنا جانبوز

گاۋ جيەنلۇڭ

لا دىشبېك لى ئەيمىن

دىڭ شۇۋچىڭ

ئوسمانجان مۇھەممەت

ئىمىن ئەخمىدى

ئىجرائىيە باش مۇھەررىر

ئوسمانجان مۇھەممەت

بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى

ھەزرىتى ئەلى بارات



تاق ئاينىڭ 15 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

## ئەدەبىيات تەتقىقاتى


زەللى دىۋانىدا بەدىئىيات ................................ تۇرسۇن قۇربان تۇركەش (51)
«سەددى ئىسكەندەرىي» داستانىنىڭ مەنبەلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش .................. ئۇبۇل ئابلا (61)
تېيىپجان ئېلىيېۋ ۋە ماياكوۋىسكى ................................ كېرىمجان ئابدۇرېھىم (66)
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شېئىر ۋە شائىر ھەققىدىكى قاراشلىرى ............................ ئابدۇخەبەر سۇلايمان (72)
كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا بىلىم چۈشەنچىسى ................................ ئابدۇرېھىم يۈسۈپ (76)


## ئاخبارات ـ نەشرىيات


تەھرىرلىك ئىلمى توغرىسىدا........................................ دىلنۇر ئەمەت (84)
تەھرىرلىك خىزمىتى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم................................ دىلمۇرات ئابلىز (87)


## تىل ـ يېزىق


ئەدەبىي تەرجىمىدىكى مەنە ۋە تىل مۇھىتى توغرىسىدا ................................ ئوسمانجان مۇھەممەت (90)
تەرجىمىدىكى چۈشىنىش ۋە ئىپادىلەش مەسىلىسى ................................ مەدىنە سېيىت (99)


## پىسخىكا تەتقىقاتى


ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ پىسخىكا ساغلاملىق تەربىيەسى توغرىسىدا ................................ مېھرىئاي تۇرسۇن (104)


## قامۇسچاق


سېكقۇ سەلى تۇتۇق توغرىسىدىكى باياناتلاردىن ئۇنىڭ ياشاپ ئۆتكەن دەۋرىگە نەزەر ................ ئىسرائىل مۇتىللا (108)
بابا رەھىم مەشرەپنىڭ قەشقەردە ساقلىنىۋاتقان ئەسەرلىرى ................................ ھاجى ئابدۇراخمان باقى (117)
نۇتۇق ۋە ناتىقلىق توغرىسىدا ................................ تۇرغۇن تالىپ (120)
باللار چۆچەكلىرىدىكى پېرسوناژلار ئوبرازى ھەققىدە ................................ خەيرىگۈل كېرەم (123)
ئۇنىۋېرسال ژۇرنال مۇھەررىرلىرى يېتىلدۈرۈشكە تېگىشلىك ساپا توغرىسىدا................ نۇرگۇل روزى (126)

《新疆社科论坛》
(维吾尔文版)

新疆维吾尔自治区社会科学界
联合会主办

双月刊
2014年第3期
总第127期

《新疆社科论坛》
杂志社编委会

主任
阿不都热依木·哈力克

副主任
郗健　哈德别克·哈汉

编委成员
（按姓氏笔画排序）
丁守庆　丹碧　巴特　巴理嘉
卡木那·江波孜
加·奥其尔巴特　束迪生
伊明·艾合买提　李爱民
吾斯曼江·木合麦提
阿不来提·努尔东
阿布都克力木·木哈买提沙地克
阿尔斯兰·阿不都拉
阿迪力·赛买汗
贾木沙甫·巴孜克拜
高建龙

执行主编
吾斯曼江·木合麦提

本期责任编辑
艾孜热提艾力·巴拉提

单月15日出版

# 目　录

## 政治理论

谈谈正学风……刘云山(5)
关于党的群众路线教育实践活动的实质内涵……买买提祖农·阿布都克力木(11)

## 法制建设

加强预防未成年人犯罪的教育……阿依古力·阿布杜热合曼(14)

## 经济建设

有效利用耕地 促进经济发展……木太力甫·木合麦提(22)

## 文化教育

关于加强少数民族大学生思想道德教育的几点思考……木尼热·阿布杜外里(25)
幼儿园教师必备的素质……阿曼古力·尼牙孜(30)
现代文化和出版业……买尼沙·肉孜(33)

## 民俗学

《突厥语大词典》中的相关裁缝问题说明……马木提·库尔班(36)
维吾尔族的请客礼仪……百合提古力·尼扎克(40)
浅析维吾尔人对“右”的尊宗……麦尔彦古力·阿皮孜(44)
维吾尔魔幻童话故事……依米尔·合牙斯(48)

## 文学研究

穆汗买提·斯迪克再力力的诗歌创作艺术……吐尔孜·库尔班(51)
《依斯坎德尔堡》中的故事来源……吾布勒·阿比拉(61)
铁依甫江·艾力尤甫与马雅可夫斯基……克力木江·阿布都热依木(66)
玉素甫·哈斯·哈吉甫论诗人的观点及其诗歌……阿布杜哈拜·苏莱曼(72)
维吾尔古典文学的知识论……阿布杜热依木·玉素甫(76)

## 新闻出版

编辑工作是一种学问……迪力努尔·艾买提(84)
浅谈编辑工作……迪力木拉提·阿布力孜(87)

## 语言文学

文学翻译的语境及其意义……吾斯曼江·木合麦提(90)
浅谈翻译的理解与表达问题……麦迪娜·色依提(99)
青少年心理健康教育的方法和意义……美和拉依·吐尔孙(104)

## 小百科

僧古萨里及其生活的时代……伊斯热依力·木提拉(108)
浅谈麦西热甫在喀什现存的作品及其目录……阿不都热合曼·巴克(117)
演讲成功与否的决定性因素……吐尔洪·塔力甫(120)
浅析儿童文学中的英雄人物……海日古力·克力木(123)
综合性杂志编辑应具备的素质……努尔古丽·肉孜(126)

# توغرا ئۆگىنىش ئىستىلى ھەققىدە

ليۇ يۈنشەن

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە پۈتۈن پارتىيەدە ئۆگىنىش ئىستىلىنى جانلاندۇرۇپ، ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى شەكىللەندۈرۈش، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش، مەسىلە ئېڭىنى قوزغاش، تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش بايان قىلىنغان.

**摘要**: 本文讨论要在全党大兴学习之风、形成学习的热情、要坚持理论联系实际，牢固树立问题意识，要坚持正学风与转作风、改文风一抓。

ئۆگىنىش ئىستىلى، خىزمەت ئىستىلى ۋە يېزىقچىلىق ئىستىلى بىر ـ بىرىگە زىچ باغلانغان بولۇپ، بۇ پارتىيە ئىستىلىنىڭ نامايەندىسىدۇر. پەلسەپە ئىلمىدە ئۆگىنىش ئىستىلى بولسا بىلىش نەزەرىيەسى دەپ قارىلىدۇ. بىر سىياسىي پارتىيەگە نىسبەتەن ئۆگىنىش ئىستىلى پىكىر قىلىش يۆنىلىشى مەسىلىسى بولۇپ، بۇ پارتىيەنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى ئاڭلىقلىق دەرىجىسى، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، خىزمەت ئۇسۇلى ھەمدە پارتىيەنىڭ روھىي ـ قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۆگىنىش ئىستىلى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش پارتىيەمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى. ماۋزېدوڭ ئېنىق قىلىپ: «ئۆگىنىش ئىستىلى بولسا رەھبىرىي ئورگانلار، پۈتكۈل كادىرلار، بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇل مەسىلىسى، ماركسىزم ـ لېنىنىزمغا تۇتقان پوزىتسىيە مەسىلىسى، پارتىيەدىكى بارلىق يولداشلارنىڭ خىزمەت پوزىتسىيە مەسىلىسى. شۇنداق بولغان ئىكەن، ئۆگىنىش مەسىلىسى ئىنتايىم مۇھىم بولغان بىر مەسىلە ھەم بىرىنچى مۇھىم مەسىلە» دەپ كۆرسەتكەن. ماۋزېدوڭ ئۆگىنىش ئىستىلىنى تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى، نەزەرىيە ئىشلىتىلىشى، خىزمەت پوزىتسىيەسى بىلەن زىچ باغلاپ، «بىرىنچى مۇھىم مەسىلە» ئورنىدا قويۇپ تونۇغان، بۇنداق قىلىشنىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ رېئال ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيى چاقىرىلغاندىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ رەھبەرلىكىدىكى مەركىزىي پارتىيە ھۆكۈمىتى خىزمەت ئىستىلى، ئۆگىنىش ئىستىلىغا يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، پۈتۈن پارتىيە ئىچىدە خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاش، ئۆگىنىش ئىستىلىنى توغرىلاش ئورتاق تونۇش بولۇپ شەكىللىنىپ، ھەر قايسى تەرەپلەردە يېڭىچە كەيپىيات بارلىققا كەلدى.

نۆۋەتتە، پارتىيە ئىچىدىكى ئۆگىنىش كەيپىياتى ۋە ئۆگىنىش ئەھۋالى ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشى بولۇپ، كۆپ ساندىكى پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشتىكى ئاڭلىقلىقى نىسبەتەن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلى پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ئاز بولمىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش ئىستىلى توغرا بولماسلىقتەك ئەھۋاللارمۇ ساقلانماقتا. بىرىنچى، ئۆگىنىش ئىستىلى توغرا بولماسلىق بولسا ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرمەسلىك، ئۆگىنىشكە دىققەت قىلماسلىق. بەزى پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس، ئۆگىنىش قىزغىنلىقى، ئۆگىنىشنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى كەمچىل،

ئۇلار كىتاب ئوقۇمايدۇ، گېزىت كۆرمەيدۇ، خىزمەت ئىشلىرى، مېھماندوستلۇق ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش يۈرىدۇ، ئۆگىنىش ئىستىلى قويۇق ئەمەس، ئويۇن ـ تاماشاغا بېرىلىپ، ئۆگىنىشكە نىسبەتەن سۆزلىگەندە مۇھىم، قىلغاندا ئىككىنچى ئورۇندا، ئالدىراش بولغاندا ئەسلا تىلغا ئالماسلىقتەك ئەھۋاللار مەۋجۇت؛ يەنە بەزى پارتىيەلىك كادىرلار-نىڭ ئۆگىنىشتىكى ئاكتىپچانلىقى، ئىجادچانلىقى كەمچىل. ئۇلار ئۆگىنىشنى ۋەزىپە ئورنىدا، يۈك ئورنىدا كۆرۈپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش قىلمايدۇ، بەلكى پاسسىپ ھالەتتە ئۆگىنىش قىلىدۇ؛ يەنە بەزى-لىرى بولسا تەجرىبىچىلىك تەرەپدارلىرى بولۇپ، تەجرىبىنى نەزەرىيەدىن مۇھىم، نەزەرىيەدىن ئىش-لىتىلىشچانلىقى يۇقىرى دەپ ئويلاپ، ئۆزىنىڭ بىل-گىنىنى راست قىلىدۇ، ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەت ھا-سىل قىلىپ، تەجرىبىسىگە ھېسسىياتىغا تايىنىپ ئىش بېجىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ماركسىزم نەزەرىيە-سى ۋە ھازىرقى زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا بىلىملە-رىنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ قارايدۇ؛ ئىككىنچى، ئۆگىنىش ئىستىلى توغرا بولماسلىقى-نىڭ ئەڭ ئومۇمىيلاشقان ئىپادىسى بولسا «ئەمەلى-يەتكە ئۇيغۇن كەلمەسلىك»، «ئىككى يۈزلىمىچى-لىك»، يەنى ئۆگىنىش بىلەن ئەمەلىيەتتە قوللىنىش بىردەك بولماسلىق، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت ئاي-رىلىپ كېتىش. ئۆگىنىشنىڭ مەقسىتى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش، بىراق ئەمەلىيەتتە بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆگەنگىنى بىر خىل، سۆزلىگىنى بىر خىل، قىلغان ئىشى يەنە بىر خىل بولۇپ، ئۆگەنگەنلىرىنى رېئال-لىقتا يولۇققان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتمەيدۇ. يەنە بىر خىل ئىپادىسى بولسا، بەزى كىشىلەر ئۆگەنگەندە ئۆزىنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ ئۆ-گەنمەي، بەلكى باشقىلارنى كۆزىتىپلا يۈرىدۇ، ئۆزى-نىڭ ئۆگىنىشىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، بۇمۇ ئۆگىنىش ئىستىلى توغرا بولماسلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر؛ ئۈ-چىنچى، سۇيىئىستېمالچىلىق ۋە مەنپەئەتپەرەسلىك ئېغىر. بەزى كىشىلەر سىرتقى قىياپىتىدىن ئۆگە-نىشكە ئەھمىيەت بېرىۋاتقاندەك، ئۆگىنىش قىلىۋات-قاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا مەنپەئەتپەرەس-لىك ئېغىر، بەزىلىرى ئىمتىھان ئۈچۈن ئۆگىنىدۇ، بەزىلىرى يۇقىرى ئورۇنغا ئۆرلەشنى كۆزلەپ ئۆ-گىنىدۇ. يەنە بىر خىل سۇيىئىستېمالچىلىق ھادى-سىسى بولسا ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ئۆگى-نىش، ئىشلەتكەندە خالىغانچە قالدۇرۇپ قويۇش، ئىختىيارىي كېسىپ تاشلاشتىن ئىبارەت. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن ھەر خىل شەكىلدىكى ئۆگىنىش ئىس-تىلىنىڭ توغرا بولماسلىق ئەھۋالى پارتىيەلىك كا-دىرلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشنى تۇسقۇنلۇققا ئۇچ-رىتىپلا قالماي، بەلكى پارتىيەنىڭ لۇشيەن ـ فاڭ-جېن، سىياسەتلىرىنى تولۇق ئىزچىللاشتۇرۇشقىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ. ھازىر، ناتوغرا ئۆگىنىش ئىستى-لىغا قارشى تۇرۇش چىڭ تۇتۇپ ھەل قىلىشقا تې-گىشلىك زۆرۈر تېمىغا ئايلىنىپ قالدى.

ھازىر پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا 18 ـ قۇرۇل-تاينىڭ روھى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇۋاتىدۇ. «ئىككى يۈز يىل» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ كۆرەش نىشانى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تېخىمۇ گۈللىنى-شىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتەك جۇڭگو ئارزۇسى پارتى-يەلىك رەھبىرىي كادىرلار قوشۇنىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ھەمدە پارتىيەلىك كادىرلانىڭ خىزمەت ئىستىلى، ئۆگىنىش ئىستىلىغا يېڭى ھەم تېخىمۇ يۇقىرى بولغان تەلەپلەرنى قويىدى. 2013 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ سەكسەن يىللىق خاتىرە كۈننى تەبرىكلىدى ھەم 2013 ـ يىللىق باھار پەسىللىك ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈز-دى، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆگىنىشنى كۈچەي-تىش توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسى چوڭقۇر ھەم مۇھىم بولۇپ، پۈتۈن پارتىيە ئىچىدە ئۆگىنىش ئىستىلىنى جانلاندۇرۇشنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلى-نىپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى «ئوقۇشقا دەۋەت قىلىش سۆزى» بولدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم

سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، دۇنياغا نەزەر سېلىش ئارقىلىق جۇڭگونى كۆرۈش، بۈگۈنگە نەزەر سېلىش ئارقىلىق كەلگۈسىنى كۆرۈشتەك ئۆتكۈر كۆزنىڭ بولۇشى، پارتىيەنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى تاماملاش ئارقىلىق پارتىيەنىڭ تۈپ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيە چوڭقۇرلۇقى، ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، ياخشى بولغان ئۆگىنىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكى بولسا پۈتۈن پارتىيە ئىچىدە ئۆگىنىش ئىستىلىنى جانلاندۇرۇش، ئىستىلنى تەڭشەش، ئەمەلىي ئىشلەش، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسلىق ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى ھېسابلىنىدۇ.

**1. پۈتۈن پارتىيەدە ئۆگىنىش ئىستىلىنى جانلاندۇرۇپ، ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى شەكىللەندۈرۈش**

ئۆگىنىش ئىستىلىدا ئەڭ ئاۋۋال ئۆگىنىش كېرەك. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدا ئۆگىنىش تىپىدىكى، مۇلازىمەت تىپىدىكى، يېڭىلىق يارىتىش تىپىدىكى ماركسىزملىق دۆلەت ھاكىمىيىتى قۇرۇپ چىقىش كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ «ئۈچ تىپ» نىشانىنىڭ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئۆگىنىش تىپىدىكى ھاكىمىيەت قۇرۇپ چىقىش بولۇپ، ئۆگىنىش باشتىن ـ ئاخىر ئەڭ ئاساسىي ئالدىنقى شەرت بولۇپ، مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئۆگىنىشكە تايىنىپ بۈگۈنگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھەم ئۆگىنىشكە تايىنىپ كەلگۈسىگە قەدەم باسىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. ھازىر ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئىنتايىن تېز، ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى تېز، بىز ھەر كۈنى يېڭى ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىپ تۇرىمىز، يېڭى مەسىلىلەر، «تېخى بىلمىگەن، بايقالمىغان نەرسىلەر بىلگەن نەرسىلەردىن كۆپ بولۇش»، «قابىلىيىتى يەتمەسلىك» قاتارلىق مەسىلىلەر يەنىلا مەۋجۇت. قانداق قىلىپ ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشالايمىز، قانداق قىلىپ ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا يېتىشەلەيمىز، قانداق قىلىپ «يېڭى تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئۇلۇغ كۈرەش» نى ياخشى ئېلىپ بارالايمىز؛ بۇنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى بولسا ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش، ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇش، شۇ ئارقىلىق قابىلىيىتىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىزدىن ئىبارەت. ئۆگىنىش ئىگىلىك تىكلەشنىڭ ئاساسى، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ ئاساسى. ئۆگەنگۈچى ئەقىل تاپىدۇ، ئۆگەنگۈچى غەلىبە قىلىدۇ، ئۆگەنگۈچى مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىيالايدۇ، ئۆگەنگۈچى تەرەققىي قىلالايدۇ. بىر ئادەمگە، بىر پارتىيە ـ ھۆكۈمەتكە، بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، پەقەت ئۆگەنگەندىلا ئاندىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ، تەرەققىي قىلالايدۇ، ياخشى ئۆگەنگەندىلا ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ، ئۆگىنىشنى تاللىغانلىق ئالغا ئىلگىرىلەشنى تاللىغانلىق بىلەن باراۋەر بولىدۇ.

پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشى قويۇق بولغان ئۆگىنىش مۇھىتىغا مۇھتاج، پۈتۈن پارتىيە بويىچە ئۆگىنىش ئىستىلىنى جانلاندۇرۇش بىر قېتىملىق ئۆگىنىش مۇسابىقىسى پەيدا قىلىپ، ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پارتىيەمىزنى ھەقىقىي تۈردە ھەممە ئۆگىنىدىغان ئۆگىنىش چوڭ مەكتىپىگە ئايلاندۇردى. ئۆگىنىش تىپىدىكى پارتىيە تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلىي ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە قاتنىشىشى، بىرلىكتە ئۆگىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىلغار ئۆگىنىش كۆز قارىشى بەرپا قىلىپ، ئۆگىنىش مەزمۇنىنى كېڭەيتىشىمىز، ئۆگىنىش ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئۆگىنىش مەزمۇنىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، ئۆگىنىشنى ھەر قايسى پارتىيە تەشكىلىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى قىلىپ، پۈتۈن پارتىيە بويىچە قېتىرقىنىپ بىلىم ئۆگىنى-

دىغان، ئەقىل بىلەن قەيەككۇر قىلىندىغان ئىستىلنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك. كۆپ ساندىكى پارتىيەلىك كادىرلار ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆگىنىش كۆز قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ئۆگىنىشنى بىر خىل سىياسىي مەجبۇرىيەت، روھنىڭ ئىزدىنىشى، ساغلام تۇرمۇش ئۇسۇلى دەپ قارايدۇ، ئۇلار ۋاقتىنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىپ، ئۆگىنىش جەريانىدا ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنىڭ ھەقىقەت تۇۋرۇكىنى تېخىمۇ چىڭىتىدۇ، ئۆگىنىش جەريانىدا ئىدىيەسىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرىغا كۆتۈرۈشنىڭ روھىي ئوزۇقىغا ئېرىشىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئاڭلىق ھالدا ئۆگىنىش كۆرسەتكۈچى تىكلەپ ئۆگەنگەنلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، ئۆگىنىشكە باشلامچىلىق قىلىپ، ئۆگىنىش تىپىدىكى رەھبىرىي كادىر بولۇپ چىقىشتا بەسلىشىشى، قاتلام بويىچە ئۆگىنىشتە ياخشى ۋەزىيەت يارىتىشى كېرەك. يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈزۈلمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆگىنىشنىڭ ئۇزاق مۇددەتكىچە ئۈنۈمى كۆرۈلۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆگىنىش ئەھۋالىنى رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنى باھالاش سىستېمىسىغا كىرگۈزۈپ، رەھبەرلىك بەزنىسىنى باھالاش، ئىشلەتمەكچى بولغان رەھبىرىي كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشنىڭ مۇھىم پاكىتى قىلىپ، ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەم ئىشلىتىشكە باشلامچىلىق قىلىپ، ئۆگىنىشنى يۇمشاق ۋەزىپىدىن قاتتىق چەكلىمىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى، مەمۇرىيەت ئىنستىتۇتلىرى، كادىرلار ئىنستىتۇتلىرى ئاساسىي لىنىيە بولۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، توغرا مەكتەپ باشقۇرۇش نىشانىدا چىڭ تۇرۇپ، دەرسلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ياخشىلاش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى پارتىيەلىك رەھبىرى كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى مۇھىم بازا قىلىش كېرەك.

**2. نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلە ئېڭىنى تۇرغۇزۇش**

باش شۇجى شى جىنپىڭ 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مۇنۇلارنى ئالاھىدە تەكىتلىدى: ئۆگىنىش، ئۆگىنىش، يەنە ئۆگىنىش قىلىش، ئەمەلىيەت، ئەمەلىيەت، يەنە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۆگىنىش بىلەن ئەمەلىيەتنى بىردەكلىككە ئىگە قىلىشقا، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشكە چاقىرىق قىلغانلىق. ئۆگىنىش بىلەن ئەمەلىيەتنى بىردەكلىككە ئىگە قىلىشتا، قايسى تەرەپنى بىردەكلىككە ئىگە قىلىش، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە، بىرلەشتۈرۈش نۇقتىسى قەيەردە بولۇشى كېرەك؟ بۇلار «مەسىلە» دىن ئىبارەت، يەنى ئۆگىنىشتە يولۇققان مەسىلە ۋە ئەمەلىيەتتە بايقىغان مەسىلىدۇر. مەسىلە دەۋرنىڭ ئاۋازى. مەسىلىنى تەتقىق قىلىشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزملىق بىلىش نەزەرىيەسىگە ئۇيغۇنلىشىش پارتىيەمىزنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيەۋى لۇشيەنىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش جەريانىنىڭ توختىماستىن جاۋاپ بېرىدىغان ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان دەۋر تېمىسى جەريانىدۇر. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش باشلانغاندىن بۇيان، پارتىيەمىز سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش، قانداق سوتسىيالىزم قۇرۇش، پارتىيەنى قانداق قۇرۇش، قانداق تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش، بۇنداق چوڭ ھەم ھالقىلىق مەسىلىلەرنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنى سەزگۈرلۈك بىلەن چىڭ تۇتۇپ ۋە يېقىندىن چۆرىدەپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا قەدەممۇقەدەم ھەل قىلىپ، بۆسۈش ھاسىل قىلىپ ئاندىن بۈگۈنكىدەك جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم يولىنى ئاچتى. شۇنداق دېيىشكە بو-

لېدۇكى، مەسىلە ئېنىق تۇرغۇزۇش ئىنتايىن مۇھىم، بۇ بىزنىڭ دۇنيانى تونۇش، دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى ئاچقۇچىمىز ھەمدە ياخشى بولغان ئۆگىنىش ئىستىدلىنى جارى قىلدۇرۇشتىكى ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىمىز.

نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى باغلاشتا چىڭ تۇرۇش، ئەڭ مۇھىمى، نەزەرىيەدىن ئىبارەت قورالدىن پايدىلىنىپ ئەمەلىيەتتە يولۇققان مەسىلىلەرنى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقاش، مەسىلىلەرگە قارىتا توغرا تەھلىل يۈرگۈزۈپ، مەسىلىلەرنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىش كېرەك. مەسىلىلەر ھەر ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، مۇھىمى دەل ۋاقتىدا بايقاش ياكى بايقىيالماسلىق، بۇ بىزدىن ئۆتكۈر كۆز بىلەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، مۇرەككەپ ھادىسىلەر ئىچىدىن مەسىلىلەرنى بايقاپ چىقىش، تېپىپ چىقىشقا ماھىر بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەر خىل مەسىلىلەرگە نىسبەتەن دىئالېكتىكلىق پوزىتسىيەدە مۇئامىلە قىلىشىمىزنى، ئىلمىي ئۇسۇل ئارقىلىق تەھلىل يۈرگۈزۈشىمىزنى، تاشقى قىياپىتىدىن ماھىيىتىنى كۆرۈش، ھادىسىلەرنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ۋە مۇناسىۋەتلىك باغلىنىشلارنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىزنى، مەسىلە مەۋجۇت بولغان ئارقا كۆرۈنۈش، ئەسلى مەنبەسىنى تېپىپ چىقىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇ ئاساستا، توغرا نەزەرىيەنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ فاڭجېن، سىياسەت تەدبىرلىرى بويىچە، ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىنى بىلىش بىلەن ئىشلىتىشنىڭ بىردەكلىكى، ئۆگىنىش بىلەن ئىشلىتىشنىڭ بىرلىشىش جەريانىغا ئايلاندۇرۇشىمىز، ئۇنىۋېرسال ساپانى يۇقىرى كۆتۈرۈش، خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنىڭ جەريانىغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك. بۇنداق جەريان ئەمەلىيەتتە نەزەرىيە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش باسقۇچىغا كىرىدىغان، روھىي بايلىق ماددىي بايلىققا ئايلىنىدىغان جەرياندۇر.

### 3. تەجرىبىنى ئەستايىدىل خۇلاسىلەپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش

ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ ئۆگىنىش، تەجرىبىنى خۇلاسىلەش ئارقىلىق يۇقىرى كۆتۈرۈش پارتىيەمىزنىڭ ئېسىل ئەخلاقى ھەم ئىلغار ئۆگىنىش ئىستىلى، خىزمەت ئىستىلى يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇھىم يولى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن، ھەر قېتىملىق پارتىيەنىڭ مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا تارىخىي تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشنىڭ باسقۇچلۇق تەجرىبە خۇلاسىلەش ئاساسىدا يېڭى تەرەققىيات يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى توختىمايدۇ، بىزنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەش جەريانىمىزمۇ توختاپ قالمايدۇ. ئاللىبۇرۇن ئېرىشكەن تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەش، بولۇپمۇ غەلىبە قازىنىشتىكى ئۆلگىلىك مىساللارنى يەكۈنلەش بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىمىزدە كۆچۈرمىكەشلىك قىلىشتىن ساقلىنىشقا، خاتالىق سادىر قىلماسلىقىمىزغا پايدىلىق، جاپاغا چىداپ، كەلگۈسىگە ئىشەنچ بىلەن قارىشىمىزغا پايدىلىق. تەجرىبىنى خۇلاسىلەش يەنە بىزگە كىتابتا ئۆگەنمىگەن بىلىملەرنى ئۆگىتىپ، بىزنى ئەمەلىي خىزمەت قىلىشتىكى ئۇسۇل ۋە قورال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

مېنىڭ بۇ يەردە تەكىتلەپ ئۆتىدىغىنىم بولسا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا، مۇھىمى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، تەرەققىياتنىڭ يېڭى باسقۇچتىكى ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، ئەمەلىيەت جەريانىدىكى يېڭى ئىجادكارلىق، يېڭى تەجرىبىنى تاۋلاشنى دەل ۋاقتىدا خۇلاسىلەش، قانۇن ئارقىلىق دۆلەت باشقۇرۇش، كەڭ خەلق ئاممىسىغا مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت.

**4. ئۆگىنىش ئىستىلىنى توغرىلاش بىلەن خىزمەت ئىستىلىنى ئۆزگەرتىش، يېزىقچىلىق ئىستىلىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەڭ تۇتۇشتا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇش**

ئۆگىنىش ئىستىلى، خىزمەت ئىستىلى، يېزىقچىلىق ئىستىلى بىر - بىرىگە بېقىنىدۇ ھەم ئۆزئارا باغلىنىدۇ، ئۇلار ئوخشاش بىر مەسىلىنىڭ ئوخشىمىغان قاتلىمى بولۇپ، ئومۇملاشتۇرغاندا بىرلىككە كەلگەن بىر پۈتۈن گەۋدىدۇر. خىزمەت ئىستىلى ياخشى بولمىسا، مۇقەررەر ھالدا ئۆگىنىش ئىستىلى، يېزىقچىلىق ئىستىلىدا ئەكس ئېتىدۇ؛ ئۆگىنىش ئىستىلىنىڭ قانداق بولۇشى، يېزىقچىلىق ئىستىلىنىڭ قانداق بولۇشى، خىزمەت ئىستىلىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، پارتىيەمىز يەنئەندىكى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغاندا، سۇبيېكتىۋىزمغا قارشى تۇرۇپ ئۆگىنىش ئىستىلىنى يېڭىباشتىن تەڭشىگەن، مەزھەپچىلىككە قارشى تۇرۇپ پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلىغان، پارتىيە باگۇسىغا قارشى تۇرۇپ يېزىقچىلىق ئىستىلىنى قايتىدىن تەرتىپكە سالغان، بۇ ئۈچ ئىستىلنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، بىر تۇتاش ئىلگىرى سۈرگەن. باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيەنىڭ 18 - نۆۋەتلىك 2 - ئومۇمىي يىغىنىدا، پۈتۈن پارتىيە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ئاساستا خىزمەت ئىستىلىنى ئۆزگەرتىش، ئۆگىنىش ئىستىلىنى توغرىلاش، يېزىقچىلىق ئىستىلىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەمدە بۇ «ئۈچ ئىستىل» نى پۈتۈن بىر گەۋدە ھالىتىدە كۆچەيتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۆگىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۆگىنىشنىلا ھەل قىلىپ قالماي، يەنە خىزمەت ئىستىلىنى، يېزىقچىلىق ئىستىلىنىمۇ ھەل قىلىش بىلەن بىرلەشكەن بولۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن كۈچلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

بىزنىڭ ئۆگىنىش ئەمەلىيىتىمىز قۇرۇق نەرسە بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئۆگىنىش ئىستىلىنى توغرىلاش چوقۇم ئۆگىنىشنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ ئايرىلىشىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە زېھىن سەرپ قىلىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. يېزىقچىلىق ئىستىلى بولسا ئۆگىنىش ئىستىلى ۋە خىزمەت ئىستىلىنىڭ ئەينىكى ھېسابلىنىدۇ. بۈگۈنكى رېئاللىق چەكسىز موللۇققا، چەكسىز ھاياجانغا تولغان بولۇپ، بىزنىڭ يېزىقچىلىق ئىستىلىمىزمۇ جانلىق ھەم يېڭى ھاياتىي كۈچكە تولغان بولۇشى كېرەك. ساپ، ئاددىي - ساددا بولغان يېزىقچىلىق ئىستىلىنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ھېكمەتلىك سۆزلەر، ئاساسىي قاتلامدىن كەلگەن راست سۆزلەر، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان يېڭىلىقلارنى سۆزلەش ئارقىلىق كىشىلەرگە ئىلھام بېرىش، ئۇلارنى ئويلاندۇرۇش كېرەك. پارتىيەلىك كادىرلار گېپىنى ھەق دېگەندە، چۈشىنىشلىك دېگەندە ئاندىن پارتىيەنىڭ نەزەرىيەلىرى قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ، پارتىيەنىڭ سىياسەت تەدبىرلىرى ئەمەلىي تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەيلى ئۆگىنىش ئىستىلى بولسۇن، خىزمەت ئىستىلى بولسۇن ياكى يېزىقچىلىق ئىستىلى بولسۇن، تۈپ ئاساسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىدىكى مەسىلىدۇر. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، «ئۈچ ئىستىل» مەسىلىسى ئەمەلىيەتتە «ئۈچ قاراش» مەسىلىسىدۇر. خىزمەت ئىستىلىنى ئۆزگەرتىش، ئۆگىنىش ئىستىلىنى توغرىلاش، يېزىقچىلىق ئىستىلىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىزدىن مۇھىم ھالقىنى چىڭ تۇتۇپ، توغرا بولغان دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشنى، توغرا ھوقۇق قارىشى، كەسىپ قارىشى ۋە نەتىجە قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

---

«شىنخۇا تەرمىلىرى» ژۇرنىلى 2013 - يىللىق 11 - سانىدىن رۇقىيە غەنىزات تەرجىمىسى

مۇھەررىر: ئوسمانجان مۇھەممەت

# ئاممىۋى لۇشيەنىنىڭ ماھىيىتى ۋە مەزمۇنى توغرىسىدا

مەمەتزۇنۇن ئابدۇكېرىم

( قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى سىياسىي ـ قانۇن فاكۇلتېتى 844007 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** نۆۋەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەملىكەت بويىچە ناھىيەدىن يۇقىرى رەھبىرى
كادىرلار ئارىسىدا ئاممىۋى لۇشيەن تەربىيەسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرماقتا، بۇ ـ
نىڭ ئۈچۈن ئاممىۋى لۇشيەنىنىڭ ماھىيىتى بىلەن مەزمۇنىنى توغرا، چوڭقۇر ئىگىلەش لازىم. شۇنداق قىل ـ
غاندىلا پائالىيەتنى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇپ كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. بۇ ماقالىدا ئاممىۋى
لۇشيەنىنىڭ ماھىيىتى ۋە مەزمۇنى توغرىسىدا كۆزقاراشلار بايان قىلىنغان .

**摘要:** 当前中共中央在深入开展党的群众路线教育实践活动、必须全面的、正确、深入地把握党的群众路线的实质和内涵、这样才能顺利的开展活动、达到预期的目的。本文讨论了笔者对党的群众路线的实质和内涵的认识。

پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەكىللەر
قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مەركىزىي
كومىتېت سىياسىي بيۇروسى «خىزمەت ئىستىلـ ـ
نى ياخشىلاپ، ئاممىا بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاش
توغرىسىدا سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمە» چىقىرىپ
ئاممىۋى لۇشيەن تەربىيەسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈ ـ
زۈش پائالىيىتىنى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا كەڭ
دائىرىلىك قانات يايدۇرۇشقا باشلىدى. نۆۋەتتە تەر ـ
بىيە پائالىيىتى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلۇپ دەس ـ
لەپكى قەدەمدە ئاز بولمىغان ئەمەلىي ئۈنۈم قولغا
كەلتۈرۈلدى. پائالىيەتنى تېخىمۇ چوڭقۇر قانات ياي ـ
دۇرۇپ، كۆزلىگەن نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئالدى بىـ
لەن ئاممىۋى لۇشيەنىنىڭ ماھىيىتى ۋە مەزمۇنىنى
توغرا چوڭقۇر ئىگەللەش لازىم.

ئاممىنىڭ كۈچىگە ئىشىنىش لازىم. خەلق ئام ـ
مىسى تارىخنى ياراتقۇچىلاردۇر، بۇ ھەقىقەت. ئىنـ ـ
سانلارنىڭ پەيدا بولۇش جەريانى ئۇلارنىڭ ئوبيېكتىپ
دۇنيانى ئۆزگەرتىش، سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەر ـ
تىش، ئۆز ـ ئۆزىنى ئۆزگەرتىش، يېڭىلىق يارىتىش
جەريانىدۇر، بۇ جەريان مەلۇم بىر ئادەمنىڭ تۆھپىـ ـ
سى بولماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي توپنىڭ تۆھپىـ ـ
سىدۇر. ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى، ئىنسانلار جەمـ ـ
ئىيىتىدىكى ئورتاق ئىشلەپچىقىرىش، ئورتاق يېڭىـ ـ
لىق يارىتىش، ئورتاق ماددىي، مەنىۋى ئەمەلىيەتنىڭ
نەتىجىسى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى يارىتىـ ـ
شىدۇر. ئىنسانلارنىڭ تىلى، تەپەككۇرى، ئېڭى قا ـ
تارلىقلار ئۇلارنىڭ ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرۈشى جەر ـ
يانىدا، ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى،
پەن ـ تېخنىكىسى ئورتاق ئەمگەك قىلىش جەريانىدا
بارلىققا كەلگەن. ئىنسانلارنىڭ بارلىق نەرسىلىرى ـ
نىڭ ھەممىسى ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرۈش، ئورتاق
ئەمگەك قىلىش ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتى جەريانىدا
بارلىققا كەلگەن.

ئاممىنىڭ ئاڭلىقلىقىغا ئىشىنىش لازىم. ھازىر
بىر قىسىم ئۆزىنى ھەرتەرەپتىن پىشقان دەپ ھېـ ـ
سابلىغۇچىلار بىر تەرەپتىن ئۆزىنى يۇقىرىلار ئۈچۈن
سۆزلىگەندەك قىياپەتتە كۆرسىتىپ، خۇددى خەلقـ ـ
نىڭ نىجات يۇلتۇزىدەك كۆرۈنسە، يەنە بىر تەرەپتىن
خەلق ئاممىسىنىڭ ئاڭلىقلىقىغا سەل قارايدىغان،
ھەتتا ئۇنى ئىنكار قىلىدىغان، ئۆزىچە قەدىمدىن بۇ ـ
يانقى تارىخ بولسا قەھرىمانلارنىڭ تارىخى، خەلق
ئاممىسى پەقەتلا قارىغۇلارچە ئەگىشىپ ماڭىدىغان
شاھمات ئۇرۇقى دەپ قاراپ، مەسئۇلىيەتتىن قېـ ـ
چىپ، ئۆزىچە ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتۇپ، خەلق ئاممىـ ـ
سىنى ئۇلارغا چوقۇندۇرۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇپ
كەلدى. بىراق، بۇ خەلق ئاممىسىنىڭ قارىغۇلارچە
ئەگەشكۈچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپ بەرمەيدۇ.
ئىلگىرى مەدەنىيەت ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىـ ـ

گىدارلىقىدا بولغاچقا، زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى دې-
گۈدەك ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئەزالىرى ۋە ياكى
شۇلارنىڭ قولىدىكى قورالى ئىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ
قەلىمىنىڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى
ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بۇ مەسىلە بىزنىڭ ھازىرقى
تارىخىي كىتابلاردا ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى تەھلىل قى-
لىشىمىزدىكى مۇھىم مەسىلىنىڭ بىرى بولۇپ قال-
دى. بىزنىڭ ھېس قىلغىنىمىز ئەدەبىي ئەسەر ۋە
خەلق داستانلىرىدا ئېيتىلىۋاتقان ئۇلارنىڭ سىما-
سى، خەلق ئاممىسى ھەرگىزمۇ قارىغۇلارچە ئەگەش-
كۈچى ئەمەس. يەنە بەزى ئۇقۇمۇشلۇقلار ھەتتاكى
ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى خەلق ئاممىسىغا
ئىدىيەسى ئۆزگەرتىۋېتىلگەن، قارىغۇلارچە كومپار-
تىيەگە ئەگىشىپ ئۇرۇش قىلغان دەپ ھاقارەت قى-
لىپ، ئۆزىنى بەكلا ئۈستۈن تۇتۇپ، مىليونلىغان
خەلق ئاممىسىنى ئۆزلىرىچە بىر توپ ئەخمەقلەر دەپ
قارايدۇ. بۇ ئىنتايىن خاتا كۆز قاراش .

«ئاساسىي قانۇن» نىڭ ئومۇمىي پىروگرامما 2 ـ
تارمىقىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى بارلىق
ھوقۇق خەلققە مەنسۇپ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بىزگە
سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ خوجايىنى خەلق
ئاممىسى، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ھوقۇقى خەلق
ئاممىسىغا مەنسۇپ دىگەننى بايرىقى روشەن ھالدا
كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سايلاش سايلىنىش ھوقۇقى
خەلق ئاممىسىغا مەنسۇپ، قارار چىقىرىش ھوقۇقى،
قاتنىشىش ھوقۇقى، نازارەت قىلىش ھوقۇقى خەلق
ئاممىسىغا مەنسۇپ، دۆلەتنى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلار-
نى باشقۇرۇش ھوقۇقى خەلق ئاممىسىغا مەنسۇپ.

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتە، ئەڭ چوڭ مەز-
پەتنى خەلق ئاممىسىغا بېرىش لازىم. ئىقتىسادىي
قۇرۇلۇشنىڭ مەقسىتى خەلق ئاممىسىنىڭ ماددىي
جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، خەلق ئامما-
سىنىڭ قورسىقىنى توق، كىيىمىنى پۈتۈن قىلىش،
خەلق ئاممىسىنىڭ ئولتۇرىدىغان ئۆيى بولۇش، ئو-
قۇشى ئۈچۈن مەكتەپ بولۇش، ئاغرىپ قالسا داۋال-
نالايدىغان دوختۇرخانا بولۇش، خەلق ئاممىسىنىڭ
ماددىي تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز مول ۋە رەڭدارلىققا
ئىگە قىلىش، ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىشتا تېخىمۇ
چوڭ ئەۋزەللىككە، تېخىمۇ يۇقىرى بولغان ئەۋزەل-
لىككە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك
ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ مۇلازىمەت نىشانى جەمئى-
يەتتىكى بارلىق كىشىلەردۇر.

مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە، ئەڭ چوڭ بەھىر-
لىنىشنى خەلق ئاممىسىغا بېرىش لازىم. مەدەنىيەت،
مەنىۋى جەھەتتىكى قانائەتلىنىش، بەھىرلىنىش
بەختىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. ياخشى بولغان ئىجتىما-
ئىي تەرتىپنى بەرپا قىلىمىز دەيدىكەنمىز، كەڭ
خەلق ئاممىسىنى تولۇق بولغان تەۋەلىك تۇيغۇسى ۋە
بەختەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلدۇرۇپ، خەلق ئام-
مىسىنىڭ تەشۋىشىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تۈگى-
تىپ، بېسىمىنى يەڭگىللىتىپ، روھىي جەھەتتە
ئەركىن، ئازادە، خۇشال ـ خۇرام، تۇرمۇشتا ئەخلاق-
لىق، مەسئۇلىيەتچان بولغان ئىجتىمائىي مۇھىتنى
بەرپا قىلىش بىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئىج-
تىمائىي قۇرۇلۇش جەھەتتىكى نىشانىمىزدۇر. جەم-
ئىيەت ئەزالىرىغا ئۆز ئارا ھۆرمەتلىنىش تۇيغۇسىنى
ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى باراۋەر بولغان ياشاش، تە-
رەققىي قىلىش بوشلۇقىغا ئىگە قىلدۇرۇپ، ئۇلارغا
ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قىممىتىنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇشىغا سەھنە ھازىرلاپ بېرىشىمىز لازىم.
جەمئىيەت خەلق ئاممىسىنى ئىلمىي، ئاكتىپ، مول
بولغان مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلىشى،
خەلق ئاممىسى بۇنىڭدىن مەنىۋى جەھەتتە بەھىرلى-
نەلىشى كېرەك.

بىز نېمىگە تايىنىپ ھەممە ئاما ئۈچۈندىن ئىبا-
رەت بۇ نىشان ۋە مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرىمىز ۋە ئە-
مەلىيلەشتۈرەلەيمىز؟ ئەلۋەتتە يەنىلا خەلق ئامما-
سىغا تايىنىش لازىم. بىزنىڭ بارلىق خىزمەتلىرى-
مىزنىڭ ھەممىسىدە خەلق ئاممىسىغا تايانغاندىلا
ئاندىن ھەرتەرەپلىمە ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ،
ئۇنداق بولمايدىكەن ھەممىسى قۇرۇق گەپ بولۇپ
قالىدۇ. ئاممىغا تايىنىشتا ئالدى بىلەن ئاممىنى سە-
پەرۋەرلىككە كېلىشكە چاقىرىق قىلىش، خەلق ئام-
مىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ھەرقانداق
ئىشنى خەلقتىن يوشۇرماسلىق، خەلق ئاممىسىنىڭ
ئەھۋالنى تولۇق بىلىش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش،
خىزمەتتە خەلق ئاممىسىغا ئىشنىڭ باش ئايىغىنى
ئېنىق ئېيتىش، مانا بۇ ئاممىغا تايىنىشنىڭ ئالدى-

قى شەرتى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. ئاممىغا تايىنىشتا، ئامما بىلەن ئىناق - ئىتتىپاق بولۇپ، ئاممىنىڭ كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئىتتىپاقلىق كۈچ، ئاممىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئارقىلىق قولغا كەلگەن كۈچنىڭ قۇدرىتى پۈتمەس - تۈگىمەستۇر، پەقەت بۇ كۈچكە تايانغاندىلا ھەرگىزمۇ قىلغىلى بولمايدىغان ئىش بولمايدۇ. خەلق ئاممىسىغا تايىنىشتا، يەنە خەلق ئاممىسىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ۋە ئىجادچانلىقىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. بىزنىڭ بىلىشىمىزنىڭ كېلىش مەنبەسى بولسا خەلق ئاممىسىنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش جەريانىدۇر، شۇڭا بىز خەلق ئاممىسىنىڭ خىزمەتتىكى مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بېرىشىگە يول ئېچىپ، ۋاقتىدا تەجرىبە ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، كېيىنكى خىزمەتلەرگە تېخىمۇ ياخشى يېتەكچىلىك قىلىشىمىز لازىم.

ئاممىدىن ئېلىشنى ئېيتساق، بىزنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسىمىز خەلق ئاممىسىدىن كەلگەن. خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمەلىيەت پائالىيىتى بىزنىڭ تونۇشىمىزنىڭ مەنبەسى، شۇنداقلا بىزنىڭ نەزەرىيە بۇلىقىمىز بولۇپ، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانى خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئەمەلىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانى، ماددىي ۋە مەنىۋى يېڭىلىق يارىتىش جەريانى، ئۆزىنى يېڭىلاش جەريانىدۇر. بۇ جەريان بارلىق نەزەرىيەلەرنىڭ ئاساسى بولۇپ، تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خەلق ئاممىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش دوگماتىزملىق، سۇبيېكتىۋىزملىق خاتالىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئوخشاش بولمىغان دەۋرنى، ئوخشاش بولمىغان شارائىت ئاستىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى چۆرىدىگەن ھالدا تەجرىبە ساۋاقلارنى يەكۈنلىشىمىز، ئاممىنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتى جەريانىدىكى قانۇنىيەتلەرنى ئىجادچانلىق بىلەن بايقىشىمىز، نەزەرىيەمىزنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، ئۇسۇلىمىزنى موللاشتۇرۇشىمىز لازىم، مانا بۇ تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ جەريانى.

ئاممىغا قايتۇرۇشنى ئېيتساق، بىزدىن خەلق ئاممىسى ئارىسىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز ئامما ئارىسىدىن كەلگەن، بىز ئاممىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، تەقدىرىمىز ئامما بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان، بىزنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىشىمىزنىڭ ھەممىسى ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. خىزمەتتە خەلق ئاممىسىنىڭ رايىنى تولۇق چۈشىنىپ، خەلقنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىپ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بىزنىڭ خىزمىتىمىزنىڭ مەقسىتى، خەلق ئاممىسىنىڭ تەلەپ ئارزۇسىنى قاندۇرۇش خىزمىتىمىزنىڭ ئۆلچىمى. تۇرمۇشتا خەلق ئاممىسى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاپ، ئالاھىدە بولۇۋېلىشقا، خەلق ئاممىسىغا ئاۋارىگەرچىلىك تۇغدۇرۇپ بېرىشكە، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىشقا قەتئىي بولمايدۇ. ئالدى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، كەمتەرلىك بىلەن خەلق ئاممىسىدىن ئۆگىنىپ، كۆپرەك ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشىمىز لازىم. ھەرگىزمۇ ئۆزىمىزنى خەلق ئاممىسىدىن ئۈستۈن قويۇۋېلىشقا بولمايدۇ.

ئومۇمەن، بىزنىڭ ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، يېڭى جۇڭگونى قۇرالىشىمىزدىكى ئاساسلىق سەۋەب، خەلق ئاممىسى بىلەن «قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەت»تە بولغانلىقىمىزدا. بىز ئەگەردە خەلق ئاممىسىدىن ئايرىلىپ، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ياخشى مۇناسىۋەتنى يوقىتىپ قويساق، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە قوللىشىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، بارلىق خىزمەتلىرىمىز ھەر بىر قەدەمدە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ. ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاشتا، بىرىنچىدىن ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىنى ياخشى قۇرۇپ چىقىش لازىم. ئىككىنچىدىن، خەلق ئاممىسى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشتىكى تۈرلۈك يوللارنى ياخشى ئېچىش لازىم. سىياسەت، پەرمانلارنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈشى، خەلق رايىنىڭ يۇقىرىغا يەتكۈزۈلۈشى ئۈچۈن توسالغۇسىز بولغان راۋان يول ئېچىش كېرەك، خەلق ئاممىسىنىڭ تەنقىد، تەكلىپ پىكىرلىرى راۋان يوللار ئارقىلىق دەل ۋاقتىدا، توغرا ھالدا ھەرقايسى قارار چىقىرىش ئورگانلىرىغا يەتكۈزۈلۈشى كېرەك.

مۇھەررىر: مەرۇپجان مەتمىن

# قورامىغا يەتمىگەنلەرگە قارىتىلغان تەربىيەنى كۈچەيتىش ۋە ئۇلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا

ئايگۈل ئابدۇراخمان

( ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى 830002 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە قورامىغا يەتمىگەنلەرگە قارىتىلغان تەربىيەنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بېرىش؛ ئەجدادلارنىڭ ئەۋلادلارنى ساپالىق، ياخشى تەربىيەلەشتەك ئۇلۇغۋار ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ۋەتەنگە، مىللەتكە ۋە ئەجدادلارغا يۈز كېلەلەيدىغان كەلگۈسىنىڭ يارامىلىق ئىگىلىرىنى تەربىيەلەش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەكلىكى بايان قىلىنغان.

**摘要**: 本文讨论了要加强对未成年人的教育，传承祖先对后代的教育精神，防止他们犯罪，给他们提供健康成长的机会，使他们成为社会发展所需的栋梁之材。

قورامىغا يەتمىگەنلەر دېگەنلىك قانۇن بەلگىلىگەن ياشقا ئاساسەن بەلگىلىگەن، ھەرىكەت ئىقتىدارى چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان ياكى ھەرىكەت ئىقتىدارى بولمىغان كىشىلەرنى، قورامىغا يەتمىگەنلەر ئون سەككىز ياشقا توشمىغانلارنى كۆرسىتىدۇ. نۆۋەتتە دۆلىتىمىزدە ئۈچ يۈز مىليوندىن ئارتۇق قورامىغا يەتمىگەنلەر بار. بۇ بىزدىن قورامىغا يەتمىگەنلەرگە قارىتىلغان تەربىيەنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تېخىمۇ ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

### 1. جىنايەت دېگەن نېمە؟

دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، زېمىن پۈتۈنلىكىگە ۋە خەۋپسىزلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان؛ دۆلەتنى پارچىلايدىغان؛ خەلق دېموكراتىيەسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى ھاكىمىيەتنى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئاغدۇرىدىغان؛ جەمئىيەت تەرتىپى ۋە ئىقتىسادىي تەرتىپنى بۇزىدىغان؛ دۆلەت مال ـ مۈلكىگە ياكى ئەمگەكچى ئاممىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى مال ـ مۈلكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان؛ پۇقرالارنىڭ خۇسۇسىي مال ـ مۈلكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان؛ پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى، دېموكراتىيە ھوقۇقى ۋە باشقا ھوقۇقلىرىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان بارلىق قىلمىشلار، شۇنىڭدەك جەمئىيەت خەۋپ يەتكۈزىدىغان باشقا قىلمىشلاردىن قانۇن بويىچە جىنايى جازا بېرىشكە بولغانلىرىنىڭ ھەممىسى جىنايەت بولىدۇ. جىنايى جازا دېگىنىمىز — خەلق سوت مەھكىمىسى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» غا ئاساسەن جىنايەتچىگە مەجبۇرىي بەرگەن جازا. بۇنىڭدىكى مەقسەت جىنايەتنى يوقىتىش ۋە جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت. ئۇ جىنايەتچىنى مال ـ مۈلكىدىن، سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى ھەتتا ھاياتىنى چەكلەيدۇ ياكى مەھرۇم قىلىدۇ.

### 2. قانۇنغا خىلاپ قىلمىش

قانۇندا بەلگىلەنگەن جاۋابكارلىق يېشىغا توشقان، مەسئۇلىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەر ئۆتكۈزگەن قانۇنغا خىلاپ، جەمئىيەتكە خەۋپى ياكى زىيىنى بولغان قىلمىشلار قانۇنغا خىلاپ قىلمىش دەپ ئاتىلىدۇ. قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى خاراكتېرىگە قاراپ جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپ قىلمىش، ھەق ـ تەلەپ قانۇنىغا خىلاپ قىلمىش ۋە مەمۇرىي قانۇنغا

قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى

خىلاپ قىلمىش دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، باشقىلارنى توپلاپ بىرلىشىپ ئىش چىقىرىپ ئامانلىقنى بۇزۇش؛ تىزگىنلەنمىدىغان تىغلارنى ئېلىپ يۈرۈش، تەربىيە بەرسىمۇ ئۆزگەرمەسلىك؛ كۆپ قېتىم يول توسۇپ باشقىلارنى ئۇرۇش ياكى باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى زورلۇق بىلەن ئېلىۋېلىش؛ شەھۋانىي ئوقۇشلۇقلار ياكى ئۈن - سىن بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى تارقىتىش؛ بۇزۇقچىلىق قىلىش ياكى ئىشقىۋازلىق، ئېپپەت - نومۇسنى سېتىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىش؛ كۆپ قېتىم ئوغرىلىق قىلىش؛ قىمارغا قاتنىشىپ، تەربىيە بەرسىمۇ تۈزەتمەسلىك؛ زەھەر چېكىش، زەھەرنى ئوكۇل قىلىش؛ جەمئىيەتكە خەۋپ يەتكۈزىدىغان باشقا قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 3. ناچار قىلمىش

ئوخشىمىغان مىللەت ۋە ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرنىڭ ناچار قىلمىشنىڭ ئىپادىسىگە قارىتا تونۇشى ئوخشاش بولمايدۇ. قانۇن ناچار قىلمىش دەپ تىلغا ئالمىغان قىلمىشلار ئىچىدىمۇ ناچار قىلمىشلار بولۇشى مۇمكىن. دەرس تاشلاش، سىرتتا قونۇپ قېلىش؛ تىزگىنلەنمىدىغان تىغلارنى ئېلىپ يۈرۈش؛ ئۇرۇش - جېدەل قىلىش ۋە باشقىلارنى تىللاش؛ باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى زورلاپ ئېلىۋېلىش؛ ئوغرىلىق قىلىش، مال - مۈلۈكلەرنى قەستەن بۇزۇۋېتىش؛ قىمار ياكى شەكلى ئۆزگەرگەن قىمارغا قاتنىشىش؛ سېرىق، شەھۋانىي ئۈن - سىن بۇيۇملىرى ئوقۇشلۇقلىرىنى كۆرۈش ۋە ئاڭلاش؛ قانۇن ۋە قانۇن - بەلگىلىمىلەردە قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ كۆرۈشىگە ماس كەلمەيدۇ دېيىلگەن تىجارەت خاراكتېرلىك تانسىخانا قاتارلىقلارغا كىرىش؛ ئىجتىمائىي ئەخلاققا ئېغىر خىلاپلىق قىلغان باشقا قىلمىشلاردىن ئىبارەت.

### 4. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش

قۇرامىغا يەتمىگەنلەر ۋەتىنىمىزنىڭ كېلەچىكى، مىللەتنىڭ ئۈمىدى. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە دەۋرنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى ئۈزلۈكسىز ئۆسمەكتە. ۋەتەننى سۆيۈش، قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، تىرىشىپ ئۆگىنىش، يېڭىلىق يارىتىش ۋە داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى تەربىيەلەش، قوغداش ۋە ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە. بۇ پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش - ھەر ساھەنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى. دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىشتىكى ئىستراتېگىيەلىك قۇرۇلۇش، شۇنداقلا مىليونلىغان ئائىلىلەرنىڭ ئۈمىدى.

قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - پۈتۈن جەمئىيەتنى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋە ئاسراشقا سەپەرۋەر قىلىپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ لاياقەتلىك ئىزباسارلىرىدىن بولۇشىغا تېخىمۇ ياخشى شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ قانۇن - تۈزۈم كۆزقارىشىنى ۋە قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ھەرىكەت ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش، دۆلەتنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى تەربىيەلەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى.

قۇرامىغا يەتمىگەنلەر تېخى قۇرامىغا يەتمىگەچكە، ئۇلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش كۆزقارىشى، دۇنيا قارىشى ۋە قىممەت قارىشى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىدىغان مۇھىم باسقۇچ بولغاچقا، بۇ مەزگىلدە قوبۇل قىلغان تەربىيە ۋە ئۆزىدىكى ھەرىكەت ئادىتىنىڭ يېتىلىشى ئۇلارنىڭ قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىنكى ئىشلىرىغا ناھايىتى زور تەسىر

كۆرسىتىدۇ. تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قانۇن - تۈزۈم قارىشى ۋە ھەق - ناھەق قارىشىنىڭ كەمچىل بولۇشى — قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىش سادىر قىلىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىچكى سەۋەبى.

**5. قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىگە يامان تەسىر كۆرسىتىۋاتقان سەلبىي ئامىللار**

قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، جىنايەت ئۆتكۈزۈشىگە يامان تەسىر كۆرسىتىۋاتقان سەلبىي ئامىللار ھەر خىل بولۇپ، بۇنىڭدا ئائىلە مۇھىتىنىڭ ياخشى بولماسلىقى ۋە مۇۋاپىق بولماسلىقى قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان بىۋاسىتە سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئائىلىدە ئىجابىي تەربىيە ياخشى بولماسلىق، مەكتەپتە ئوقۇتماسلىق، ئوقۇش نەتىجىسى بىلەن كارى بولماسلىق، ئائىلىدە ئۇرۇش - جېدەل بېسىقماسلىق، بالىلارنى ھە دېسىلا ئۇرۇش، تىللاش، ھاقارەتلەش، قارا يېتىم قىلىش، ئۆگەيلەش، تاشلىۋېتىش، سېتىۋېتىش، ئوغرىلىققا سېلىش، تىلەمچىلىككە سېلىش، باشقىلارنىڭ بالىسىنى بېقىشقا، ئۆي خىزمىتىنى قىلىشقا بېرىۋېتىش، ئەركىنلىكىنى چەكلەش، سولاپ قويۇش، توي قىلىش يېشىغا توشمىغان قىز - يىگىتلەرنى مەجبۇرىي نىكاھلاندۇرۇش، زەھەر ئېلىپ - سېتىش ۋە يۆتكەشكە سېلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە توسالغۇ بولۇۋاتقان بىر قىسىم پايدىسىز ئامىللارمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن، بەزى كەسىپلەر، سورۇنلار قانۇنغا خىلاپ تىجارەت قىلىپ، زوراۋانلىق، شەھۋانىيلىقنى تەرغىپ قىلىدىغان سېرىق مەزمۇندىكى قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىنى تارقىتىپ، قورامىغا يەتمىگەنلەرنى ئىدىيە ۋە روھىي جەھەتتىن زەھەرلەپ، ئۇلارنى تۇيۇق يولغا باشلاۋاتىدۇ. قورامىغا يەتمىگەنلەر جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن تېخى تولۇق پىشىپ - يېتىلمىگەچكە، بىر قىسىم جىنايەتچى ئۇنسۇرلار دائىم ئۇلارنى جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئوبيېكتى قىلىپ تاللاۋاتىدۇ. جىنايەتچىلەر شايكىلىرى ھەتتا قورامىغا يەتمىگەنلەرنى دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان جىنايەتلەرنى سادىر قىلىشقا كۈشكۈرتىۋاتىدۇ. يۇقىرىقىدەك سەلبىي ئامىللارنىڭ يامان تەسىرى بىلەن قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ نىسبىتى كۈندىن كۈنگە ئۆرلەۋاتىدۇ.

**6. ئۈچ تەرەپ تەربىيەسىنى كۈچەيتىش**

ئائىلە تەربىيەسى. ئاتا - ئانا تەربىيەسى قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشى جەھەتتە ئەڭ مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئاتا - ئانا بالىغا نىسبەتەن ئوقۇتقۇچىلىق رولىنى ئوينايدۇ. پەرزەنتلەر تۇغۇلۇش بىلەن تەڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ تەربىيەسىدە ئۆسۈپ - يېتىلىدۇ، ئاتا - ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەت دېڭىزدىنمۇ چوڭقۇر بولىدۇ. ئاتا - ئانىلار بارلىقىنى پەرزەنتلىرىگە بېغىشلايدۇ، پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىللىق باغرىدا مېھرىگە قېنىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەر بىر سۆز - ھەرىكىتىگە قاراپ، ئۇنى دوراپ چوڭ بولىدۇ. پەرزەنتلەر ئۆسۈۋاتقان ياش نوتا، ئاتا - ئانىلار باغۋەن. نوتا پەرۋىشكە باغلىق، پەرۋىش قانداق بولسا نوتىمۇ شۇنداق ئۆسىدۇ. ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى كىچىكىدىن تارتىپ ئەدەپ - ئەخلاق، قائىدە - يوسۇن، ئۆرپ ئادەت، ئادىمىيلىك، ئالىيجاناپ پەزىلەت، ئەقىدە، ئېتىقاد، ئىستىقبال، ئىلىم - پەن، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئەجدادلار تەربىيەسى قاتارلىق جەھەتلەردە ياخشى تەربىيەلەشكە كۆڭۈل بۆلۈپ، كەلگۈسىدە ياراملىق ئادەم بولۇشنىڭ ئاساسىنى ياخشى قۇرۇشى كېرەك. ئائىلە پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيە ئالىدىغان بىرىنچى دەرسخانىسى، بىرىنچى ئوقۇتقۇچىسى، شۇڭا ئائىلە تەربىيەسىنى ھەرگىز بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. قورامىغا يەتمىگەنلەرگە قارىتا غايە تەربىيەسى، ئەخلاق تەربىيەسى، قانۇن - تۈزۈم تەربىيەسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى، كوللېكتىۋىزىملىق تەربىيەسى، سوتسىيالىزم تەربىيەسى ۋە جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيەسى ئېلىپ بې-

رىش كېرەك. قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى بىلەن تەربىيەلىنىش ھوقۇقىنى قوغداش تەربىيەسىنى كۈچەيتىش كېرەك. قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ناچار قىلمىشلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئاتا - ئانىلار كۈندىلىك تۇرمۇشتا قورامىغا يەتمىگەنلەرگە قارىتا ھەق بىلەن ناھەق، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق قاتارلىق تەربىيەنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەرنى تونۇش ۋە پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى لازىم. قورامىغا يەتمىگەنلەر دەرس تاشلىسا، ئاتا - ئانىلار مەكتەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنى ۋاقتىدا مەكتەپكە ئاپىرىپ قويۇشى لازىم. قورامىغا يەتمىگەنلەر ئۆيدىن چىقىپ كەتسە، ئاتا-ئانىلار ئىزدەپ تېپىشى، تاپالمىسا ج خ ئورۇنلىرىدىن ياردەم سورىشى لازىم. ئاجرىشىپ كەتكەن ئاتا-ئانىلار قورامىغا يەتمىگەنلەرنى بېقىپ تەربىيەلەش مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشى كېرەك. ئۆگەي ئاتا - ئانىلارمۇ قورامىغا يەتمىگەنلەرنى بېقىپ تەربىيەلەش مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشى كېرەك. ئاتا - ئانىلار ياكى باشقا ۋەسىيلىك قىلغۇچىلار قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ناچار قىلمىشلىرىنى ھەرگىزمۇ ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتمەي ۋاقتىدا چەكلىشى كېرەك. قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق غورۇرى بولىدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانىلار قورامىغا يەتمىگەنلەرنى تەربىيەلەش ۋە باشقۇرۇشتا ئۇلارنىڭ غورۇرىغا ھۆرمەت قىلىشى، قوپاللىق قىلىماسلىقى، ئۇرماسلىقى ۋە ھاقارەتلىمەسلىكى لازىم.

مەكتەپ تەربىيەسى. مەكتەپ قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسىتىدىغان ئورۇن. مەجبۇرىيەت مائارىپ تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى مەكتەپلەرنىڭ قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىگە قاتنىشىشىغا ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەردى. مەكتەپلەر ھەر قايسى پەنلەر بويىچە ئوقۇتۇش، تەربىيەلەش ۋە ھەرىكەت جەھەتتە يېتەكلەش ھەم تۇرمۇشىنى باشقۇرۇش ئارقىلىق قورامىغا يەتمىگەنلەرنى مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن بىلىملىرى، يۇقىرىلارنىڭ مەسئۇلىيەت ئېڭى، ئىجتىمائىي قابىلىيەت، ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ئېڭىنى ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ جىنايەتلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك. مەكتەپلەر قورامىغا يەتمىگەنلەرنى تەربىيەلەشتە ئۇلارنىڭ تەربىيەلىنىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. تەربىيەلىنىش ھوقۇقى — قانۇن تەرىپىدىن قورامىغا يەتمىگەنلەرگە بېرىلگەن ئاساسىي ھوقۇق، بولۇپمۇ مەجبۇرىيەت باسقۇچىدا تەربىيەلىنىش ھوقۇقىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم. بىرىنچىدىن، ئىدىيەۋى تەربىيەنى كۈچەيتىش كېرەك. مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيەۋى تەربىيەسى ئىلىم - پەن تەربىيەسى بىلەن ھۆكۈمەت تەربىيەسىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئەمەلگە ئېشىدۇ. قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش بىلەن ئۇلاردا ياخشى ئۆگىنىش ئىستىلى، مۇستەھكەم ئىرادە ۋە ساغلام ئەخلاق يېتىلدۈرۈش لازىم؛ ئىككىنچىدىن، مەكتەپ ئىنتىزامىنى چىڭىتىش كېرەك. ئىنتىزام مەكتەپنىڭ قائىدىسى ۋە مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش تەرتىپىنىڭ كاپالىتى. مەكتەپ ئىنتىزامىنى چىڭىتىش دېگىنىمىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتىگە چەك قويۇش، مۇۋاپىق مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى يېتەكلەش ۋە باشقۇرۇش دېگەنلىك بولىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئېتىراپ مۇھىتىنى ياخشىلاش لازىم. مەكتەپ ئەتراپىدىكى ئىجتىمائىي مۇھىت سۈپىتىنىڭ قانداق بولۇشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. تەسىرى ئەڭ چوڭ ئىجتىمائىي مۇھىت ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بىرى، ئامانلىق مۇھىتى ، يەنە بىرى، مەدەنىيەت مۇھىتى. مەكتەپلەر مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىي تارماقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ياخشى بولغان مەكتەپ ئەتراپى مۇھىتىنى يارىتىپ بېرىشكە تىرىشىشى كېرەك. مەكتەپلەر مەكتەپ سىرتىدىكى تەربىيەگە يېتەكچىلىك قىلىش لازىم. مەكتەپ سىرتى-

دىكى تەربىيە ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
بىرى، ئۆسمۈرلەر سارىيى، ئۆسمۈرلەر پائالىيەت
مەركىزى، مەدەنىيەت يۇرتى، مۇزېي، خاتىرە سارىيى
ۋە پەن ـ تېخنىكا سارىيى قاتارلىق ئورۇنلاردىن پاي-
دىلىنىپ، تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئارقى-
لىق تەربىيەلەش؛ يەنە بىرى، ئائىلە باشلىقلىرى يې-
غىنى ۋە ئائىلە زىيارىتى ئارقىلىق تەربىيەلەشنى
چىڭ تۇتۇش لازىم؛ ئۈچىنچى، مەكتەپلەر ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش
تەربىيەسىنى كۈچەيتىش كېرەك. بۇنىڭدا ئاساسەن
ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى
ئېلىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى ئوقۇتۇش
پىلانىغا كىرگۈزۈش، دەرس سائىتى، ئوقۇتۇش ماتې-
رىياللىرى ۋە ئوقۇتقۇچى كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش
كېرەك. مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى تەكلىپ قىلىش،
مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ۋە قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى ئو-
قۇتقۇچىلار، ئەدلىيە خىزمەتچىلىرى ۋە قانۇن خىز-
مەتچىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ قانۇن تەربىيەسىنى
كۈچەيتىش كېرەك. دەرس تاشلاش ۋە ئۆيگە قايتماس-
لىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشىدىن ياكى
ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھامىيلىقىدىن ئايرىلىپ قىلىشى-
نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ناچار قىلمىش ھېساب-
لىنىدۇ. مۇنداق ناچار قىلمىشلار ئوقۇغۇچىلارنى
يېتىم ـ ياردەمسىز قالدۇرۇپ، قانۇنغا خىلاپ جىنا-
يەت ئۆتكۈزىدىغانلاردىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىتى-
شىمۇ، جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆگىتىش، ئازدۇرۇشى ۋە
مەجبۇرلىشى بىلەن قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىش-
نىڭ قاتناشقۇچىسى قىلىپ قويۇشىمۇ، ھەتتا جىنا-
يى قىلمىشنىڭ تەشكىللىگۈچىسى قىلىپ قويۇشى-
مۇ مۇمكىن. شۇڭا، مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلار دەرس
تاشلىسا ئاتا ـ ئانىسى ياكى باشقا ۋەسىيلەرگە خە-
ۋەر قىلىشى، ياتاقلىق مەكتەپكە كېچىسى قايتىپ
كەلمىسە، ئوقۇتقۇچىلار دەرھال ئىزدىشى ياكى ج خ
ئورۇنلىرىنىڭ ياردەم بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىشى
لازىم. مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ناچار شايكا تەش-
كىللىگەنلىكى ياكى ئۇنىڭغا قاتناشقانلىقىنى سەز-
گەن ھامان دەرھال چەكلەش كېرەك. ناچار شايكىغا
قاتناشقانلارنىڭ بەزىلىرى ئالدانغانلار، بەزىلىرى
مەجبۇرلانغانلار ۋە يەنە بەزىلىرى ئۆزى قاتناشقانلار
بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش
كېرەك. مەكتەپلەر ناچار قىلمىشى بار ئوقۇغۇ-
چىلارغا قارىتىلغان تەربىيە ـ باشقۇرۇشنى كۈچەي-
تىش، ئۇلارنى كەمسىتىش ۋە چەتكە قېقىشتىن
ساقلىنىش لازىم. ئوقۇغۇچىلارغا باراۋەر ۋە توغرا
باھا بېرىش، ياخشى كوللېكتىپ مۇھىت يارىتىپ
بېرىش، ئائىلە باشلىقلىرى بىلەن ئۆزئارا ماسلى-
شىشنى كۈچەيتىش كېرەك.

جەمئىيەت تەربىيەسى. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ
جىنايەت ئۆتكۈزۈشى — جەمئىيەت ئامانلىقى مەسى-
لىسىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، شۇنداقلا جەمئىيەت-
تىكى ھەر خىل زىددىيەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئىنكاسى-
دۇر. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى-
نىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا ھەر خىل سەۋەبلەر
بار. مەسىلەن، مەمۇرىي جەھەتتىكى، قانۇن جەھەت-
تىكى، مەدەنىيەت، تەلىم-تەربىيە جەھەتتىكى، ئىج-
تىمائىي مۇھىت جەھەتتىكى ھەم قۇرامىغا يەتمى-
گەنلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ساپاسى جەھەتتىكى سەۋەبلەر
بار. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى-
نىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، بىر تەرەپتىكى سەۋەبكىلا
ئەھمىيەت بېرىپ، يەنە بىر تەرەپتىكى سەۋەبكە سەل
قارالسا، ئۇلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى
ئېلىش ۋە ئۇنى ئازايتىش ئىنتايىن تەسكە توختايدۇ.
قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ
ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنىڭ چېتىلىشلىق دائىرى-
سى كەڭ بولۇپ، بىر تۇتاش پىلانلاشقا، ماسلاشتۇ-
رۇشقا ۋە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى مۇۋاپىق
تەشكىللەشكە توغرا كېلىدۇ. ھۆكۈمەت دۆلەتنىڭ
مەمۇرىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى بولۇپ، قانۇن ۋە قانۇن
بەلگىلىمىلەرنىڭ ئۆز مەمۇرىي رايونىدا يولغا قويۇ-
لۇشىغا مەسئۇل بولىدۇ. شۇڭا، قانۇندا قۇرامىغا
يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى
ئېلىش خىزمىتىنى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەت-
لىرىنىڭ تەشكىللەيدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك
قىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. شۇ جۈملىدىن ھەر دە-

رىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ھۆكۈمەت رەھبەر ـ
لىكىدىكى مائارىپ ئورۇنلىرى، مەدەنىيەت ئورۇنلى ـ
رى، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئورۇنلىرى، ئاخبارات ـ
نەشرىيات ئورۇنلىرى، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي
باشقۇرۇش ئورۇنلىرى، ئەدلىيە مەمۇرىي تارماقلى ـ
رى، خەلق ئىشلىرى ئورۇنلىرى، جامائەت خەۋپسىز ـ
لىكى ئورۇنلىرى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى،
پىيونېرلار تەشكىلاتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، مەھەل ـ
لە ئاھالىلەر كومىتېتلىرى، خەلق سوت مەھكىمە ـ
لىرى، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى، كېيىنكى
ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمەت كومىتېتلىرى،
ياش ـ ئۆسمۈرلەر پائالىيەت بازىسى، ئۆسمۈرلەر
سارىيى، ئون ئالتە ياشقا توشقان، ئون سەككىز ياش ـ
قا توشمىغانلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەربىيەلەش
ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ قورامىغا يەتمىگەنلەر ـ
نىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا باش
تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار.

7. قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ
مەنپەئىتىنى قوغداش

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇ ـ
نىدا: دۆلەت ياشلارنى، ئۆسمۈرلەرنى ۋە بالىلارنى
تەربىيەلەپ، ئەخلاقى، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەت ـ
تىن ئەتراپلىق يېتىلدۈرىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار
قانۇنىدا: ئون ئالتە ياشقا توشقانلار جىنايەت ئۆت ـ
كۈزسە، جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ، ئون تۆت
ياشقا توشۇپ ئون ئالتە ياشقا توشمىغانلار قەستەن
قاتىللىق قىلسا، قەستەن يارىلاندۇرۇپ ئېغىر زە ـ
خىملەندۈرۈش ياكى ئۆلتۈرۈپ قويۇش، باسقۇنچىلىق
قىلىش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، زەھەر ئېلىپ ـ سې ـ
تىش، ئوت قويۇش، پارتلىتىش ۋە زەھەر سېلىشتىن
ئىبارەت سەككىز خىل جىنايەتنى سادىر قىلسا،
جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقى، ئون ئالتە
ياشقا توشمىسا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەربىيەسىگە بېرى ـ
لىدىغانلىقى، ئون ئالتە ياشقا توشقان ئون سەككىز
ياشقا توشمىغان گاس ـ گاچا ۋە ئەمالار جىنايەت
ئۆتكۈزسە يېنىك، يېنىكلىتىپ جازا بېرىدىغانلىقى
ياكى جازا كەچۈرۈم قىلىنىدىغانلىقى، جىنايەت ئۆت ـ
كۈزگەندە ئون سەككىز ياشقا توشمىغانلارغا ئۆلۈم
جازاسى بېرىلمەيدىغانلىقى، ئون تۆت ياشقا توشمىغان
ناراسىدە قىزلارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا تەگكەن ـ
لەرگە باسقۇنچىلىق قىلغانلار قاتارىدا ئېغىر جازا
بېرىلىدىغانلىقى، ئاياللار ۋە بالىلارنى ئالداپ سېتى ـ
ۋەتكەنلەر، سېتىۋالغانلار، بوۋاق ۋە گۆدەك بالىلارنى
سېتىش مەقسىتىدە تۇتۇپ كەلگەنلەر، ئوغرىلى ـ
غانلار، بالىلارنى چېگرا سىرتىغا سىتىۋەتكەنلەر،
سېتىۋالغانلار، بالىلارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى
چەكلىگەن، زەخىملەندۈرگەن، ھاقارەتلىگەن ۋە دۆ ـ
لەت ئورگانلىرىنىڭ سېتىۋېتىلگەن بالىلارنى قۇ ـ
تۇلدۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلغانلارغا ئېغىر جازا بې ـ
رىلىدىغانلىقى، ئون تۆت ياشقا توشمىغان ناراسىدە
قىزلارنى ئىپپەت ـ نومۇسنى سېتىشقا مەجبۇرلى ـ
غانلار، قورامىغا يەتمىگەنلەرنى زەھەر چېكىش، زە ـ
ھەر ئىستېمال قىلىش ۋە ئوكۇل سېلىشقا قىزىق ـ
تۇرغان، كۈشكۈرتكەن، ئازدۇرغان ۋە زورلىغانلار،
ئون سەككىز ياشقا توشمىغان قورامىغا يەتمىگەن ـ
لەرگە شەھۋانى بۇيۇمنى تارقاتقان جىنايەتچىلەرنىڭ
قاتتىق جازالىنىدىغانلىقى، قورامىغا يەتمىگەن جىنا ـ
يەتچىلەرنىڭ جازاسىنىڭ قورامىغا يەتمىگەن جىنا ـ
يەتچىلەرنى باشقۇرۇش ـ تەربىيەلەش ئورنىدا ئىجرا
قىلىنىدىغانلىقى ۋە قورامىغا يەتمىگەن جىنايەتچى ـ
لەردىن يېشى ئون سەككىزگە توشقاندا قېپقالغان
جازا مۇددىتى ئىككى يىلدىن ئاشمىسا جازا مۇددىتى ـ
نىڭ قورامىغا يەتمىگەن جىنايەتچىلەرنىڭ باشقۇ ـ
رۇش ـ تەربىيەلەش ئورنىدا ئىجرا قىلىنىدىغانلىقى
بەلگىلەنگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار
دەۋا قانۇنىدا: يېشى ئون سەككىزگە توشمىغان قورا ـ
مىغا يەتمىگەنلەردىن جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى
سوراق قىلىش ۋە سوت قىلىشتا ئۇلارنىڭ قانۇن
ۋاكالەتچىسىنىڭ ھازىر بولۇشىنى ئۇقتۇرۇشىنىڭ
لازىملىقى، ئون سەككىز ياشقا توشمىغان گۇۋاھچى ـ
دىن گەپ سوراشتا ئۇنىڭ قانۇنىي ۋاكالەتچىسىنىڭ
تۆپىدە تۇرۇشىنىڭ لازىملىقى ئۇقتۇرۇلىدىغانلىقى،

يېشى ئون ئالتىگە توشمىغان قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايەت دېلولىرىنىڭ بىرەر ئوچۇق سوت قىلىنمايدىغانلىقى، يېشى ئون ئالتىدىن ئاشقان ئون سەككىزگە توشمىغان قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايەت دېلولىرىنىڭمۇ ئادەتتە ئوچۇق سوت قىلىنمايدىغانلىقى، قورامىغا يەتمىگەن جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنىڭ قورامىغا يەتمىگەن جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش - تەربىيەلەش ئورنىدا ئىجرا قىلىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق - تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىدە: ئون ئالتە ياشتىن ئاشقان، ئون سەككىز ياشتىن تۆۋەن پۇقرالاردىن ئۆزىنىڭ ئەمگەك كىرىمىنى ئاساس قىلىپ، تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىرى تولۇق ھەق - تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلار دەپ قارىلىدىغانلىقى؛ ئون ياشنىڭ ئۈستىدىكى قورامىغا يەتمىگەنلەر ھەق - تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارى چەكلەنگەنلەر دەپ قارىلىدىغانلىقى؛ ئون ياشنىڭ ئاستىدىكى قورامىغا يەتمىگەنلەر ھەق - تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارى يوقلار دەپ قارىلىدىغانلىقى؛ ھەرىكەت ئىقتىدارى چەكلەنگەنلەر بىلەن ھەرىكەت ئىقتىدارى يوقلارنىڭ ھەق - تەلەپ پائالىيەتلىرىنى ئۇلارنىڭ قانۇنىي ۋاكالەتچىلىرىنىڭ ۋاكالەتەن ئېلىپ بارىدىغانلىقى؛ ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كەتسە ياكى ۋەسىيلىك ئىقتىدارىدىن قالغان بولسا، ۋەسىيلىك ئىقتىدارىغا ئىگە بوۋىلىرى، مومىلىرى، ئاكا - ئاچىلىرى، ۋەسىيلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالايدىغان يېقىن تۇغقانلىرى، قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئاتا - ئانىسى ئىشلەيدىغان ئورۇن ياكى ئۇلار ئولتۇرۇشلۇق جايدىكى شەھەر ئاھالە كومىتېتلىرى، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ ۋەسىيلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى؛ ۋەسىيلەرنىڭ ۋەسىيلىك قىلىنغۇچىنىڭ تەن سالامەتلىكىنى ئاسرايدىغانلىقى؛ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالىدىغانلىقى؛ مال - مۈلكىنى باشقۇرىدىغان ۋە قوغدايدىغانلىقى؛ ۋەسىيلىك قىلىنغۇچىنىڭ ۋاكالەتەن ھەق - تەلەپ پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغانلىقى؛ ۋەسىيلىك قىلىنغۇچىنى ياخشى باشقۇرىدىغان ۋە تەربىيەلەيدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتى زىيانغا ئۇچرىغاندا ياكى ۋەسىيلىك قىلىنغۇچى بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىش يۈز بەرگەندە، ئۇنىڭغا ۋاكالەتەن دەۋا قىلىدىغانلىقى؛ ۋەسىيلىك قىلىنغۇچى باشقىلارنى زىيانغا ئۇچراتقاندا ۋەسىيلەرنىڭ ھەق - تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنىدا: ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى بېقىپ تەربىيەلەش مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقى؛ ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنى بېقىپ تەربىيەلەش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغاندا، قورامىغا يەتمىگەن ياكى مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىغان پەرزەنتلىرىنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن بىقىپ تەربىيلەش ھەققى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكى؛ بوۋاقنى تۇنجۇقتۇرۇۋېتىش، تاشلىۋېتىش ۋە ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان باشقا قىلمىشلارنىڭ مەنئى قىلىنىدىغانلىقى؛ پەرزەنتلەر ئاتىسىنىڭ ياكى ئانىسىنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكى؛ قورامىغا يەتمىگەنلەر دۆلەت، كوللېكتىپ ياكى باشقىلارغا زىيان يەتكۈزسە ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەق - تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىش مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقى؛ پەرزەنتلەرنىڭ مىراسىغا ئۆز ئارا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ بارلىقى؛ نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىنىڭ نىكاھلىق تۇغۇلغان بالىغا ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكى؛ ھەر قانداق كىشىنىڭ ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزۈشكە ۋە كەمسىتىشكە يول قويۇلمايدىغانلىقى؛ نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىنى بىۋاسىتە باقمايدىغان ئۆز ئاتىسى ياكى ئۆز ئانىسى شۇ بالىنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ۋە تەربىيە خىراجىتىنى تاكى شۇ بالا مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغان بولغانغا قەدەر ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى؛ دۆلەتنىڭ قانۇنلۇق بېقىۋېلىش مۇناسىۋىتىنى قوغدايغانلىقى؛ بېقىۋالغۇچى ئاتا - ئانا بىلەن بېقىۋېلىنغان بالىنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيىتى مۇشۇ قانۇندىكى ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش بولىدىغانلى-

قى؛ بېقىۋېلىنغان بالا بىلەن ئۆز ئاتا ـ ئانىسى ئوت-
تۇرىسىدىكى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيىتىنىڭ بېقىۋېلىش
مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىتىلىشى بىلەن يوقالمايدىغان-
لىقى؛ ئۆگەي ئاتا ـ ئانا بىلەن ئۆگەي بالا ئوتتۇرى-
سىدا بىر ـ بىرىنى خورلاشقا ياكى كەمسىتىشكە
بولمايدىغانلىقى؛ نەۋرىسىنى بېقىپ تەربىيەلەش ئىق-
تىدارى بار بوۋا ـ مومىسىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ
كەتكەن ياكى ئاتا ـ ئانىسى باقماي تاشلىۋەتكەن
نەۋرىلىرىنى بېقىپ تەربىيەلەش مەجبۇرىيىتىنىڭ
بارلىقى؛ ئىنىسى ـ سىڭلىسىنى بېقىش ئىقتىدارى
بار ئاكا ـ ئاچىسىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن
ياكى ئاتا ـ ئانىسى باقالمىغان قورامىغا يەتمىگەن
ئىنىسى ـ سىڭلىسىنى بېقىش مەجبۇرىيىتىنىڭ
بارلىقى؛ ئايال ھامىلىدار مەزگىلدە، تۇغۇپ بىر يىل
ئىچىدە ئەر تەرەپ ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلسا بولماي-
دىغانلىقى، ئەر ـ ئاياللار ئاجراشقاندىن كېيىنمۇ،
ئاتا ـ ئانىسىنىڭ پەرزەنتلىرىنى بېقىپ تەربىيەلەش
مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقى؛ ئاجراشقاندىن كېيىن
ئەمچەكتىكى بالىنى ئانىسىنىڭ باقىدىغانلىقى؛
ئاجراشقاندىن كېيىن بالىنىڭ تۇرمۇش ۋە تەربىيە
خىراجىتى توغرىسىدىكى كېلىشىم ياكى ھۆكۈمدە
بەلگىلەنگەن مىقداردىن ئارتۇق تەلەپ قويۇشقا بول-
دىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋارىسلىق قانۇ-
نىدا: پەرزەنتلەرنىڭ بىرىنچى ۋارىس بولىدىغانلىقى،
بىرىنچى رەتتىكى ۋارىسلارنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقى-
نىڭ ئومۇمەن تەڭ بولىدىغانلىقى؛ مىراس بۆلگەندە
ئەمگەك ئىقتىدارى بولمىغان ۋارىسلارغا ئېتىبار
بېرىدىغانلىقى؛ ھەرىكەت ئىقتىدارى يوقلارنىڭ
ۋارىسلىق ھوقۇقىنى شۇ كىشىنىڭ قانۇنىي ۋاكا-
لەتچىسىنىڭ ۋاكالىتەن يۈرگۈزىدىغانلىقى ۋە مىراس
بۆلگەندە قورساقتىكى ھامىلىگە تېگىشلىك مىراسنى
ساقلاپ قويۇشنىڭ لازىملىقى بەلگىلەنگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇ-
نىدا: قورامىغا يەتمىگەن ئىشچىلارنى كان قۇدۇق
ئاستىغا؛ زەھەرلەيدىغان ۋە زىيان ـ زەخمەت يېتە-
دىغان ئەمگەككە سېلىشقا؛ دۆلەت بېكىتكەن 4 ـ
دەرىجىلىك سىجىللىقتا ئىگە ئەمگەككە سېلىشقا ۋە
شۇغۇللىنىش چەكلەنگەن باشقا ئەمگەكلەرگە ئو-
رۇنلاشتۇرۇشقا بولمايدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللارنىڭ ھو-
قۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنىدا: ئاتا ـ ئانىلار
ياكى باشقا ۋەسىيلەر ئوقۇش يېشىدىكى قىزلارنىڭ
مەجبۇرىيەت مائارىپىنى قوبۇل قىلىشنى كاپالەتلەن-
دۈرۈش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش شەرت دەپ بەل-
گىلەنگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قورامىغا يەتمە-
گەنلەرنى قوغداش قانۇنىدا: قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ
ياشاش ھوقۇقى، يېتىلىش ھوقۇقى، قوغدىلىش ھو-
قۇقى ۋە قاتنىشىش ھوقۇقىنىڭ بارلىقى؛ ئۇلارنىڭ
جىنسىي، مىللىتى، ئىرقى، ئائىلە مال ـ مۈلۈك
ئەھۋالى ۋە دىنىي ئېتىقادى قاتارلىقلارغا قارىماي
ھوقۇقتىن قانۇن بويىچە تەڭ باراۋەر بەھرىمەن بو-
لىدىغانلىقى؛ دۆلەت، جەمئىيەت، مەكتەپ ۋە ئائىلە-
لەرنىڭ قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ قانۇن ھوقۇق ـ
مەنپەئەتىنى قوغداش ئېڭى، ئۆزىنى قوغداش ئېڭى
ۋە ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي مەسئۇلى-
يەتچانلىقىنى ئاشۇرۇش جەھەتلەردە باش تارتىپ
بولمايدىغان مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيىتىنىڭ بار-
لىقى بەلگىلەنگەن.

قىسقىسى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەۋلادلارنى ساپا-
لىق، ياخشى تەربىيەلەشتەك ئۇلۇغۋار ئەنئەنىسىگە
ۋارىسلىق قىلىپ، كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى بولغان
قورامىغا يەتمىگەنلەرنى ھەر جەھەتتىن ياخشى تەر-
بىيلەپ، ئۇلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى
ئېلىپ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە مەسئۇل بولۇ-
شىمىز لازىم. قورامىغا يەتمىگەنلەرمۇ ياخشى تەربى-
يەلىنىپ، جىنايەت ئۆتكۈزۈشنى ۋە ناچار قىلى-
مىشلارنى سادىر قىلىشتىن تىرىشىپ ساقلىنىپ،
ۋەتەنگە، مىللەتكە ۋە ئەجدادلارغا يۈز كېلەلەيدىغان
كەلگۈسىنىڭ يارامىلىق ئىگىلىرىدىن بولۇپ چىقىش-
قا تىرىشىش كېرەك.

مۇھەررىر: ئوسمانجان مۇھەممەت

# تېرىلغۇ يەرلەردىن پايدىلىنىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات

مۇتەللىپ مۇھەممەت

( قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دۆلەت زېمىن بايلىقى ئىدارىسى 845350 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە تېرىلغۇ يەرلەرنى قوغداش، ئىسراپ قىلماسلىق، تېرىلغۇ يەرلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش؛ ھەممە بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، تېرىلغۇ يەر بايلىقىنى قوغداپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەكلىكى بايان قىلىنغان.

**摘要**: 本文讨论了要有效利用耕地、提高耕地使用价，充分发挥耕地在经济发展中的作用，齐心协力维护耕地资源，进一步地推动农业生产发展。

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار مەسىلىسىگە ئىزچىل تۈردە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ كەلدى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىمۇ يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىش، دېھقانلارغا نەپ يەتكۈزۈشكە ئائىت بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. چۈنكى يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار مەسىلىسى پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئومۇمىي ۋە نېگىزلىك مەسىلىدۇر. يېزا ئىگىلىكىدە مول ھوسۇل ئېلىنسا، ئاساس مۇستەھكەملىنىدۇ، دېھقانلار بېيىسا، دۆلەت گۈللىنىدۇ، يېزا مۇقىم بولسا، جەمئىيەت ئەمىن بولىدۇ. شۇڭا دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگەندىلا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتكىلى ۋە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ھەقىقىي تۈردە ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

## ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش

يەر دۆلەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ، ئىجتىمائىي ھاياتلىقنىڭ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ماددىي ئاساسى. تېرىلغۇ يەرلەر يەردىن پايدىلىنىشنىڭ ئەڭ توپ شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك بايلىق ھېسابلىنىدۇ. يەر ئۇزاق مۇددەتلىك تېرىقچىلىق قىلىش، ئوغۇتلاش، سۇغىرىش، سۇ چىقىرىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەلگەنلىكتىن، مەلۇم ئوغۇت كۈچىگە ئىگە بولغان قويۇقلۇق دەرىجىدىكى تېرىقچىلىق قاتلىمىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مۇۋاپىق پايدىلىنىش ۋە مۇۋاپىق تېرىقچىلىق قىلىش شارائىتى ئاستىدا تۇپراقتىكى خىمىيەلىك، فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر تۇپراق ئوغۇت كۈچى، تۇپراقتىكى بىيولوگىيەلىك جەريانلار، تۇپراقنىڭ قوبۇل قىلىش كۈچى ۋە سۇ ساقلاش كۈچى قاتارلىق ھالەتلىرى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئىسپاتلانغان ئەمەلىي پاكىتتۇر. ئىنسانلار تېرىلغۇ يەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان خىلمۇخىل ئالاھىدىلىك ۋە ئىقتىدارغا ئاساسەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ ئەڭ توپ نىشانى شۇكى، تېرىلغۇ يەرنىڭ تۇرمۇش ۋاستىلىرىغا ئېرىشىدىغانلىقىدىن ئىبارەت. بۈگۈنكىگە قەدەر ئىنسانلارنىڭ ئاساسلىق تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى يەنىلا تېرىلغۇ يەردىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

يەر كۆپ خىل ئىقتىدارغا ۋە كۆپ خىل ئىشلىتىش يولىغا ئىگە بولغاچقا، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتمۇ ئۇنىڭغا كۆپ جەھەتتىن ئېھتىياجلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئىگىلىكىدىكى ھەرقايسى تارماقلار يەردىن پايدىلىنىشنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش، ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇش، ئەلالىرىنى ئالدىن ئىشلىتىش، يېزا ئىگىلىكىنى ئاۋۋال ئويلاش پىرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش ۋاستىلىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئېنگېلس «ئائىلە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكى ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق ئەسىرىدە: «دىيالىكتىك كۆزىتىشكە ئاساسلانغاندا تارىخىي جەرياندىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا بىۋاسىتە تۇرمۇشنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىشى بولىدۇ. ئەمما ئىشلەپچىقىرىش ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش (يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ جاي ۋە شۇنىڭغا ئېھتىياجلىق قۇراللارنى ئىشلەپچىقىرىش)، يەنە بىرى ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىدىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ تارىخىنى يارىتىشتا، ئۇنىڭ يېتەرلىك بولغان تۇرمۇش بولۇشى كېرەك. ئەمما تۇرمۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يېمەك - ئىچمەك، تۇرالغۇ جاي قاتارلىق تۇرمۇشقا زۆرۈر كېرەكلىك بولغان ۋاستىلارنى ئىشلەپچىقىرىش)، يەنە بىرى ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىدىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ تارىخىنى يارىتىشتا، ئۇنىڭ يېتەرلىك بولغان تۇرمۇش بولۇشى كېرەك. ئەمما تۇرمۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يېمەك - ئىچمەك، تۇرالغۇ جاي قاتارلىق تۇرمۇشقا زۆرۈر كېرەكلىك بولغان ۋاستىلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھاياتلىقىنى ساقلاپ تۇرىدۇ» دەپ يازغانىدى. نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزاق مۇددەت ئىچىدە تۇرمۇشقا زۆرۈر كېرەكلىك بولغان ۋاستىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش يەنىلا تېرىلغۇ يەردىن ھاسىل بولغاچقا، ئۇنى ھەرگىزمۇ يېزا ئىگىلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر يېزا ئىگىلىكىنى ئاۋۋال ئويلىشىش پىرىنسىپىنى يولغا قويغان.

يېزا ئىگىلىكىنى ئاۋۋال ئويلىشىش دېگەنلىك، تەبىئىي شارائىتقا ئۇيغۇن كېلىدىغان تېرىلغۇ يەرلەرنى ئېچىش دېگەنلىك بولۇپ، ئوخشاش دەرىجىلىك شارائىت ئاستىدا ئويلىشقاندا ئالدى بىلەن يېزا ئىگىلىكىگە سەرپ قىلىشنى ئويلىشىش، خەلقنىڭ تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئالدىن ئويلىشىشتىن ئىبارەت. ھازىرقى بىلەن يىراق كەلگۈسىنى، قىسمەنلىك بىلەن ئومۇملۇقنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش زۆرۈر. مەسىلەن، تېرىلغۇ يەرلەردىن پايدىلىنىشنى مۇھاكىمە قىلغاندا ھازىرقى نوپۇس سانى بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئېھتىياجىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ ھەم كەلگۈسىدىكى نوپۇسقا، پەن - تېخنىكىغا، ئىقتىسادىي تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ھەم تېرىلغۇ يەر زاپىسى ۋە ئۇنىڭ يوشۇرۇن كۈچىگە ئېتىبار بېرىپ، پىلانلىق ھالدا تېرىلغۇ يەرلەردىن پايدىلىنىش يۆنىلىشىنى ئاشۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش، ھەرگىزمۇ قارىغۇلارچە تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ سانىنى ۋە ئۇنىڭ سۈپىتىنى تۆۋەنلىتىشكە يول قويماسلىق كېرەك.

تېرىلغۇ يەرلەردىن پايدىلىنىشقا قارىتا قاتتىق كونترول قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەلۇم رايون دائىرىسى ئىچىدە ھەر يىلى تېرىلغۇ يەر ياكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئىگىلەيدىغان تېرىلغۇ يەردىن ھاسىل بولىدىغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سانى ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا بۇنىڭغا جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرمىسا ياكى تۇجۇپىلەپ ئىگىلىك بەرپا قىلىش ئارقىلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرمىسا تېرىلغۇ يەر بايلىقى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ.

تېرىلغۇ يەر ھوقۇقىغا مەنسۇپ بولغان مۇناسىۋەت يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى راۋاجلاندۇرۇشقا مۇۋاپىق كەلگەچكە، ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى تېرىلغۇ يەرلەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزلۈكسىز

ئاشۇرۇش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىتىدۇ. شۇڭا تېرىلغۇ يەرلەردىن پايدىلىنىشتا تەبىئىي قانۇنىيەت ۋە ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىش كېرەك.

نۆۋەتتە ئېلىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشى بىلەن نوپۇسنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ئاھالىلەر كۆپ بولۇشى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يەر بايلىقى ئاز بولۇش، ئادەم بىلەن يەر بايلىقىنىڭ تەڭپۇڭسىز بولۇش ۋەزىيىتى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ، زىددىيەت يەنىمۇ ئۆتكۈرلەشمەكتە. شۇڭا بىر غېرىچ يەرنى ئاسراپ، يەر ئىسراپچىلىقىغا قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك.

يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنىڭ زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىشى، مۇئەييەن دەرىجىدە ئادەم بىلەن يەرنىڭ ماسلاشماسلىق زىددىيىتىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن يېزا ئىگىلىكىدىكى زاپاس بايلىق يېتەرلىك بولمىغان ئەھۋالدا يېڭى بايلىقنى ئېچىپ پايدىلىنىشتا ئېھتىياتچان بولۇش پوزىتسىيەسىنى ساقلاپ، ئېچىلىپ بولغان بايلىقلاردىن مۇۋاپىق، تېجەشلىك، تولۇق پايدىلىنىش، ھازىر بار بولغان يېزا ئىگىلىك بايلىقىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى قېزىش كېرەك.

مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە قانۇنىي تەدبىر، ئىقتىسادىي تەدبىر ۋە تېخنىكا تەدبىرى، شۇنداقلا مەمۇرىي تەدبىر قاتارلىقلارنى تۇرغۇزۇش ئارقىلىق، بايلىقلارنى تېخىمۇ پۇختا ئاسراش بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچەيتىپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق قۇرۇلمىلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا تەڭشەش، تەبىئىي بايلىق بىلەن ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ياخشى خاراكتېرلىك ئايلاندۇرۇش ئاساسىدا يەرلەردىن ئۈزۈكسىز پايدىلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئىمكانقەدەر تېرىلغۇ يەر بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىش بىلەن مۇھىتنى قوغداش تۈزۈملىرىنى تۇرغۇزۇپ ۋە ئۇنى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزاملىرى ئاساسىدا پۈتكۈل يېزا ئىگىلىك تەبىئىي بايلىقلىرىنى ئېچىپ پايدىلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، ياخشى يەرلەرنى ئۈزۈكسىز ئىشلىتىش يۈزلىنىشىگە قاراپ راۋاجلىنىش كېرەك. ئەمەلىي قوللىنىدىغان قانۇنىي تەدبىرلەر ئارقىلىق تالان - تاراج خاراكتېرىدىكى تىجارەتنى تىزگىنلەپ، كىشىلەرنىڭ تەبىئىي قانۇنىيەت ۋە ئىقتىسادىي قانۇنىيەت ئاساسىدا يېزا ئىگىلىك تەبىئىي بايلىقىدىن پايدىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. يېزا ئىگىلىك بايلىقلىرىنىڭ قايتا كۆپىيىش ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە ئۇنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئىسراپ بولۇشى، قالايمىقان ئىگىلىنىشى قاتارلىقلارنى تىزگىنلەشنى ئىلگىرى سۈرۈش، بايلىقلارنىڭ سانىنىڭ مۇقىملىقى بىلەن سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق بولۇش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتتىكى يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئاقىۋەتنى تۈگىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

تېرىلغۇ يەرلەرنى بىر تۇتاش باشقۇرغاندىلا، ئاندىن نۆۋەتتىكى تارماقلارنىڭ بۆلۈنۈشىدىن كېلىپ چىققان تالان - تاراج، مەسئۇلىيەتنى بىر - بىرىگە دۆڭگەش، جاپا - مۇشەققەت بىلەن ھالاۋەت تەكشى بولماسلىق قاتارلىق ئىللەتلەرنى تۈگەتكىلى بولىدۇ. بۇ ھال تېرىلغۇ يەر بايلىقلىرىنى ئېچىپ پايدىلىنىشتىكى يېتەرسىزلىكنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇپ، ئادەم يوق تارماقلارنى باشقۇرماي تاشلاپ قويىدىغان ھالەتنى تۈگىتىدۇ. بايلىقلارنى بىر تۇتاش ماسلاشتۇرۇپ باشقۇرىدىغان ئورگان تېرىلغۇ يەر بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىش بىلەن مۇھىت ئاسراش كومىتېتى تەسىس قىلىپ، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ يەر بايلىقىدىن ۋە يېزا ئىگىلىك بايلىقىنى ئېچىش خىزمىتىنى تەڭشەپ، بايلىقلاردىن پايدىلىنىش شارائىتىنى ھازىرلاش كېرەك.

ئومۇمەن، ھەممە بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، تېرىلغۇ يەر بايلىقىنى قوغداش چاقىرىقىغا پائال ئاۋاز قوشقاندىلا ئاندىن، يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار مەسىلىسىدە تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

مۇھەررىر: ئوسمانجان مۇھەممەت

# مىللىي ئىستۇدېنتلارغا بولغان ئىدىيەۋى - ئەخلاق تەربىيەسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا

مۇنىرە ئابدۇۋەلى

( ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قانۇن - سىياسى ئىنستىتۇتى 835000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مۇقىملىق بولۇش مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، ئىستۇدېنتلىرىغا بولغان ئىدىيەۋى - ئەخلاق تەربىيەسىنى ياخشى ئىشلەش كېرەكلىكى، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىدىيەۋى - ئەخلاق تەربىيە مەسىلىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇش لازىملىقى مۇھاكىمە قىلىنغان.

**摘要**: 本文讨论了少数民族地区要发展、就需要稳定，就必须做好民族工作。少数民族大学生的思想道德教育应该成为民族工作的重要内容。本文对此进行了详细的探讨。

ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئالىي مەكتەپلەردىكى ئالاھىدە بىر توپ بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن ئەتراپلىق تەربىيەلەپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيەۋى - ئەخلاق ساپاسى ۋە پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرى قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش مەجبۇرىيىتى بار، بۇ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى شۇنداقلا پارتىيەمىزنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىغا چېتىلىدىغان مۇھىم مەسىلە. ھالبۇكى، بۈگۈنكىدەك يېڭى تارىخىي دەۋردە، دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئالىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىدىيەۋى - ئەخلاق تەربىيەسىگە يېڭىچە خىرىس ۋە پۇرسەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇ خىرىس ۋە پۇرسەتلەر ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىدىيەۋى - ئەخلاق تەربىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، يېڭىچە تەربىيە ئەندىزىلىرىنى تېپىپ چىقىشىغا ئېھتىياجلىق.

## 1. ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلارغا ئىدىيەۋى ئەخلاق تەربىيەسىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقى

ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداپ، ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشتا ئىدىيەۋى - ئەخلاق تەربىيەسىنى كۈچەيتىش كېرەك. دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، باراۋەر، ئىتتىپاق، ئۆز ئارا ھەمكارلاشقان، ئىناق بولغان سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش دۆلىتىمىزنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تىنچلىقىنىڭ مۇھىم ئاساسى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ۋە ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دەۋرىدە مىللەتلەر مەسىلىسى يەنىلا دۆلىتىمىزنىڭ مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەربىيەلىنىش مەسىلىسى، بولۇپمۇ ئىدىيەۋى ئەخلاق تەربىيەسى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، كۆپ يىللاردىن بېرى خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەر دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ۋەتەنىمىزنىڭ

بىرلىكنى پارچىلاش سۇيىقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش
غەرىزىنى ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرگە باغلاپ، ھەر خىل
ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، ئىدىيەۋى جەھەتتىن
سىڭىپ كىرىپ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن
شۇغۇللىنىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا قارىمۇقارشى-
لىق كەيپىياتىنى پەيدا قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتى-
پاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئاز
سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلار مەزكۇر رايوندىكى
ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ كەلگۈسى تالانت ئىگىلىرى
بولۇش سۈپىتى بىلەن، دۈشمەن كۈچلەرگە قارشى
تۇرۇشتىكى مۇھىم كۈچ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇنداق
ۋەزىيەتتە، ئالىي مەكتەپلەر چوقۇم ئاز سانلىق مىل-
لەت ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان ئىدىيەۋى - ئەخلاق
تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى مىللىي بۆلگۈنچى-
لىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە ئىجتى-
مائىي مۇقىملىقىنى قوغداشتا، تونۇشنى ئايدىڭلاش-
تۇرۇپ، پوزىتسىيەسى ئېنىق، بايرىقى روشەن،
مەيدانى مۇستەھكەم ھالدا پارتىيە مەركىزىي كومى-
تېتى بىلەن باشتىن - ئاخىر بىردەكلىكنى ساقلى-
يالايدىغان قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشنى چىڭ تۇتۇش
كېرەك.

سوتسىيالىزمنىڭ ئەتراپلىق يېتىشكەن ئىز -
باسارلىرىنى تەربىيەلەپ چىقىشتا ئىدىيەۋى -
ئەخلاق تەربىيە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەممى-
مىزگە مەلۇمكى، ئالىي مەكتەپ — ۋەتەننىڭ ئىز-
باسارلىرىنى تەربىيەلەپ چىقىدىغان، ئۇلارنىڭ
جىسمانىي - پسىخىك تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە
ئاساسەن، ئۇلارغا ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جە-
ھەتلەردىن مەقسەتلىك، تەشكىللىك، پىلانلىق ۋە
سىستېمىلىق تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى خەلق-
قە پايدىلىق كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرىدىغان
ئالىي مائارىپ ئورنى. ئالىي مەكتەپلەر يېتىشتۈرۈپ
چىققان زىيالىيلار ھەرقانچە يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە
بولسىمۇ، سىياسىي جەھەتتىن لاياقەتلىك بولمىسا،
ئەخلاق جەھەتتىن مۇكەممەل تەربىيەلەنمىگەن بول-
سا، ئۇنداق زىيالىيلارنىڭ ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن ياخ-
شى خىزمەت قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. نۆۋەتتە دۆ-
لەتىمىزنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشى ۋە
خەلقئارا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشى قاتارلىق سەۋەب-
لەر يېڭى دەۋر ئىستۇدېنتلىرىنىڭ تەربىيەلىنىشىگە
پۇرسەت ھەم خىرىس ئېلىپ كەلدى. «غايىلىك،
ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان» بولۇش
ئۆلچىمىگە ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى
ئۈچۈن سىياسىي ئىدىيەۋى جەھەتتە كۈچلۈك،
پەن - مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى ئىختىساسلىق
خادىملارنى تەربىيەلەپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-
رىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تەرەققىياتىنى ئىلگى-
رى سۈرۈش لازىم. مۇشۇنداق يېڭىچە دەۋردە، ئالىي
بىلىم يۇرتىغا كىرگەن ياشلارنى تەربىيەلەش، ئۇلار-
نى يېڭى دەۋرگە خاس زىيالىيلاردىن قىلىپ يېتىش-
تۈرۈپ چىقىشتا ھەم شۇنداقلا ئەتراپلىق يېتىلگەن،
جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزمنىڭ
قۇرغۇچىلىرى، ئىز - باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈپ
چىقىشتا، ئىدىيەۋى - ئەخلاق تەربىيەسى ئىنتايىن
مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**2. ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىدىيەۋى ئەخلاقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار**

كۆپىنچە ئازسانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلارنىڭ
ئۆسۈپ يېتىلگەن شارائىتى ئوخشاش بولمىغانلىق-
تىن، ئۇلار ئارىسىدا بەلگىلىك دەرىجىدە تىل پەرقى
مەۋجۇد، بولۇپمۇ، تارىخىي ۋە جۇغراپىيەلىك مۇھىت
ھەمىشە مەدەنىيەت جەھەتتىكى قالاقلىق، بېكىنمە-
چىلىك ئەھۋاللىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شۇنىڭ
بىلەن ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىكى مەدەنىيەت ئالاھى-
دىلىكلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئازسانلىق ئىستۇ-
دېنتلار ئوخشىمىغان مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەنلىك-
تىن، ئۇلارغا شۇ جاينىڭ، شۇ مىللەتنىڭ ئىدىيەسى
چوڭقۇر سىڭگەن بولىدۇ. ئۇلار ئالىي مەكتەپكە
كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش
مۇھىتىدا غايەت زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. يېڭى
مۇھىتتا، ھەر خىل ئۇچۇرلار ۋە يېڭى ئىدىيەۋى ئې-
قىملار ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىغا تەسىر كۆرسىتىپ،
ئۇلارنىڭ كاللىسىدا نۇرغۇنلىغان توقۇنۇشلارنى
پەيدا قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى خىيالغا سالىدۇ. مانا بۇ

ئازسانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىدىيەۋى ـ ئەخلاقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

غەربىي رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچقا، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق كىرىمى تۆۋەن، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق شارائىتتا چوڭ بولغانلىقتىن، ئۇلار ئائىلە ئىقتىسادىي ياخشى ئوقۇغۇچىلارغا ھەۋەس قىلىدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىق ئۇلاردا پسىخىكا جەھەتتىن ئۆزئۆزىنى كەمسىتىش، يالغۇزلۇق ۋە بېسىم پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ غۇرۇرى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

نۆۋەتتىكى ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋەزىيىتى ئازسانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلارغا ناھايىتى چوڭ بېسىم ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن باشقا يەنە ئازسانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلارنىڭ بىلىم ئاساسىنىڭ پۇختا بولماسلىقى ۋە رىقابەت ئېڭىنىڭ كۈچلۈك بولماسلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئاساسىي مائارىپ باسقۇچىدا، ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلاملارنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىنىڭ ناچارلىقى، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنىڭ تولۇق بولماسلىقى ۋە ئوقۇتقۇچىلار ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر بۇ رايونلارنىڭ ئاساسىي مائارىپ سەۋىيەسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت سەۋىيەسىدىن تۆۋەن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭا ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ قوبۇل قىلغان ئاساسىي مائارىپ سەۋىيەسىمۇ يۇقىرى ئەمەس، ئالىي مەكتەپ شارائىتىدىمۇ، تەربىيەلىنىش سەۋىيەسى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ. بۇ مەكتەپلەردە تەربىيەلەنگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيەسىمۇ تۆۋەن بولىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىدا تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ رىقابەت ئېڭى كۈچلۈك ئەمەس.

**3. ئازسانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىدىيەۋى ـ ئەخلاق تەربىيەسىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر**

ئالىي مەكتەپلەردە دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش تۈزگەن «ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسى» ھەرقانداق كەسىپ ۋە ھەرقايسى مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوخشاش شەكىلدىكى مائارىپ ئۇسۇلىدا يەتكۈزۈلگەچكە، بۇ مائارىپنىڭ ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇزۇندىن بېرى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيەۋى ـ ئەخلاق تەربىيەسى نۇرغۇن ئۈنۈملۈك تەجرىبىلەرنى ۋە ئۇسۇللارنى توپلىغان. مەسىلەن، نەزەرىيە يەتكۈزۈش ئۇسۇلى، مىسال ئارقىلىق يېتەكلەش ئۇسۇلى ، ئەنئەنىۋى تەھلىل ئۇسۇلى، ئايرىم ـ ئايرىم سۆھبەتلىشىش ئۇسۇلى قاتارلىقلار. يېڭى تارىخىي دەۋردە بۇ ئۇسۇللار ئۆزىنىڭ رېئال ئەھمىيىتىنى تېخىچە يوقاتقىنى يوق، ھالبۇكى، يېڭىچە مۇھىت ۋە ئالاھىدە مائارىپ سۇبيېكتقا نىسبەتەن، ئەخلاقىي تەربىيە تېخىمۇ چوڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. مانا بۇلار يېڭىچە مۇھىتقا ماسلىشىپ، ئەنئەنىۋى ئىدىيەۋى ئەخلاق تەربىيەسى ئۇسۇللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ۋە ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىدىيەۋى ـ ئەخلاق تەربىيەسىنىڭ قاراتمىلىقى ۋە جانلىقلىقىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ .

نۆۋەتتە نۇرغۇنلىغان ئالىي مەكتەپلەردە ئىدىيەۋى ـ ئەخلاقنىڭ تەڭشەش كۈچى ئاجىزلاپ كەتتى. ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى سانىنىڭ ئۈزۈكسىز كۆپىيىشى ئوقۇغۇچىلار ساپاسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار كادىرلىرى قوشۇنى ئاجىزلىدى. ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى پەردىشەپ نېپىزلىدى. ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئورگانلارنىڭ ۋەزىپىلىرى كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن، ئىدىيەۋى ـ ئەخلاق تەربىيەسىنى ئىنچىكە ئىشلەشكە ۋاقىت چىقماي قالدى، نۆۋەتتە، ئالىي مەكتەپ ئىدىيەۋى ـ ئەخلاق تەربىيە خىزمىتىدە، ئوقۇغۇچىلارغا ئەخلاق تەربىيە

ئېلىپ بېرىش پەقەت «ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسى» ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭلا خىزمەت دائىرىسىدىكى ئىش بولۇپ قالدى. بۇ هال ئىدىيەۋى ـ ئەخلاق تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنىڭ ناچار بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا ، شۇڭا ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىدىيەۋى ـ ئەخلاق تەربىيەسىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتە، چوقۇم ھەممە ئادەم تەڭ تەربىيەلەش، كۆپ تەرەپلىمە تەربىيەلەش، ھەر خىل مۇھىتتا تەربىيەلەشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئالىي مەكتەپتىكى ھەممە كىشىنى ئىدىيەۋى ـ ئەخلاق تەربىيەسىنىڭ سۇبيېكتى قىلىپ چىقىش لازىم.

ئەخلاقى تەربىيە — بىر ئىلىم. ئەخلاقىي تەربىيەنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ ، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلاردا توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇش لازىم، ئەخلاق قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىپ، توغرا سىياسىي مەيدان تۇرغۇزۇپ، ساغلام پىسخىكا ھالىتىنى يېتىلدۈرۈشتە، چوقۇم ئەخلاق تەربىيەسىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى ۋە قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى دىيالېكتىك ئۇسۇلىغا ئەمەل قىلىش لازىم. ئەمەلىيەتتە، ئىدىيەۋى ـ ئەخلاق تەربىيەسىنىڭ يادروسى ـ ماركسىزملىق دۇنيا قاراش تەربىيەسى بولۇپ، كوممۇنىستىك غايە تىكلەشنى مەقسەت قىلغان ھالدا ، ماركسىزملىق مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزم نەزەرىيەلىرى بىلەن سىياسىي مەسىلە، قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى ۋە سەزگۈر مەسىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ جاۋاب بەرسە تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ .

پىسخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش ياكى ئەخلاق تەربىيە نۇقتىسىدىن تۇرۇپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلمىغاندا تەربىيە نىشانىغا تېخىمۇ يەتكىلى بولمايدۇ. زىددىيەتلەرنى، سەزگۈر ۋە قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرنى ئېتىراپ قىلىش بارلىق ئەخلاق تەربىيەچىلىرىگە قويۇلىدىغان تۆپ تەلەپ. ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىدىيەۋى ـ ئەخلاق تەربىيەسىدە چوقۇم سىياسىنى كۆزلەش كېرەك. ئەگەر سىياسىي مەسىلىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرسا ئەخلاق تەربىيەنىڭ مەقسىتىگە يېتىش مۇمكىن ئەمەس.

**4. ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىدىيەۋى ـ ئەخلاق تەربىيەسىنى كۈچەيتىش**

دۆلىتىمىزدە ئىقتىسادىي تەركىب ۋە ئىقتىسادنىڭ تەشكىللىنىش شەكلى، ئىشقا ئورۇنلىنىش شەكلى، مەنپەئەت مۇناسىۋىتى ۋە تەقسىمات ئۇسۇلىنىڭ كۆپخىللىشىشىغا ئەگىشىپ، قىممەت قارىشىنىڭ كۆپخىللىشىشىمۇ يۈز بېرىشتىن ساقلانغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەر خىل ھەق ـ ناھەق، مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرى ھەم دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ھەر خىل ۋاستىلەر ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيەسىگە سىڭىپ كىرىشى، ئۇلاردا ئاسانلا خاتا چۈشەنچە كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا چوقۇم غايىۋى ئېتىقاد تەربىيەسىنى، بولۇپمۇ ماركسىزملىق نەزەرىيە تەربىيەسىنى كۈچەيتىش لازىم. ماركسىزملىق نەزەرىيە ـ پارتىيەمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى ھەم شۇنداقلا مائارىپنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى بېكىتىشتىكى باش ئىدىيەسى، مىللىي سىياسەتلىرىنى تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتىكى يېتەكچى ئىدىيەدۇر. ئىدىيەۋى ئەخلاق تەربىيەسى چوقۇم ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلارغا ماركسىزملىق كۆزقاراش، غايە ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىدىيەۋى ـ ئەخلاق تەربىيەسى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىدىكى خاتا چۈشەنچىلەرنى تۈزىتىپ، تونۇشىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىدىيەۋى كۆزقارىشىدا، ئەخلاق پەزىلىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ. بۇ بىزدىن ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىدىيەسى ۋە پىسخىكىسىنى چۈشىنىپ، يېڭىچە ئىدىيەۋى ـ ئەخلاق تەربىيەسى سىستېمىسىنى قۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسنىڭ مۇناسىۋىتىنى

ياخشى بىرتەرەپ قىلىشقا يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيەۋى ـ ئەخلاقىدا يۈز بېرىۋاتقان ئاكتىپ ئۆزگىرىشلەرنى ۋاقتىدا ئېتىراپ قىلىپ، پاسسىپ ئۆزگىرىشلەرنى دەل ۋاقتىدا تۈزىتىپ، ئۇلاردا سەمىمىيەت ئەخلاقىنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، ئۆزىنىڭ كۆرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇپ، توغرا ئەخلاق كۆزقارىشىنى شەكىللەندۈرۈپ، ياخشى تەربىيە مۇھىتىنى يارىتىپ بېرىش لازىم.

ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، زامانىمىز ئالىي مەكتەپ ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئەخلاق كۆزقارىشى ۋە ئەخلاق ھەرىكىتى بىرقەدەر ئىجابىيلىققا ئىگە بولسىمۇ، ھەر خىل سەلبىي ئامىللارنىڭ تەسىرىدە يەنە بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ ئىستۇدېنتلىرىدا ھاراق، تاماكىغا بېرىلىش، قىمار ئويناش، تورغا بەنت بولۇش، ئىشرەت قىمارخانىلارغا بەنت بولۇش، فېئودال خۇراپاتلىققا ئىشىنىش، مودا قوغلىشىش، مودا قوغلىشىش، ئالىي ئىستېمال، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئىستېمالى، يۇقىرى ئىستېمال ۋە قەرزلىك ئىستېماللار قاتارلىق بەزى سەلبىي ھادىسىلەر مەۋجۇت بولماقتا. بەزى ئىستۇدېنتلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاققا بولغان تونۇشى تازا يېتەرلىك ئەمەس، ئۇلار ئەخلاقنى ئومۇمىي ئېقىم ۋە ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتسىز كىچىك ئىش دەپ قارايدۇ؛ بەزى ئىستۇدېنتلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق ئېڭى خېلى يۇقىرى بولسىمۇ، ئۆزلىرى ئۆتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلەرگە ئانچە ئېتىبار بەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بىلىمى بىلەن ھەرىكىتى، كۆزقارىشى بىلەن ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدا خېلى چوڭ پەرقلەر مەۋجۇت، نەتىجىدە شەخسنىڭ ئەخلاق سەۋىيەسى تۆۋەن، قىلمىشلىرى مەدەنىيەتسىز بولۇپ قالىدۇ. بۇ دىققەت قىلمىسا بولمايدىغان ئەھۋالدۇر. مەكتەپلەر سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشتىكى مۇھىم بازا. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىرقەدەر يۇقىرى پەن مەدەنىيەت بىلىملىرىگە ئىگە، ئۇلار ئىدىيە ۋە ئەخلاق تەربىيەسى ئالغان. شۇڭا سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئەخلاقنى تەرغىپ قىلىشتا ۋە ھىمايە قىلىشتا، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ناھايىتى چوڭ. ئالىي مەكتەپ ئىستۇدېنتلىرىنى ھەر ۋاقىت ياخشىلىققا يېتەكلەپ، ئازراقمۇ يامانلىققا يېقىن يولاش پۇرسىتى بەرمەسلىك كېرەك. ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ، ئەخلاق تەربىيەسىنىڭ ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىختىساسلىقلارنىڭ كەمچىل بولۇشى ئالىي مەكتەپلەردىن ئاز سانلىق مىللەت ئىگىلىرىنى كۈچەيتىپ يېتىشتۈرۈشنى تەلەپ قىلماقتا. ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرى ئىچىدىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشىنى تاماملاش ـ تاماملىيالماسلىقى پەقەت ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ تەربىيەلىنىش مەسىلىسىگە چېتىشلىق بولۇپلا قالماي، يەنە پارتىيەنىڭ مىللىي سىياسىتى، مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسىگە باغلىق. شۇڭا ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قىيىنچىلىققا ياردەم بېرىش، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيەۋى ـ ئەخلاق خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىگە باغلىق بولغان ھالقىلىق مەسىلە بولۇپ قالدى.

ئالىي مەكتەپلەردىكى قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىش خىزمىتى ئۈنۈۋېرسال خىزمەت. «ئوقۇش مۇكاپاتى، قەرز بېرىش، ياردەم قىلىش، يېنىكلىتىش، كەچۈرۈم قىلىش، تولۇقلىما بېرىش» قاتارلىق ماددىي ياردەم سىستېمىسى ئارقىلىق قىيىنچىلىقنى ھەل قىلغاندىن باشقا يەنە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنى قىيىنچىلىققا توغرا مۇئامىلە قىلىشقا يېتەكلەپ، ئۆز ـ ئۆزىنى كۈچەيتىش روھىنى يېتىلدۈرۈش؛ ئۇلارنى ئۆز ـ ئۆزىنى كۈچەيتىپ، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرۇش ئىدىيەسىنى تىكلەشكە يېتەكلەش كېرەك.

مۇھەررىر: ئوسمانجان مۇھەممەت

# يەسلى مۇدىرلىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەر

ئامانگۈل نىياز

( ئاقسۇ شەھىرى ئېگەچى يېزىلىق بالىلار يەسلىسى 843000 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە بالىلار يەسلىسى مۇدىرلىرىنىڭ سىياسىي ئېڭى كۈچلۈك بولۇشى؛ گۈزەللىككە ئەھمىيەت بېرىدىغان، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي بولۇشى؛ ھەرقاچان ئىللىق چىراي، ئانىلارغا خاس چوڭقۇر مۇھەببەتلىك قەلب بولۇشى؛ ئىنچىكە ھېسسىيات ئۆزگىرىشلىرىنىمۇ بىر قاراپلا بايقىيالايدىغان ئۆتكۈر كۆز ۋە توغرا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى بولۇشى؛ ئېلاستىكلىق خاراكتېرغا ئىگە بولۇشى؛ پاك - دىيانەتلىك خىزمەت ئىستىلى، جۇشقۇن كەيپىيات بولۇشى كېرەكلىكى بايان قىلىنغان .

**摘要**: 本文讨论了幼儿园教师要强化提高政治思想意识,提高审美水平,培育创新意识,展现笑容笑貌,具备仁滋宽容的母性,能发现和判断幼儿的感情变化。

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون يەسلى مائارىپىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىرگە بالىلار يەسلىسى قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى مۇھىم خىزمەتلەر كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، نۇرغۇن مەبلەغ ئاجراتتى، شۇنداقلا بالىلارنى ھەقسىز ياتاق، تاماق، ئەلا مۇھىت ۋە ئوقۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. خۇددى پەيلاسوپلار ئېيتقاندەك ئادەت - خاراكتېرنى شەكىللەندۈرىدۇ، خاراكتېر تەقدىرنى بەلگىلەيدۇ، بالىلار يەسلىسى — بالىلاردا ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈپ، بىلىم ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىدىغان ئورۇن، بالىلار دەسلەپكى تەپەككۇرنى يەسلىدە يېتىلدۈرىدۇ، ئوقۇتقۇچىلار ئوبرازىنىمۇ يەسلىدە تىكلەيدۇ، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى زاۋاللىققا يۈزلىنىشى مائارىپقا باغلىق بولىدۇ، مائارىپقا ئۇلنى قانداق سېلىش ناھايىتى مۇشكۈل ۋە شەرەپلىك ۋەزىپە، يېزىلاردىكى بالىلار يەسلىلىرى بالا تەربىيىلىگۈچى ۋە تازىلىق قىلغۇچى سەپلەنمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، تىزىس تۈزۈپ دەرس ئۆتۈشتىن تارتىپ تاماق تارقىتىش، قاچىلارنى يۇيۇش، كارىۋاتقا چىقىرىپ ئۇخلىتىش، تازىلىق قىلىش، بالىلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولۇشقىچە مۇرەككەپ ۋە ئىنچىكە خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇدىر ۋە ئوقۇتقۇچى ئىشلەيدۇ، شۇڭا بالىلار يەسلىسى مۇدىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى بىر قەدەر ئېغىر. مۇدىرىنىڭ ساپاسى بالىلارنىڭ كەلگۈسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

بالىلار يەسلىسى مۇدىرلىرىنىڭ سىياسىي ئېڭى كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. بالىلار يەسلىلىرىدە بىرقانچە مىللەت بالىلىرى ئوقۇيدۇ، ماس ھالدا ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى ئىشلەيدۇ، مۇقىملىق، بىخەتەرلىك - يەسلى خىزمىتىنىڭ جان - تومۇرى، مۇدىرلار سىياسىيغا سەزگۈر بولۇپ، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن باشقۇرۇشقا ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مۇقىملىق ۋە بىخەتەرلىكنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ھەممە مىللەتكە باراۋەر مۇئامىلە قىلالايدىغان، ۋەزىيەتكە تەڭ ماسلىشىپ ماڭالايدىغان ئىلغار سىياسىي ساپانى ھازىرلىشى كېرەك .

يەسلى مۇدىرلىرى خىزمەتكە مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە خىل تىلنى پىششىق بىلىشتىن سىرت يەنە ئۇستا ناتىق، يېزىقچىلىق قابىلىيىتى يۇقىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكنى تەڭ يېتىلدۈرۈشى كېرەك. يەسلىنىڭ تۈرلۈك پىلان، خۇلاسە، يىغىن خاتىرىسى، پائالىيەت خاتىرىسى، نۇتۇق خاتىرىسى يېزىش ۋە خاتىرىگە پۈتۈلگەنلەرنى ئورۇنلاش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە ئۆزى بىۋاسىتە قاتنىشىشتىن سىرت يەنە يەسلىنىڭ كۆكەرتىش، ئاشخانا، رېمونت، شارائىت ياخشىلاش، ئوقۇتۇش خىزمەتلىرى نۇرغۇن شەخسلەرنىڭ قوللىشى بىلەن يۈرىشىدىغان بولغاچقا مۇناسىۋەتكە ماھىر، پائالىيەتچان بولۇشى كېرەك .

بالىلار يەسلىسى مۇدىرلىرى گۈزەللىككە ئەھمى-

يەت بېرىدىغان، تىرىشچان، ئىزدىنىشچان، يېڭىلىق
يارىتىش روھىغا باي بولۇشى كېرەك. چوڭلار ئىش ـ
لىتەلمىگەن ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەرنى بىمالال
ئىشلىتەلىشى، ئىنتېرنېت تورىنىڭ يەر شارىنى
كىچىككىنە بىر كەنتكە ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقى، ئا ـ
ئىلە باشلىقلىرىنىڭ ئېھتىياجى، تەرەققىيات سۈرئـ ـ
ىتىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە تېزلىشىشى قاتارلىق مۇ ـ
دىرلارنى باشقىلاردىن بىر قەدەم ئالدىدا مېڭىشقا
ئۈندەيدۇ. ئۇلار ماتېرىيال كۆرۈش، توردىن پايدىلى ـ
نىش، تۈرلۈك ئىلغار تەجرىبىلەرنى ئىگىلەش،
يېڭى ـ يېڭى ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، پىروگرامما ـ
دىن چەتنەپ كەتمىگەن ئاساستا بالىلارنىڭ ئەقلىي
قابىلىيىتىگە ماسلاشتۇرۇپ دەرسلىكلەرنى، بالىلار
ئويۇنلىرىنى ۋە باشقا پائالىيەت شەكىللىرىنى لايى ـ
ھەلەپ، بىزەشكە تېگىشلىك جايلارنى ۋاقتى ـ قەرە ـ
لىدە ئۆزگەرتىپ، بېزەپ، گۈزەل، رەڭدار بىر كارتون
دۇنياسىدا كۆڭۈللۈك ئوقۇش شارائىتى بەرپا قىلىش
كېرەك.

بالىلار يەسلىسى مۇدىرلىرى «ئۆزى ئۈلگە بولۇپ
ئادەم تەربىيەلەش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى كې ـ
رەك. ھەرقانداق تەربىيەنىڭ ئۈنۈملۈك شەكلى ـ ئە ـ
مەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئۈلگە كۆرسىتىش، يەس ـ
لىلەردىكى دەرسخانا ـ ئېچىۋېتىلگەن، خاسلاشقان
دەرسخانا بولۇپ، كۈچلۈك قابىلىيەت تەلەپ قىلىدۇ.
نۆۋەتتە يەسلىلەردىكى ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك
مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يەسلى مائارىپ
كەسپىنى پۈتتۈرمىگەن بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار
يەسلىلەرگە تەقسىم قىلىندى، گەرچە ئۇلار ھۆكۈمەت
ئۇيۇشتۇرغان تەربىيەلىنىشلەرگە قاتنىشىۋاتقان
بولسىمۇ، تازا يېتەرلىك ئەمەس. شۇڭا مۇدىرلار بار ـ
لىق سىنىپلارغا مۇۋاپىق سائەتتە دەرس ئۆتۈپ،
ئىچكى ھالقىلارنى ئىگىلەش بىلەن باشقا ئوقۇتقۇ ـ
چىلارغا ئۈلگىلىك دەرس ئۆتۈپ بېرىپ، قەرەللىك
ۋە قەرەلسىز دەرس تىڭشاپ، باھالاش ئېلىپ بېرىش
ئارقىلىق ياش ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەش مەقسى ـ
تىگە يېتىش كېرەك .

بالىلار يەسلىسى مۇدىرلىرىدا ھەرقاچان، ئىللىق
چىراي، ئانىلارغا خاس چوڭقۇر مۇھەببەتلىك قەلب،
سەۋر تاقەتلىك ئەپۇچان خاراكتېر بولۇش كېرەك.
ئادەم ھېسسىيات ئىگىسى، بالىلار يەسلىدە مۇھەببـ ـ
بەت ـ نەپرەت ، سۆيۈش ـ سۆيۈلۈش، خۇشاللىق ـ
ئازاپ، زېرىكىش ـ ھۇزۇرلىنىش قاتارلىقلارنى دەس ـ
لەپكى قەدەمدە ھېس قىلىدۇ، شۇنداقلا باشقىلارغا
كۆيۈنۈش، ئۆزئارا يول قويۇشتەك ئىجتىمائىي ئالاقە
ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرۇشكە باشلايدۇ، بىر قىسىم با ـ
لىلار ئائىلىدىكى بايرام ۋە ئارام ئېلىش ۋاقتى تو ـ
شۇپ يەسلىگە كەلگەندە ياكى يېڭى قوبۇل قىلىنغاندا
يەسلىدە ئوقۇشنى خالىمايدۇ، شۇنداق چاغلاردا مۇ ـ
دىر بولغان ئادەم پۈتۈن قابىلىيەت ۋە مېھرىنى ئىش ـ
قا سېلىپ شۇ بالىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش كېرەك،
تەكرار تەربىيە ئىشلەشنى ۋاقىت ئىسراپچىلىقى،
يالۋۇرغانلىق دەپ قارىماي، شۇ بالىنىڭ يىغلاپ تۇ ـ
رۇپ ھاقارەتلىشىگە، ھەتتا تېپىپ، تاتىلاپ، قالايمى ـ
قان بالىلارچە ئۇرۇشلىرى تاقەت قىلىپ، مېھرى بى ـ
لەن تەسىرلەندۈرۈش، سۆيۈشكە تېگىشلىك بالىلارنى
سۆيۈش، باغرىغا بېسىشقا تېگىشلىك بالىلارنى باغ ـ
رىغا بېسىش، كۆتۈرۈشكە تېگىشلىك بالىلارنى كۆ ـ
تۈرۈش، مۇڭدىشىش، توساتتىن ئىچى سۈرۈپ كەت ـ
كەن بالىلارنى پاكىزلاش، كەپسىز بالىلارنى سەۋر ـ
چانلىق بىلەن يېتەكلەش، ئۇخلاپ ـ قوپۇش جەريا ـ
نىدا كىيىمىنى كىيەلمىگەنلەرنىڭ كىيىمىنى كىي ـ
دۈرۈپ قويۇش ئارقىلىق مەسىلىلەرنى توغرا ھەل
قىلىپ، باشقا ياش ئوقۇتقۇچىلارغا ئۈلگە بولۇش
كېرەك.

يەسلى مۇدىرلىرى ئېلاستىكلىق خاراكتېرغا ئى ـ
گە بولۇش كېرەك. يەنى دەرسخانىدا تەلەپچان ئۇس ـ
تاز، ئىشخانىدا قابىل رەھبەر، پائالىيەتلەردە تەش ـ
كىللىگۈچى، ئائىلە باشلىقلىرى خىزمىتىدە ھەم ـ
كارلاشقۇچى، باشقا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەردە يې ـ
تەكلىگۈچى، كونترول قىلغۇچىدىن ئىبارەت رول
ئوينىشى كېرەك، كۆكەرتىش ئەمگىكى، تازىلىق پا ـ
ئالىيىتىدە جاپانى كۆپرەك تارتىشى، دەرستىن
سىرتقى پائالىيەتلەردە ئوقۇتقۇچى ۋە بالىلارنىڭ
ياخشى دوستى بولۇپ، ئۇلار بىلەن بىرگە ئويۇن
ئويناش، بالىلارنىڭ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ غەمگۈزارى
بولۇش كېرەك.

يەسلى مۇدىرلىرى كەسپىي روھقا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئادەمدە روھ بولىدۇ، كەسپىي خادىملارغا نىسبەتەن ئەڭ مۇھىم بولغىنى يۈكسەك كەسپىي روھ مەنزىلىگە ئىنتىلىشتۇر. بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى ئۇنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلانسا، بۇنداق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۇنىڭ شەخسىي تەرەققىيات دەرىجىسى بىلەن كەسپىي ئىقتىدارىنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە يېتىشىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا يەسلى مۇدىرلىرى بىر بايقىغۇچى، تەتقىقاتچى، مۇلازىمەتچى، يېتەكلىگۈچى، يەسلىنىڭ روھىي ئىنژېنېرى، ئەخلاقلىق رەھبىرى بولۇشى؛ كىشىلىك ھايات ئارمانلىرى بىلەن يەسلى مائارىپ ئىشلىرىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشى؛ كۈچلۈك بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن تارىخىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈشى؛ ئۆز خىزمەت ئىقتىدارى، ئۆز تەرەققىياتى ئارقىلىق يەسلىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆز ئىشىم دەپ بىلىشى كېرەك.

يەسلى مۇدىرلىرى توغرا ھوقۇق قارىشى، ئورۇن قارىشى، مەنپەئەت قارىشى، سىياسىي نەتىجە قارىشى، تەرەققىيات قارىشى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى، ئىختىساسلىقلار قارىشى، مائارىپ قارىشى ۋە سۈپەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشى؛ پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىش، ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇش ئاڭلىقلىقىنى، قانۇن - تۈزۈم ئېڭىنى ۋە قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى، كەسپىي تەربىيەلىنىشى بىلەن كەسپىي ئەخلاقىنى يېتىلدۈرۈشى، ئەخلاق جەھەتتە تېخىمۇ يۈكسەك پەللىگە ئىنتىلىشى؛ گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەتتە خەلق يەسلىدىكىلەرگە، جۈملىدىن خەلق ئاممىسىغا ئۈلگە بولۇشى؛ يەسلى باشقۇرۇش خىزمىتى جەھەتتە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى، ئەخلاق جەھەتتە يەسلىدىكىلەرگە ئۈلگە بولۇپ نەمۇنىلىك رول ئوينىشى؛ ئۆز مەنپەئەتى بىلەن كوللېكتىپ مەنپەئەتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشى، زۆرۈر تېپىلغاندا باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى، ھەر ۋاقىت خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك.

يەسلى مۇدىرلىرى باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. بالىلارنى قىزغىن سۆيۈشى، بالىلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئاساس قىلىشى، بالىلارنىڭ كۆپ تەرەپتىن يېتىلىشىگە ئەھمىيەت بېرىشى، جىسمانىي، ئەقلىي جەھەتتىن تەڭ تەرەققىي قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشى؛ ئوقۇتقۇچى ۋە تەربىيەچىلەرنىڭ بەلگىلىمە، تەلەپلە بويىچە ئىش ئورنىغا چىقىشىنى يولغا قويۇشى، قاتتىق تەكشۈرۈش، سىناش تۈزۈملىرىنى تۇرغۇزۇشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى، تۈرلۈك پايدىلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، قەرەللىك ھالدا ئاتا - ئانىلار يىغىنلىرىنى ئېچىپ، بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

دېمەك، يەسلى مۇدىرلىرى يەسلىنىڭ تەشكىللىگۈچىلىرى، تەربىيەلىگۈچىلىرى، باشقۇرغۇچىلىرى، يەسلى بالىلىرىنىڭ جىسمانىي، روھىي جەھەتتىن ساغلام تەرەققىي قىلىشىنىڭ پسىخىك يېتەكچىسى، يەسلى بىلەن بالىلارنى باغلاپ تۇرىدىغان كۆۋرۈك، يەسلى كوللېكتىپىنىڭ باشلامچىسى. يەسلىدە ئوقۇ - ئوقۇتۇشنى كۈچەيتىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش يەسلى مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى. ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش بىلەن ئىسلاھاتنىڭ، يەسلى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئېھتىياجى. شۇڭا بالىلار يەسلىسى مۇدىرلىرى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، رەھبەرلىك قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ، سەۋرچان بولۇپ، بالىلار يەسلىسىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى توغرا يېتەكلىشى؛ ساغلام تەن ساپاسىنى، ئىدىيەۋى سىياسىي ساپانى، ئەخلاق ساپاسىنى، ياخشى پسىخىك ساپاسىنى، ئىقتىدار ساپاسىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

مۇھەررىر: ئوسمانجان مۇھەممەت

# زامانىۋى مەدەنىيەت ۋە نەشرىياتچىلىق توغرىسىدا

**مەنسا روزى**

( شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 830049 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تەرەققىيات ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ ۋە ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. بۇ ماقالىدا نەشرىياتلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىپ، نەشرىياتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشنىڭ لازىملىقى، جۈملىدىن نەشرىيات ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان مۇھەررىرلەرنىڭ نەشرىياتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا قانداق رول ئوينايدىغانلىقى، زامانىۋى مەدەنىيەتنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن قانداق تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق مۇھاكىمە قىلىنغان.

**摘要:** 文化建设在推进发展和长治久安中有着重要作用和突出地位。本文通过实例分析，讲述了出版社如何现代文化的引领作用并介绍了作为图书出版工作的重要组成部分——图书编辑，在现代文化发展及文化宣传普及过程中的作用。

ئىلغار مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىش ئىدىيەسىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە بۇنىڭغا ئالاقىدار مەدەنىيەت ـ ساياھەت بايرىمى، تور مەدەنىيىتى بايرىمى قاتارلىق تۈرلۈك پائالىيەتلەرنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى، جۈملىدىن دېھقانلار ئائىلە قىرائەتخانىلىرىنىڭ كۆپىيىشى، كۇتۇپخانا، قىرائەتخانىلارنىڭ ھەقسىز ئېچىۋېتىلىشى، كومپيۇتېر، ئىنتېرنېت تورى قاتارلىق زامانىۋى قوراللارنىڭ تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كىرىشى، دۇنيانىڭ ئۇچۇرلىشىشى، نەشرىياتلارنىڭ سىفىرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى نەتىجىسىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىمۇ گۈللىنىپ، يېڭى بىر تەرەققىيات پۇرسىتىنى كۈتۈۋالدى.

زامانىۋى مەدەنىيەت بىر مىللەت، بىر دۆلەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئاساسىدا راۋاجلىنىپ، دۇنيادىكى ئىلغار ئىدىيە، ئىلغار مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلىپ، باشقىلارنىڭ مەدەنىيەت يېڭىلىقلىرىنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا ماسلاشتۇرۇش، تەدبىقلاش ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن بىر خىل مەدەنىيەت. شۇڭا ئۇ ھەرقايسى قاتلامغا، ساھەگە چوڭقۇر سىڭىپ كىرەلەيدۇ. شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ خىل مەدەنىيەت گىرەلەشكەن، كۆپ ئۇچراشقان جاي، شۇڭا شىنجاڭدا زامانىۋى مەدەنىيەتنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرغىلى بولىدۇ. نەشرىياتچىلىقمۇ مەدەنىيەتنىڭ بىر قانىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، زامانىۋى مەدەنىيەتنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئىلغار مەدەنىيەتنى تەشۋىق قىلىشتا باشلامچىلىق رولىنى ئوينايدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، نەشرىياتلار ئالدى بىلەن ئىلغار مەدەنىيەتنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىپ، نەشرىياتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشى، نەشرىيات خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، زامانىۋى مەدەنىيەتنى كېڭەيتىش، ناچار، قالاق، ۋاقتى ئۆتكەن، قاتمال ئىدىيە، كۆزقاراشلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئاممىنى ئىلغار مەدەنىيەت بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، مەدەنىي، ساپالىق، مەنىۋىيىتى ساغلام كىشىلەردىن بولۇپ ياشاشقا يېتەكلىشى كېرەك.

## 1. تىرىشچان مۇھەررىرلەر قوشۇنى نەشرىياتنىڭ زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولىدۇ

مۇھەررىرلەر قانچە تەلەپچان، تىرىشچان بولسا، ئىلغار مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى بىلسە، نەشرىيات رەھبەرلىكىگە زامانىۋىلىقتا ئائىت تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى بېرىپ، تېخىمۇ ئىلغار، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئۈسكۈنىلەرنىڭ كىرىشىگە تۈرتكە بولالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن

نەشرىيات تەبىئىي ھالدا تېخىمۇ زامانىۋىلىشىدۇ، ئىلغارلىشىدۇ. چەت ئەللەردىكى نۇرغۇن داڭلىق نەشرىياتلار قانداقتۇر بىر - ئىككى ئادەمنىڭ ئىدىيەسى بويىچە قۇدرەت تېپىپ دۇنياغا تونۇلغان ئەمەس، بەلكى ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ، جۈملىدىن كۆپرەك تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، ئەقلىي ئەمگەك قىلىدىغان مۇھەررىرلەرنىڭ ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا يولۇققان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا ئەقىل كۆرسىتىشى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تۈرتكىسىدە دۇنياغا تونۇلغان.

ئىلغار تېخنىكا ۋە ئىلغار مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ تەسىرىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نەشرىياتلارغا نۇرغۇن زامانىۋى، ئىلغار ئۈسكۈنىلەر سەپلەنگەن بولسىمۇ، نۇرغۇن مۇھەررىرلەرنىڭ تېخنىكا سەۋىيەسى ئىلغار ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىشكە، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، كىتاب - ژۇرنالنىڭ ئوقۇشچانلىقىنى، جەلپكارلىقىنى ئاشۇرۇشقا يەتمەيۋاتىدۇ، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدا كىتاب - ژۇرنال چىقىرىۋاتقان نەشرىياتلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت مۇھەررىرلىرىدە بۇنداق ئەھۋاللار گەۋدىلىك بولماقتا. نۇرغۇن مۇھەررىرلەر زامانىۋىلىشىشنى خالايدۇ - يۇ، ئۆزى بىۋاسىتە قول سېلىپ ئىشلەشنى خالىمايدۇ، ئىلغار ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتەلەيدىغان ئادەملەرنىڭ قوبۇل قىلىشىنىلا ئارزۇ قىلىدۇ. ئەگەر مۇھەررىرلەر بۇ كۆزقاراشنى ئۆزگەرتمىسە، تىرىشىپ ئۆگەنمىسە، ھەم ئىلغار ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنالايدىغان، ھەم تەھرىرلىك قىلالايدىغان ياشلارغا ئۆزلىكىدىن ئورۇن بوشىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇڭا مۇھەررىرلەر رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ كۈنىنىڭ ئۆتكىنى ھېساب دەيدىغان ئىدىيەدە بولماسلىقى، ئەكسىچە تىرىشىپ ئۆگىنىپ، زامانىۋى قوراللاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ جاپاسىنىمۇ يېنىكلىتىشى، ئىش ئۈنۈمىنىمۇ ئاشۇرۇشى، شۇ ئارقىلىق نەشرىياتنىڭ تېخىمۇ ئىلغارلىشىشىغا، زامانىۋىلىشىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

مۇھەررىرلەر ئىزدەنمىسە، تىرىشمىسا، ھەرقانچە ئىلغار، خەلقئارالىق سەۋىيەدىكى ئۈسكۈنىلەرنى سەپلىگەن تەقدىردىمۇ، نەشرىيات زامانىۋىلاشمايدۇ. نەشرىيات ئورۇنلىرىدا زامانىۋى ئۈسكۈنىلەرنىڭ كۆپەيگەنلىكى ئۇنىڭ زامانىۋىلاشقانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ شۇ ئۈسكۈنىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، كىتاب سۈپىتىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ، جامائەتچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلىشى زامانىۋىلاشقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

**2. كەسپىي ئۆگىنىشنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن مۇھەررىرلەر نەشرىياتنىڭ زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىشنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بولالايدۇ**

كەسپىي ئۆگىنىش ھەرقانداق كەسىپتىكىلەر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، نەشرىيات خىزمەتچىلىرى ئۈچۈنمۇ شۇنداق. لېكىن نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنىڭ ئېڭىدا كەسپىي ئۆگىنىش بىر خىل زېرىكىشلىك ئۇقۇم، ئەمەلىيەتتە ھازىرقىدەك زامانىۋىلىققا يۈزلەنگەن دەۋردە، كەسپىي ئۆگىنىشنىمۇ زامانىۋىلاشتۇرۇش كېرەك. ھازىر دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە نەشرىيات باشقۇرۇش ئىشلىرى راۋاجلىنىپ، نەشرىياتلارنىڭ مەخسۇس تور بېكىتى، ئېلېكتىرونلۇق كىتابلىرى، ئېلېكتىرونلۇق كۇتۇپخانىلىرى، تور ژۇرنىلى قاتارلىقلار كۆپىيىۋاتىدۇ.

مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، كورىيە ھۆكۈمىتى 2009 - يىلى مايدا كورىيە بويىچە ئەڭ چوڭ سىفىرلاشقان كۇتۇپخانا قۇرۇلۇشىنى باشلىغان. بۇ كۇتۇپخانىغا 1 تىرىليون 160 مىلياردتىن ئارتۇق رەقەملىك مەزمۇن سىغىدىكەن، بۇ كۇتۇپخانىدا سىفىرلىق قىرائەتخانىدىن 252 سى بولۇپ، ئوقۇرمەنلەر قىرائەتخانىدا ئولتۇرۇپلا، مەملىكەت ئىچىدىكى 10 مىليوندىن ئارتۇق ئىلىم - پەن ئۇچۇرىدىن، چەت ئەللەرنىڭ 7200 دىن ئارتۇق ئىلىم - پەن ئۇچۇرىدىن، دۆلەتنىڭ سىياسەتلىرىگە ئائىت نۇرغۇن ماتېرىيالدىن پايدىلىنالايدىكەن، كۇتۇپخانىغا يەنە سىن ئالغۇ ئاپپاراتى، ۋىدېئو قاتارلىق ئىلغار ئۈسكۈنىلەر سەپلەنگەن بولۇپ، ئۇلاردىن ھەقسىز پايدىلىنىشقا بولىدىكەن. بۇ بىزگە دۇنيانىڭ زامانىۋىلىشىش قەدىمىنىڭ قانچىلىك تېزلىقىنى، زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ قۇدرىتىنى ھېس قىلدۇر-

دۇ. مۇھەررىرلەر پات ـ پات تورغا چىقىپ، مۇ ـ
شۇنداق يېڭىلىقلاردىن ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ تۇ ـ
رۇشى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ نەشرىياتلارنىڭ تەجرى ـ
بىسىنى ئۆگىنىشى، تور قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ
باشقا تىللارنى ئۆگىنىشى، خىزمەت داۋامىدا چەت
ئەل تىلىغا ئائىت ئاتالغۇلارنى ئۇچراتسا، ئۇنى
توغرا ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. شۇ ـ
نىڭ بىلەن بىللە، ئۆگىنىش جەريانىدا ھېس قىلغان ـ
لىرىنى نەشرىيات رەھبەرلىكىگە دوكلات قىلىپ تۇ ـ
رۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، نەشرىياتنىڭ زاما ـ
نىۋىلىشىشىغا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ. ئەمما ھازىر
بىزنىڭ نۇرغۇن مۇھەررىرلىرىمىز تېخى ئانا تىلى ـ
نىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالمايۋاتىدۇ. كىتابلى ـ
رىمىزدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوگىكا، گىرامماتىكا قا ـ
ئىدىسىگە چۈشمەيدىغان، قوپال، يىرىك سۆز ـ
جۈملىلەر ھەدېگەندىلا ئۇچراپ تۇرۇۋاتىدۇ. تىنىش
بەلگىلىرىنىڭ جايىدا ئىشلىتىلمەسلىكى، جۈملى ـ
لەرنىڭ خاتا ئىشلىتىلىشى ئېغىر. مەن يېقىندا
«تىجارەت ۋە ھېسابات» ناملىق بىر كىتابنى ئوقۇپ
چىقتىم. كىتابنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى بىر قى ـ
سىم بايلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھال خاراكتېرلىك
تونۇشتۇرۇلمىسى بار ئىكەن، ئۇنىڭدا بۇ بايلارنىڭ
ئىگىلىك تىكلەش جەريانى بايان قىلىنغانلىقتىن،
پۇلغا ئالاقىدار سۆزلەر كۆپ ئىدى. ئۇنىڭدا بەزى
يەرلىرىدە پۇل بىرلىكى «يۈەن» دەپ ئېلىنسا، بەزى
يەرلىرىدە «سوم» دەپ ئېلىنغان. ئەمەلىيەتتە ھازىر
ئەدەبىي تىلىمىزدا «يۈەن» دېگەن پۇل بىرلىكى ئو ـ
مۇملاشقان، «سوم» دەپ پۇل بىرلىكى يوق، بۇنى
مۇھەررىر چوقۇم بىلىشى كېرەك. گەرچە ئېغىزدا
سوم، كوي، يۈەن دېگەندەك سۆزلەرنى كۆپ
ئىشلەتسەكمۇ، ئورتاق ئەدەبىي تىلدا «يۈەن» دەپ
قوللىنىلىدۇ.

شۇ كىتابتا يەنە «راۋىپىزىدىن ئىگىلىك تىكلىگەن
ئىستۇدېنت» دېگەن بىر ماۋزۇدىكى ماقالە بار. بۇ
ماقالىنىڭ ماۋزۇسىلا خاتا، چۈنكى ئىستۇدېنت دې ـ
گەنلىك ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلارنى كۆرسىتى ـ
دۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ماقالىدا تىلغا ئېلىنغان قىز ئا ـ
لىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، راۋىپىزىچىلىق
بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلى ـ
گەن. شۇڭا ئۇنى ئىستۇدېنت دېيىش لوگىكىغا ئۇيۇ ـ
غۇن ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئىستۇدېنتلىق ھاياتىنى تو ـ
لۇق ئاياغلاشتۇرۇپ بولغان. ئىككى بەتتىن كۆپرەك
بۇ ماقالىدە بەزى يەردە «راۋىپىزا» دېگەن سۆز، بەزى
يەردە «ئۆزگۈل» دېگەن سۆز، بەزى يەردە «ئۆزگۈل
راۋىپىزىسى» دېگەن سۆز قوش تىرناققا ئېلىنغان.
ئەمەلىيەتتە «ئۆزگۈل» لا قوش تىرناققا ئېلىنسا
توغرا بولىدۇ.

ھازىر نۇرغۇن مۇھەررىرلىرىمىز ئانا تىلىمىزنىڭ
ھۆددىسىدىنمۇ تولۇق چىقالمايۋاتىدۇ، بۇنداق ئەھۋال
ئاستىدا، مۇھەررىرلەرنىڭ نەشرىياتنى زامانىۋىلاش ـ
تۇرۇشتىكى رولى ھەرگىزمۇ دەۋرنىڭ كۈتكىنىدەك
بولالمايدۇ، شۇڭا مۇھەررىرلەر كەسپىي ئۆگىنىشنى
زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تىل ئۆ ـ
گىنىشكە ئەھمىيەت بېرىشى، كەسپداشلار بىلەن
كۆپرەك پىكىرلىشىشى كېرەك. ھازىر ئىجتىمائىي
مۇناسىۋەتكە ئەھمىيەت بېرىش، ئىجتىمائىي ئالاقى ـ
گە ماھىر بولۇش ئىنتايىن مۇھىم، ئىلگىرىكىدەك
باشنى كۆتۈرمەي، ھېچكىم بىلەن ئالاقە قىلماي ئۆ ـ
تىدىغان زامان كەلمەسكە كەتتى. چۈنكى جەمئىيەت
ئادەم بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، راۋاجلىنىدۇ.
مۇھەررىر ئىجتىمائىي ئالاقىگە ئەھمىيەت بېرىدى ـ
غان، باشقىلار بىلەن كۆپ پىكىرلىشەلەيدىغان بول ـ
سا، كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىدۇ، يېڭى ئىش، يېڭى
شەيئىلەر بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتى كۆپ بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، مۇھەررىرلەرنىڭ نەشرىياتنى
زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى رولى ئىنتايىن چوڭ، مۇ ـ
ھىمى، مۇھەررىرلەر شۇ رولىنى ياخشى جارى قىلى ـ
دۇرالىسا بولىدۇ. مېنىڭچە، نەشرىيات ئورۇنلىرى
مۇھەررىرلەرنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشىغا
ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بېرىشى، مۇھەررىرلەر
زامانىۋى مەدەنىيەتنى چوڭقۇر چۈشىنىشى، نەشرى ـ
ياتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ھازىرقى دەۋردە بېسىپ
ئۆتمىسە بولمايدىغان مۇقەررەر يول ئىكەنلىكىنى
چۈشىنىشى كېرەك.

مۇھەررىر : مەرۇپجان مەمتىمىن

# «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى تىككۈچىلىككە ئىزاھات

ماموت قۇربان

( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پېنسىيونېرى 830046 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئۇيغۇرلارنىڭ توقۇمىچىلىق تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، تارىختا ھەرخىل رەختلەرنى توقۇپ، ھەرخىل كىيىملەرنى تىكىپ كەيگەن. بۇ ماقالىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى تىككۈچىلىك، موزدوزلۇق، توقۇمىچىلىقتا ئائىت كۆپلىگەن ھۈنەرۋەنچىلىك ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھات بېرىلگەن.

**摘要**: 维吾尔族的织布业其有悠久的历史， 他们用自己织的布缝制了各种各样的衣服。 本文讨论了《突厥语大词典》中所提到的许多的手工艺术等问题。

«تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى بايانلاردىن ئۇيغۇرلار ئەينى چاغدا توقۇمىچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماي، تىككۈچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. لېكىن، توقۇمىچىلىق ئىشلىرىنى باپكارلار قىلسا، تىكىش ئىشلىرىنى تىككۈچىلەر قىلاتتى. «تىككۈچى» دېگىنىمىز پەقەت يىڭنە ئىش قىلىدىغانلارنى كۆرسەتسە، «جۇۋىچى» دېگىنىمىز تېرىدىن ئىشتان، جۇۋا تىكىدىغانلارنى، موزدۇزلار بولسا، مەخسۇس كۆن - تېرىدىن ئاياغ تىكىدىغانلارنى كۆرسىتەتتى.

مەھمۇد قەشقەرى تىكىمچىنى «يىمچى» (2 - توم، 64 - بەت) دەپ ئاتايدىغانلىقىنى يازىدۇ. «دىۋان» دا «ساپتى» دېگەن سۆز: «تىكىمچى يىڭنىگە يىپ ساپتى» (2 - توم، 2 - بەت) دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىمۇ تىكىمچىلەر رەختلەرنى كىيىم تىككۈزىدىغان ئادەمگە ئۆلچىۋالغاندىن كېيىن قايچا بىلەن كېسەتتى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «ئۇ تونىنى تەبجۇپ تىكتى» (3 - توم، 376 - بەت) دېگەن سۆزىدىن تون رەسمىي تىكىلىشتىن بۇرۇن تەبجۇپ تىكىپ كۆرۈپ ئاندىن ئارتۇق جايىنى چىقىرىۋېتىپ، ئىۋىنى ئالاتتى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ، «تون ئىۋىنى ئېلىندى» (2 - توم، 194 - بەت) دەپ يازغىنىدىن قارىغاندا، كىيىمنى ئالدى بىلەن سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن تەبجۇپ تىكىلگەندىن كېيىن (ئۇيغۇرلار بۇنى كۆك سېلىش دېيىشىدۇ)، ئاندىن رەسمىي تىكىشكە ئۆتكەندە، تەبجۇلگەن تىكىشنى سۆكۈۋېتىدىغان بىر ئىش دەپ قاراشقا بولىدۇ. كىيىملەرنى تىكىپ بولۇپ، كىيىمگە ئىزمە بېكىتەتتى، ئۇيغۇرلاردا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىغا قەدەر ئىزمە تۈگۈپ سېتىدىغانلار ۋە ئىزمە ياكى «تۈگمە» تۈگۈپ بېرىدىغانلارمۇ بولغان. مەھمۇد كاشىغەرى كىيىم تىكىش ھەققىدە شۇنچە كۆپ توختالغىنىدىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا كىيىم تىكىش تۇرمۇشتىكى مۇھىم ئىش ھېسابلىناتتى.

ئەينى ۋاقىتدا تىكىمچىلەر كىيىملەرنى ئەستەرلىك قىلىپ تىكەتتى. مەھمۇد قەشقەرى «ئىچلەندى»، «ئەستەرلەندى»، «ئۇ تونىنى ئەستەرلەندى» (1 - توم، 376 - بەت) دەپ يېزىش بىلەن بىللە «چۇرۇق بولسا ئادەم ئۇلداس؛ ئىچلىك بولسا ئات يېغىر بولماس» (1 - توم، 142 - بەت) دىگەن ماقالنى يازىدۇ. XI ئەسىردە ھەرقانداق كىيىمنىڭ ئەستەرلىنىدىغان ياكى ئەستەرلەنمەيدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. كىيىملەر ئەستەرلىنىپ تىكىلىپ پۈتكەندىن كېيىن، رەسمىي كەيگۈدەك ھالغا كەلگىنى «تىكىلىك تون» (1 - توم، 662 - بەت) دېيىلەتتى. «دىۋان» دىكى تىكىشكە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەردىن كىيىم ۋە باشقا نەرسىلەر ھەرخىل ئۇسۇلدا تىكىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

فولكلور شۇناسلىق

XI ئەسىردە «قىيىپ تىكىش»، «پىششىق تى-
كىش»، دېگەن مەنىدە «چىگىي يىپ» (3 - توم، 316 -
بەت) دېگەن سۆز ئىشلىتىلگەن. بۇ سۆز پىششىق
يىپتا (تولانغان يىپتا) زىچ، قېلىن قىلىپ تىكىل-
گەنلىكنى بىلدۈرسە كېرەك. XI ئەسىردىمۇ خۇددى
هازىرقىدەكلا كىيىملەر ئۆلچەمسىز، ناچار تىكىلىپ
قالسا بەزى يەرلىرى پۇرلىشىپ قالىدىغان، بەزى
يەرلىرى تارتىشىپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلەتتى،
بۇنداق كىيىملەر تىكىشتىن ئاسانلا سۆكۈلۈپ كې-
تەتتى. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «قاۋ» (3 - توم،
212 - بەت) دېگەن سۆزنى «تون ناچار تىكىلگەنلىك-
تىن تارتىشىپ قالدى» ۋە «تون پۈرلەشتى، تون
تىكىشىدىن سۆكۈلدى» (3 - توم، 178 - بەت) دەپ
ئىزاھلىغىنىدىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتىدىمۇ تى-
كىمچىلەرنىڭ نائۇستىلىقىدىن ياكى ئىشنى قول
ئۇچىدا قىلغانلىقىدىن كىيىم- كېچەك ئۆلچەمسىز
تىكىلىپ قالىدىغان ئەھۋاللارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلى-
كىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. «دىۋان» دا تىكىمچىلەر
ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرى ئىچىدە كىشىنىڭ
دىققىتىنى تارتىدىغان، ئەمما ئاز ئۇچرايدىغان
ئەھۋاللارمۇ بولۇپ، تىكىمچىلەر بەزىلەرنىڭ رەختى-
نى قىسىۋالاتتى. «دىۋان»دا «ئۇ، ئۇنىڭ تونلىقىدىن
قىسىۋالدى» (2 - توم، 14 - بەت) دەپ يېزىش ئار-
قىلىق ئەينى ۋاقىتىدىمۇ ناچار ئىللەت بارلىقىدىن
خەۋەر بەرگەن. XI ئەسىردە كىيىملەرنى تۈزەشنى
ئۆيلەردە ئاياللارمۇ، تىكىمچىلەرمۇ قىلاتتى. بۇنداق
ئەھۋاللار ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە.
مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «ئۇ ماڭا تون سۆكۈشۈپ بەر-
دى» (2 - توم، 146 - بەت) دەپ يازغىنىدىن قارى-
غاندا، XI ئەسىردىمۇ خۇددى ھازىرقىدەكلا كونىراپ
كەتكەن كىيىملەرنى ياماش ياكى يۇيۇش ئۈچۈن سۆ-
كىدىغانلىقى مەلۇم.

يىپ ئىگىرىشنى ئومۇمەن ئاياللار ئىشلەيتتى.
بەزىدە دېدەك، چۆرىلەرمۇ يىپ ئېگىرەتتى. «دىۋان»
دا «ئۇ چۆرىسىگە يىپ ئىگىرىتتى» (3 - توم،
582 - بەت)، «بۇ تولىمۇ يىپ ئىگىرگەك خوتۇن»
(1 - توم، 214 - بەت) دەپ يېزىلغانلىرىدىن قارى-
غاندا، XI ئەسىردە يىپ ئىگىرىشنى كەسىپ قىلغان
ئاياللارنىڭ بولغانلىقى، شۇزامانلاردىلا توقۇمىچىلىق
ئىشلىرىنىڭ راۋاجلانغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.
مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋان» دا يىپ ئىگىرىش ھەق-
قىدە شۇنچە كۆپ توختىلىشى، ھەتتا «ئىگىرىلگەن
يىپ» (1 - توم، 142 - بەت) دېگەنگە ئوخشاش
سۆزلەرنى يېزىشى، يىپ ئىگىرىشنىڭ كۆپ يەردە
تىلغا ئېلىنىشى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا يىپ ئى-
گىرىشنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.
XI ئەسىردە كىشىلەر قوي، تۆگە يۇڭلىرىدىن يىپ
ئىگىرىپلا قالماي، يەنە پاختىدىنمۇ يىپ ئىگىرەتتى،
مەھمۇد قەشقەرى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسى-
ۋەتتى بولغان توقۇمىچىلىق ئەشياسى كېۋەز توغرى-
سىدىمۇ توختىلىپ: «كېۋەز غوزىلىدى» (1 - توم،
386 - بەت) دەپ يازغان بولسا، يەنە بىر يېرىدە
«كېۋەز ئېرىغدىدى» (1 - توم، 399 - بەت) دەپ يا-
زىدۇ. كېۋەز كۈزدە يىغىۋېلىنىپ، قۇرۇتۇلۇپ «چى-
غىرىق» (1 - توم، 549 - بەت) تا چىگىتىنى ئايرى-
ۋېلىپ، پىلتە قىلىناتتى، يىپ ئىگىرىلىپ بولغان-
دىن كېيىن، قومۇشقا تۈرۈپ «يۆگىلەتتى» (2 -
توم، 506 - بەت). ئۇيغۇرلار يىپەك ياكى پاختا يىپ
كاللەكلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا «يۇمغاق» (3 -
توم، 510 - بەت)، دەپ ئاتىشاتتى. «يۇمغاق» (3 -
توم، 160 - بەت) قويۇلۇپ، پاتلىناتتى. يۇمغاق
پاتلاش كۆپىنچە قوناق ئۇنىدا ئېلىپ بېرىلاتتى.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ يىپ
ئىگىرىش ھۈنەرلىرى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرى-
دىن قارىغاندا، ئۇلار يىپنى تۇقۇلىدىغان ياكى ئۆ-
رۈيدىغان نەرسىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ ئىگىرىدىغانلىقى
مەلۇم.

رەختلەر ئاساسەن ھازىرقىدەكلا دۇكاندا توقۇلات-
تى، ئۇزۇنىسىغا تارتىلغان يىپلارخۇددى ھازىرقى-
دەكلا «ئۇرۇش» (1 - توم، 83 - بەت) دېيىلسە،
توغرىسىغا تارتىلىدىغان يىپلار «ئارقاق» (1 - توم،
159 - بەت) دەپ ئاتىلاتتى. توقۇمىچىلىقتا ئىشلى-

تىلىدىغان يەنە بىر خىل ئەسۋاب «كامان» (1 ـ توم، 508 ـ بەت) ئارقاق بىلەن يۇرۇشنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىشتا ئىشلىتىلەتتى، مانا بۇ XI ئەسىردە رەخت توقۇيدىغان دۇكان بارلىقىنىڭ ئىسپاتى.

مەھمۇد قەشقەرى چېدىردا ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ چىغدىن پەردە توقۇيدىغانلىقى، ھەمدە كىگىز چىلەرنىڭمۇ چىغدىن چوڭ ـ كىچىك ئۆلچەملىك «چىغدان» (3 ـ توم، 177 ـ بەت) دانلارنى تۇقۇپ ئىشلىتىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بېرىپلا قالماي، «يىكەن» (3 ـ توم، 28 ـ بەت) دىن توقۇلىدىغان بورا ھەققىدە توختالغان بولسىمۇ، لېكىن «قۇمۇش» (3 ـ توم، 177 ـ بەت) تىن بورا توقۇيدىغان ياكى تۇقۇمايدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر نىمە دېمىگەن. لېكىن، تۇرپان قارا غوجىدىكى بىر قىسىم قەبرىستانلىقلاردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى زامانلارغا تەۋە بولغان يىكەندىن توقۇلغان بورىلارنىڭ تېپىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆسۈملۈك تالالىرىدىنمۇ كەڭرى پايدىلانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. XI ئەسىردە ئۇيغۇرلار خۇددى ھازىرقىدەك يۇلغۇن، توغراق، سۆگەت تاللىرىدىن «سېۋەت» (1 ـ توم، 593 ـ بەت)، «چويلا» (3 ـ توم، 599 ـ بەت) لارنى توقۇسا، ئات قىلى ياكى كىرىچتىن «ئۆتكەمە» (1 ـ توم، 174 ـ بەت)، غەلۋىر، ئەلگەكلەرنى توقۇيتتى. چىگىدىن «كۇشۇك» (1 ـ توم، 525 ـ بەت) ۋە باشقا قاچىلارنى توقۇپلا قالماي، يەنە چىغدىنمۇ سېلىنچىلارنى، لاخسا (كۇشۇك) لارنى، چويلا، سېۋەتلەرنى توقۇيتتى، چىغ ۋە يىكەنلەرنى تۆگىلەرنىڭ قومۇلىرىغا سامان ئورنىدا ئىشلىتەتتى. بۇ خىل ئەھۋال ھازىرمۇ ئۇچرايدۇ. قۇمۇشتىن توقۇلىدىغان بورا ھازىرغىچە بازارلىرىمىزدا كەڭرى ئۇچرايدۇ، ئۇ ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىگە، كاڭلارغا سېلىنىشتىن باشقا، قاشا قىلىشقىمۇ ئىشلىتىلگەن. ھازىرچە «دىۋان» دا بۇسۆزلەرنى بايقىمىغان بولساقمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلار تېرىقچىلىق مەزگىلىدە چېقىرتماق ۋە چىغدىن كۆلا ئېشىپ قوش (ساپان) غا ئىشلىتەتتى. بۇلار سۇغا چىلاپ ئىشلىتىلسە پەقەت بىرقېتىملىق تېرىقچىلىق ئىشلىرىغىلا بولاتتى. بۇنداق ئەھۋالنى شەھەردىكىلەر بىلمەيتتى.

XI ئەسىردە موزدوزلار ئىش تاختىسى كۆتەك «تومرۇم يىغاچ » (1 ـ توم، 631 ـ بەت) دېيىلىدىغان كۆتەك ئۈستىدە ئىش قىلاتتى. كۆن، خۇرۇملارنى مۇشۇ كۆتەك ئۈستىدە «ئۇلاچى» ياكى «بەلچى» بىلەن كېسەتتى، يەنە ئۇلار ھازىرقى موزدوزلار ئىشلەتكەندەك «سىراج» (2 ـ توم، 414 ـ بەت) يېلىم ئىشلىتەتتى ۋە ياكى جىگدە يېلىمى بىلەن بۇغداي ئۇنىدىن تەييارلانغان «مولغۇي» (3 ـ توم، 332 ـ بەت) ئىشلىتەتتى. «دىۋان» دىكى تىككۈچىلىككە ئائىت ئاتالغۇلارغا ئاساسلانغاندا، موزدوزلار كىيىم تىككۈچىلەرگە ئوخشاش ئالدى بىلەن كىيىملەرنى ئۆلچەپ، كېيدۈرۈپ بېقىپ تىككەندەك، ئۆتۈك ۋە باشقا ئاياغلارنىمۇ خېرىدارلارنىڭ پۇتىغا ئۆلچەپ تىكەتتى، «دىۋان» دا پۇتىغا لايىق ئۆتۈك تىكىش ۋە تىكتۈرۈش ھەققىدە يازغان «ئۇ ئۆتۈكنى ماڭا لايىق قىلىپ بەر» (2 ـ توم، 461 ـ بەت) دېگەن سۆزدىن موزدوزلار قىلغان ئىشنىڭ پۇختا بولۇشىنى، خېرىدارلارنىڭ تەلىپىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. موزدوزلار ئاياغ كىيىمنىڭ پۇختا تىكىلىشى ئۈچۈن ئۆتۈكنىڭ تىكىش ئارىسىغا تېرىدىن ياكى قىرىمىدىن «زىغزىق » (3 ـ توم، 385 ـ بەت) سالاتتى. زىغزىق تېرە پۇرۇچلاردىن كېسىپ ئېلىناتتى ياكى خۇرۇمنى ئىنچىكە يىپتەك كېسىۋېلىپ تىكىش ئارىسىغا «زىغزىق» قوياتتى. مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان» دا «ئۆتۈكنىڭ تىكىش ئارىسىغا زىغزىق سالدى» دەپ يېزىپ، «ھەرقانداق نەرسىنى ئىككى نەرسە ئارىسىغا سىغداپ كىرگۈزسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ» دەپ ئىزاھلىغان.

ئىقتىسادى بىرقەدەر ياخشى بولغان ئەر، ئاياللارنىڭ ئۆتۈكلىرى كۆن (خۇرۇم ياكى تېرە) ياكى كىگىزدىن تىكىلەتتى. ئۇلار «ئويما» (2 ـ توم، 135ـ بەت) دەپ ئاتىلىدىغان بىرخىل كىگىز ھەققىدە توختىلىپ، «ئۇ ماڭا پايپاقلىق بېسىپ بەردى» دەپ يېزىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىگىزدىن ئۆتۈك (پىيما، پاي-

چاق) كىيىدىغانلىقى ۋە ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى-
دىن مەلۇمات بېرىدۇ. ئۇيغۇر كىگىزچى ئۇستىلار
ھازىرمۇ بۇ خىل ئاياق كىيىمنى يۇڭدىن قويىدۇ.
ئۇيغۇرلار پىيمىنى چوت كەكىگە ئوخشۇتۇپ «چوت
پايپاق» دەپ ئاتايدۇ. گەرچە «دىۋان» دا ئۆتۈك قى-
لىنغان كىگىز ھەققىدە بىر نەچچە يەردە توختالغان
بولسىمۇ، لېكىن «ئۆتۈك » (2 - توم، 296 - بەت)
دېگەن سۆزنىڭ كىگىز ئۆتۈك «پايپاق» دېگەننى بىل-
دۈرىدىغان ياكى بىلدۈرمەيدىغان توغرىسىدا ئېنىق
مەلۇمات يوق.

كىگىز ئېتىشمۇ توقۇمىچىلىقنىڭ بىر تۈرى بو-
لۇپ، ئادەتتە كىگىز بېسىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ، «بې-
سىش» دېگەن سۆز ھازىر كۆپىنچە كىگىزگە گۈل
بېسىشقا قارىتىلغان. مەھمۇد كاشغەرى كىگىزنىڭ
پۈت بىلەن تېپىلىپ بېسىلىدىغانلىقىنى ھەققىدە
توختىلىپ «ئۇ ماڭا پايپاقلىق بېسىشىپ بەردى»
(2 - توم، 135 - بەت) دەپ يېزىش ئارقىلىق پايپاق
قىلىنىدىغان كىگىزنى بېسىش ھەققىدە خەۋەر بەر-
گەن. ئۇ كىگىز بېسىش ئۈچۈن تەييارلانغان يۇڭ
«كىگىزلىك يۇڭ» (1 - توم، 659 - بەت) دېگەن
بىرلا سۆزنى يېزىپ قالدۇرغان. لېكىن كىگىزنىڭ
قانداق بېسىلىدىغانلىقى ھەققىدە ھېچ نەرسە دېمە-
گەن بولسىمۇ، بۇنىڭدىن بىز ھازىرقى كىگىزچىلەر-
نىڭ كىگىز ئېتىش ھۈنىرىنىڭ ئۇزۇن تارىخى
جەريانلارنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىنى بىلىمىز.
«ئۇ كىگىزنى قاپلان رەڭگىگە كىرگۈزدى»، يەنى
كىگىزگە ئالا چىپار گۈل باستى» (1 - توم، 415 -
بەت) دەپ يازغىنىدىن قارىغاندا، XI ئەسىردە
ئۇيغۇرلار بىر خىل رەڭلىك (سىدام) كىگىزلەر-
دىن باشقا يەنە گۈللۈك كىگىزلەرنىمۇ باسىدىغانلىقى
مەلۇم.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، كىگىز XI ئەسىردە
ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سەرەمجان ئىدى. ئۇي-
غۇرلاردا تاكى ھازىرغىچە داۋاملىق ئىشلىتىپ كې-
لىۋاتقان «جەيناماز»، بىر كىشىلىك كىگىز قاتار-
لىقلارمۇ يۇڭدىن ئېتىلىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى «يا-
زىم» دېگەن سۆزنى تۆشەك ۋە كۆرپە دېگەن مەنىدە
ئىشلەتكەن. بۇ سۆزگە ئاساسلانغاندا، گىلەمنى «يۇڭ-
لۇق كۆرپە» (3 - توم، 23 - بەت) تۈكلۈك كۆرپە
تۆشەك دېگەنلىكنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. شارائىتى
ياخشى ئائىلىلەر ئۆيلەرگە گىلەم سالاتتى. ماددىي
شارائىتى ياخشى بولمىغان ئائىلىلەر ئۆيلىرىگە
پالاس، «كىگىز» ياكى «گىلەم» بورا سالاتتى. مەھمۇد
قەشقەرى «كۆۋز» (1 - توم، 474 - بەت) دېگەن
سۆزنى كىگىز ۋە پالاسقا ئوخشاش نەرسىلەر دەپ تە-
رىپلىگەندىن كېيىن، «كۆۋۈز» (3 - توم، 224 -
بەت) دېگەن سۆزنىمۇ «يۇڭدىن ياسالغان سېلىنچا،
تۆشەك، گىلەم، پالا دەپ تەرىپلەيدۇ. بۇ ئىككى سۆز-
نىڭ ئەرەبچە مەنىلىرىنىڭ ئاساسەن ئوخشاپ كېتى-
دىغانلىقىغا قاراپمۇ، ئۇلار ئوخشاشلا «سېلىنچا» دې-
گەن مەنىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز.
ئەمما ئۇيغۇرلار ھازىرمۇ يۇڭدىن ئىشلەنگىنىنى
«كىگىز» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

**پايدىلانمىلار:**

1. مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، مىللەت-
لەر نەشرىياتى، 1 - توم، 1980 - يىل 8 - ئاي، 1 - نەش-
رى

2. مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، مىللەت-
لەر نەشرىياتى، 2 - توم، 1983 - يىل 6 - ئاي 1 - نەش-
رى

3. مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، مىللەت-
لەر نەشرىياتى، 3 - توم، 1984 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى

**مۇھەررىر: ھەزرىتى ئەلى بارات**

# ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندارچىلىق ئادەتلىرى توغرىسىدا

بەختىگۈل نىزاق

( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 830046 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مېھماندارچىلىق ئەخلاقى، مېھماندارچىلىق قائىدە ـ يوسۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆزگىچە جۇلالىنىدۇ. بۇ ماقالىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق مېھماندارچىلىق ئادەتلىرى، جۈملىدىن مېھماننى قانداق كۈتۈش، قانداق تائاملارنى تەييارلاش، قانداق ئۇزىتىش، مېھمانغا تائاملارنى سۇنغاندا، باشقىلارنىڭكىگە مېھمانغا بارغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش قاتارلىق قائىدە ـ يوسۇنلار توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن.

**摘要**: 请客道德和请客礼仪在维吾尔族的文化中绽放光彩。本文探讨了维吾尔族请客习俗，即主人怎样招待客人，准备怎样的饮食，如何给客人送餐，如何送客，怎样去对方拜访家等礼仪需要注意的礼仪事项。

ئۇيغۇر خەلقى مېھماندوست، خۇشخۇي، داستىخىنى كەڭ مىللەت بولۇپ، مېھماننى ناھايىتى چوڭ بىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندوستلۇقى ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش مۇناسىۋەتلىرى جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن، شۇنداقلا ئەجدادلاردىن ئەۋلادلارغا ئۆزلىشىپ، ئۈزۈكسىز داۋاملىشىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ ئۆرپ ـ ئادەتكە، ئېسىل ئەنئەنىگە ئايلانغان.

ئۇيغۇرلاردا مېھمان ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى مەخسۇس چاقىرىلغان مېھمان، يەنە بىرى چاقىرىلمىغان مېھمان. ئەلۋەتتە بۇ ئىككى خىلدىكى مېھماننى كۈتۈشتىكى تەلەپلەرمۇ بىر ـ بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ، شۇ سەۋەبلىك ئۇيغۇرلار مېھمانلارنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ مۇۋاپىق دەرىجىدە كۈتۈۋېلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. مېھماننى بەرىكەتنىڭ، مولچىلىقنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە «ئۆزى كەلگەن مېھمان خۇدايى مېھمان»، «مېھمانلىق ئۆي بازار»، «مېھمىنى كۆپنىڭ دوستى كۆپ، دوستى كۆپنىڭ ئامىتى كۆپ»، «ياخشى مېھمان ئاش ئۈستىگە» دېگەندەك ھېكمەتلەر ئوتتۇرىغا چىققان.

بۈيۈك مۇتەپەككۇر، ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ شاھانە ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» دە مېھماننى ياخشى كۈتۈش ھەققىدە «ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا زىياپەتكە چاقىرىش ھەققىدە ئېيتقانلىرى» دېگەن بابىدا مۇنداق دەيدۇ:

قىچقىرماق بولۇرسەن ئەگەر كىشىنى،
قىچىر ياخشى قىلغىن كۈتۈش ئىشىنى.
سېلىپ كۆرپە، داستىخان، قاچا تازا قىل،
يېمەك ـ ئىچمەكنى ئوبدان خىللىغىل.
غىزانى ياسا پاك ھەم تاتلىق قىلىپ،
يېسۇن زەۋقى بىرلەن قولىنى سېلىپ.
ئىلاج بار يېمەكنى شۇڭا راسلاپ خوپ،
يېتىشسۇن مېھمانلار پۇتۇنلەي تويۇپ.
تىلىسە قۇۋقا بار، تىلىسە مىزاپ،
ھەسەل ـ گۈل شاراب بەر، تىلىسە جۇلاپ.①

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، مېھمان كۈتۈش ناھايىتى ئىنچىكىلىكنى، ئەستايىدىللىقنى، ئەتراپلىق تەييارلىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئەمگەك بولۇپلا قالماي، يەنە ئېسىل ئەنئەنىنىڭ بىرى. مېھمان كۈتۈشتە پەقەت تائاملار مول، يېتەرلىك بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ. ھەربىر سۆز، ھەربىر ھەرىكەت، ھەم مېھمانغا تۇتقان مۇئامىلىمۇ ناھايىتى سىلىق ـ سىپايە بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. مېھمان كۈتۈشتە ئەتراپلىق تەييارلىق، قىزغىن مۇئامىلىمۇ ناھايىتى

مۇھىم. ئومۇمەن ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندارچىلىقتا ئادەتلىرىنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىدىن كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

مېھمان كېلىشتىن بۇرۇن چوڭ تازىلىق قىلىش ئادىتى. ئۇيغۇرلاردا چاقىرىلغان مېھمان كېلىشتىن بۇرۇن مېھماننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ھويلا - ئارام، ئايۋان - ساراي، مېھمانخانا، ئاشخانىنى تازىلاپ مېھماننى پاكىزە، ئازادە مۇھىت ئىچىدە كۈتۈۋالىدۇ. چۈنكى مېھمان بەرىكەتنىڭ سىمۋولى دەپ قارالغاچقا، ئۇنى مەينەت مۇھىتتا باشلىسا ھەر ئىككىلا تەرەپكە نىسبەتەن ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. بولۇپمۇ توي - تۆكۈن، ھېيت - بايراملاردا ساراي ئۆي (مېھمانخانا) ئالاھىدە تازىلىنىپ، گىلەم، كۆرپىلەر سېلىنىپ قويۇلىدۇ، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغ كۈنلىرىدىمۇ قولۇم - قوشنا، ئۇرۇق - تۇغقانلار مۇسىبەت بولغۇچىغا ياردەملىشىپ، ئۆي تازىلاپ، كۆڭۈل ئىزدەپ كەلگۈچىلەرگە نىسبەتەن ئازادە مۇھىت يارىتىدۇ.

ئىشىك - دەرۋازىلارنى ئوچۇق قويۇش ئادىتى. مېھمان كېلىدىغان كۈن بولسۇن ۋە ياكى ئادەتتىكى كۈن بولسۇن، ئىشىك - دەرۋازىلار ئوچۇق قويۇلىدۇ. بولۇپمۇ ھېيت - ئايەم، مېھمان چاقىرغان كۈنلەردە بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. مېھمانلارنىڭ ئىشىكنى چېكىپ كىرىشى ساھىبخانىنى ئاھانەتكە قويىدىغان ئىش ھېسابلىنىدۇ. ناۋادا ئىشىك تاقىلىپ قالسا، مېھمانلارنىڭ كۆڭلى رەنجىپ، ئىشىكتىن قايتىپ كېتىدىغان، ھەتتا كۆڭلىگە ئېلىپ قايتىلاپ مېھمانغا كەلمەيدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. بولۇپمۇ قۇدىلار ئارا بېرىش - كېلىش قىلىنغاندا بۇ نۇقتىغا بەكرەك دىققەت قىلىش كېرەك.

مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈش ئادىتى. مېھمانلار كەلگەندە ساھىبخان چىرايلىق ھەم چاققانغىنە كىيىملەرنى كىيىپ پاكىز، رەتلىك ياسىنىپ، خۇشخۇي تەبەسسۇم بىلەن مېھماننىڭ ئالدىغا چىقىپ سالاملىشىدۇ. ئەرلەر ئوڭ قولىنى سول كۆكرىكىگە قويۇپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ، ئارقىدىنلا بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ. ئاياللار كۆپىنچە مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ ياكى ئىككى قوللاپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ. ئەر - ئاياللار ئۆزئارا سالاملاشقاندا بەلگىلىك ئارىلىق ساقلاپ بىر - بىرىگە قارىشىپ، خۇش تەبەسسۇم بىلەن باش لىڭشىتىپ، ئالدىغا سەل ئېگىلىپ ئامانلىق سورىشىدۇ ۋە مېھماننى ئۆيگە باشلايدۇ.

مېھمانلارنى تۆرگە باشلاش، ئولتۇرۇش تەرتىپى. ئۇيغۇرلاردا ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپى تۆر، سول تەرىپى پەگا دەپ ئايرىلىدۇ. شۇڭا مېھمانلار تەكلىپ بىلەن ئۆيگە كىرىپ بولغاندىن كېيىن ھۆرمەت بىلەن ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپىگە ھەم يۇقىرىسىغا باشلىنىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا مېھمانلار ئۆزىنىڭ ياش قورامى بويىچە ئولتۇرىدۇ. چوڭ مەرىكىلەردە ئەر- ئاياللار ئايرىم ئۆيلەرگە باشلىنىپ داستىخان سېلىنىدۇ. ئەر مېھمانلار بىلەن ئايال مېھمانلارنىڭ ئولتۇرۇش قائىدىسىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئەرلەر تۆر كۆرپىسى (يەكەنداز) ئۈستىدە بەداشقان قۇرۇپ ياكى يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ. ئاياللار تىزىنى يانتۇراق ئېگىپ، ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ، پۇتىنى كۆرسەتمىگەن ئاساستا يېنىچە ئولتۇرىدۇ. داستىخان ئۈستىدە پۇتىنى سۇنۇپ ئولتۇرۇش، بولۇپمۇ پۇتىنى مېھمانلارغا قارىتىپ ئولتۇرۇش بەكمۇ ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. مېھمانلار جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، ھەممە بىردەك دۇئاغا قول كۆتۈرۈشۈپ ساھىبخان بىلەن قايتىدىن تىنچلىق سورىشىدۇ. كېچىكىپ كەلگەنلەرمۇ ئوخشاشلا تۆرگە باشلىنىدۇ ۋە ئۆزىگە ماس كېلىدىغان ئورۇننى تاللاپ ئولتۇرىدۇ. كېچىكىپ كەلگەنلەر باشقىلارنى ئورنىدىن قوزغىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن خىجىل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۆزرە ئېيتىدۇ.

قولىغا سۇ بېرىش ئادىتى. ئۇيغۇرلاردا ئۆيگە كەلگەن ھەرقانداق مېھماننىڭ قولىغا سۇ بېرىش ئادىتى بولۇپ، ساھىبخان مېھمان ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان پاكىز لۆڭگىنى مۈرىسىگە ئارتىپ سول قولىدا چىلاپچا، ئوڭ قولىدا ئاپتۇۋا كۆتۈرۈپ مېھمانلارنىڭ قولىغا بىرمۇبىر سۇ بېرىدۇ. مېھمانلار ئۆزرە ئېيتىپ قولىنى ئۈچ قېتىم چايقايدۇ ھەمدە

ئۆزىنىڭ رەھمىتىنى بىلدۈرىدۇ. ئەر مېھمانلارغا
ساھىبخان تەرەپتىن ئەر، ئايال مېھمانلارغا ساھىب-
خان تەرەپتىن ئايال سۇ بېرىدۇ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا
قۇدىلار ئەڭ يۇزلۇك مېھمان قارالغاچقا، ئومۇمەن
قۇدىلارنىڭ قولىغا ئەر ـ ئايال ساھىبخانلار ئۆزلى-
رى، مەيلى قانداق پەسىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر
ئىسسىق سۇ بېرىدىغان ئادەت بار. بۇ قۇدىلار ئوتتۇ-
رىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تولىمۇ قىزغىن بولۇشىنى
ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇرلار سۇنى
پاكلىقنىڭ، مۇقەددەسلىكنىڭ سىمۋولى دەپ قارى-
غاچقا، «بەخت»، «بەرىكەت» نىڭ سىمۋولى بولغان
مېھمانلارنىڭ قولىغا پاكىز سۇ بېرىش مېھمانغا
بولغان ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

داستىخانغا يېمەكلىك ۋە غىزا ـ تائام قويۇش ئا-
دىتى. ئۇيغۇرلاردا مېھمانلارغا تاماق تارتىشتىن بۇ-
رۇن پاكىز داستىخان سېلىنىدۇ، داستىخانغا ئەڭ
ئاۋۋال نان (چوقۇم پارچىلانمىغان، ئىسسىق نان بو-
لۇشى كېرەك) قويۇلىدۇ. ئاندىن دەملەنگەن چاي قۇ-
يۇلىدۇ. شۇنداقلا «قىزىرىپ پىشقان نان مېھماننىڭ
يۈزى» دەپ قارىشىدۇ. خەلق ئىچىدە «ئاش پەيغەمبەر،
نان ئەۋلىيا»، «نانغا دەسسىسەڭ كۆزۈڭ كور بولى-
دۇ»، «نان دەسسەپ قەسەم قىلىپ بېرەي» دېگەندەك
ماقالىلەر ناننىڭ ئۇلۇغلىقىدىن كەلگەن. مېھمانلارغا
چاي بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن تاماق تارتىلىدۇ.
ئاۋۋال سۇيۇق تاماق، ئاندىن قويۇق تاماق ئۆز نۆۋى-
تى بويىچە تارتىلىدۇ (بۇ ئەلۋەتتە مېھمانلارنىڭ ئە-
مەلىي ئەھۋالىغا، شۇ تاماققا چاقىرغان ۋاقىتقا قاراپ
پەرقلىق بولىدۇ). ئاساسلىق تاماقلاردىن پولۇ، مانتا،
گۆشنان، قورداق، سامسا، كاۋاپ، نارىن، ئۆپكە ـ
ھېسىپ، لەڭمەن، چۆچۈرە قاتارلىق تاماقلار بار.
ئۇگرە، سۇيۇقئاش، يوبدان، ئوماچقا ئوخشاش تا-
ماقلار مېھمانلارنىڭ تەلىپى بويىچە تەييارلىنىدۇ. تا-
ئاملارنى داستىخانغا تىزىپ بولغاندىن كېيىن، سا-
ھىبخان مېمانلارنى بەھۇزۇر غىزالىنىشقا دەۋەت قى-
لىدۇ. مېھمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشتىھاسىغا قاراپ
غىزالىنىدۇ. غىزالىنىش جەريانىدا ساھىبخان پات-
پات مېھماننىڭ چېيىنى لىقلاپ تۇرىدۇ، قىزىق چاي-
غا ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ. ساھىبخان پەگادا ئولتۇرغان
مېھمان بولسۇن ياكى تۆردە ئولتۇرغان مېھمان بول-
سۇن چوقۇم باراۋەر مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. مەلۇم
بىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ، پەرقلىق مۇئامىلە
قىلىشتىن ساقلىنىشى زۆرۈر. بولمىسا ناھايىتى
ئاسانلا كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋالىدىغان ئەھۋال كې-
لىپ چىقىدۇ. مېھمانلارغا تائاملارنى، چايلارنى سۇن-
غاندا بىردەك قوش قوللاپ سۇنۇلىدۇ، سۇنۇق، پۇ-
چۇق، دەز كەتكەن پىيالە، قاچىلارنىڭ ئىشلىتىلىپ
قېلىشىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىش كېرەك. مېھ-
مانلار تاماقلارنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ھەممە بىر-
دەك دۇئاغا قول كۆتۈرۈشۈپ،ساھىبخانلارغا ئۆزىنىڭ
رەھمىتىنى بىلدۈرۈشىدۇ. داستىخاندىكى ئاشقان تا-
ماقلار ياكى يېگىدىن مەخسۇس تەييارلانغان بىر قى-
سىم تاماقلار ئايال مېھمانلارغا زەللە قىلىپ بېرىلى-
دۇ. «رەھمەت، ھەشقاللا» لاردىن كېيىن داستىخان
يىغىلىدۇ، تاماق تارتىشتىن بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئە-
دەپ ـ يۇسۇن بويىچە ھەربىر مېھماننىڭ قولىغا
ئايرىم ـ ئايرىم سۇ بېرىلىدۇ.

يەتتىنچى، مېھماننى ئۇزىتىپ قويۇش ئادىتى.
ئۇيغۇرلاردا مېھماننى ئىززەت ـ ئېكرام بىلەن كۈ-
تۈۋېلىش بىلەن بىرگە يەنە چىرايلىق ئۇزىتىپ قو-
يىدىغان ئادەت بار. «بىراۋنىڭ ئۆيىگە مېھمان ئۇلاغ-
لىق كەلسە، ئۆي ئىگىسى ئۆيىنىڭ سىرتىغا چىقىپ
قارشى ئالغاندىن سىرت، مېھماننىڭ قولىدىن ئۇلاغ-
نى ئېلىپ باغلايدۇ. مېھمان يانار ۋاقتىدا ئۆي ئى-
گىسى ئۇلاغنى يېشىپ كېلىپ، مېھماننىڭ قولتۇ-
قىدىن يۆلەپ، ئۇلاغقا مىنگۈزۈپ قويىدۇ.» ② ئەگەر
مېھمان هارۋىلىق كەلگەن بولسا، ساھىبخان مېھ-
ماننى يۆلەپ هارۋىغا چىقىرىپ قويىدۇ. موتورلۇق
قاتناش ۋاستىلىرى بىلەن كەلگەن بولسا ئەدەپ بى-
لەن قايتىش يۆنىلىشىگە توغرىلاپ بېرىدۇ. ساھىب-
خان مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، مېھمانلار ئۆي-
دىن ئۇزاپ تاكى قارىسى يوتكىچە قاراپ تۇرىدۇ.
مېھماننى ئۇزۇتۇپلا ئىشىكنى يېپىپ كىرىپ كېتىش
ھۆرمەتسىزلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مېھماننى
قانداق كۈتۈۋېلىش، قانداق ئۇزۇتۇشقا ناھايىتى ئەھ-

مىيەت بېرىدۇ. «ئەي ئوغۇل بىلگىنكى، ئەگەر خەلقنى زىياپەتكە چاقىرساڭ، ھەر كۈنى چاقىرما. بولۇپمۇ يات كىشىلەرنى (سىرداش بولمىغانلارنى) زىياپەتكە چاقىرما. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، يات كىشىلەرنى چاقىرساڭ، كۆتۈۋېلىشقا ئاجىزلىق قىلىپ، مېھمان ھەققىنى ئادا قىلالمايسەن. مېھمان چاقىرىش زۆرۈر بولۇپقالسا، ھېچ بولمىغاندا ئۈچ كۈندە بىر قېتىم چاقىرغايسەن (تەييارلىقسىز ئالدىراپ مېھمان چاقىرما). بەش قېتىم چاقىرىدىغان ئورۇنغا بىر قېتىم، بەش قېتىم قىلىدىغان سەرپىياتنى بىر قېتىم قىلغىن.»③ بۇنى تەھلىل قىلساق، مېھماننى ئاز باشلىساقمۇ ساز، سۈپەتلىك ئۆزىتىشىمىزنىڭ لازىملىقى، ئۇلارنى رەنجىتىپ قويماي، ئىناۋىتىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىزنىڭ زۆرۈرلىكى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

كونىلاردا «تويغا بارساڭ تويۇپ بار، بەش بالاڭنى قويۇپ بار»، «چاقىرمىغان يەرگە بارما، چاقىرغان يەردىن قالما» دېيىدىغان ماقاللار بار، بۇ خىل ماقالىلار ئاساسسىزلا بارلىققا كەلگەن ئەمەس. باشقىلارنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بارغاندا ۋاقىتقا توغرا مۇئامىلە قىلىش، كېچىككىپ بېرىپ ئۆي ئىگىسىنى تىت - تىت قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش، ئامال بار كىچىك بالىلارنى ئۆيدە قويۇپ بېرىش، چاقىرمىغان يەرگە ئارتۇقچە مېھمان بولۇپ بارماسلىق، قانداق ۋاقىتتا، قەيەرگە مېھمانغا بېرىشتىن قەتئىينەزەر قۇرۇق قول بارماسلىق، شۇ مېھماندارچىلىققا ماس كېلىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. بولۇپمۇ ھامىلدار ئاياللار، تۇغۇتلۇق ئاياللار، كىچىك بالىلار بار ئۆيگە كىرگەندە قۇرۇق قول كىرىش سەل ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. «مېھمانغا خاس ئەدەپلەردىن بىرى شۇكى، مېھمانغا چاقىرسا رەت قىلماي بارغاي، ئولتۇرۇشقا بارغاندا ئۆينىڭ تۆرىگە چىقىشقا ئۇرۇنماي، ئۆي ئىگىسى قەيەرنى كۆرسەتسە شۇ يەردە ئولتۇرغاي. مېھماندارچىلىقتا ئۇلۇغ ئادەملەر ئولتۇرغان بولسا، تائامغا ئۇلاردىن بۇرۇن قول ئۇزاتما. تاماق ئېتىپ چىقىلىدىغان تەرەپكە قاراۋەرمە.»④ دېيىلگەن. مانا بۇلاردىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، بىزنىڭ مېھماندارچىلىق ئادەتلىرىمىز باشتىن - ئاخىر گۈزەل ئەخلاقنى، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەشتەك ئېسىل خىسلەتلەرنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېسىل خىسلەتلىرىمىزنى، گۈزەل ئەخلاقىمىزنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن مېھماندارچىلىقىمىز ئۆزىنىڭ ئۆزگىچىلىكىكە ئىگە بولغان مەدەنىيەت ئاساسى بىلەن تونۇلغان.

ئومۇمەن، ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان مېھماندارچىلىقتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنەنى ساقلاپ ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان مىللەت. ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندارچىلىق ئادەتلىرى قىزغىنلىقتا، شاد - خۇراملىقتا تولغان بولىدۇ. بۇخىل ئېسىللىق خەلق ئىچىدىكى ئۆزئارا مېھرىبانلىق، كۆيۈمچانلىق، دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق رىشتىلىرىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەيدۇ. شۇڭلاشقا بۇ گۈزەل ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدىن پەخىرلىنىشىمىز، داۋاملاشتۇرۇشىمىز، ئېسىل ئەدەپلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن بۇ قائىدە - يوسۇنلىرىمىز ئارقىلىق ئۆزىمىزنى تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز زۆرۈر.

**ئىزاھلار:**

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى، 965 -، 967 - بەتلەر

② ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار: «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2008 - يىل نەشرى، 114 - بەت

③ شەمسۇلمائالى قابۇس: «قابۇسنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1999 - يىل 2 - نەشرى، 53 -، 54 - بەتلەر

④ ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «قىز - ئاياللار ئەخلاقى»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2006 - يىل نەشرى، 153 - بەت

مۇھەررىر: مەرۈپجان مەتمىن

# ئۇيغۇرلاردا «ئوڭ تەرەپ» چۈشەنچىسى

مەريەمگۈل ھاپىز

( شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى 830045 )

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە «ئوڭ» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى، مەدەنىيەت چۈشەنچىسى، كۈندىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرىمىزدە تۇتقان ئورنى ۋە ئوڭ تەرەپنى ئۇلۇغلاشنىڭ ئىلمىي ئاساسلىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

摘要: 本文主要分析了维吾尔语中"右"这一词汇的来源、文化涵意、在日常生活中的使用范围，指出了维吾尔族文化中尊崇"右"的科学依据。

ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش تەرەققىياتى جەريانىدا كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم شەيئى ۋە ھادىسىلەرگە بولغان ھېسسىي چۈشەنچىسى ئەقىدە ـ ئېتىقادلار بىلەن قوشۇلۇپ، سىرلىقلاشقان سىمۋوللۇق مەنىلەرنى ئىپادىلەپ قويۇشى، ھەتتا بەزىلىرى تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلاردىكى ئوڭ تەرەپنىڭ فىزىيولوگىيە جەھەتتىكى قولايلىقلىقى تۈپەيلىدىنلا ئەمەس، بەلكى بىر قىسىم دىنىي ئېتىقادلارنىڭ تەسىرىدىن مۇقەددەس تەرەپ دەپ قارىلىشى يۇقىرىقى ھادىسىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى بولسا كېرەك. تۆۋەندە بىز ئۇيغۇرلاردىكى «ئوڭ تەرەپ مۇقەددەسلىكى» قارىشىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئىپادىلىرىنى بىرقانچە نۇقتىغا بۆلۈپ مۇھاكىمە قىلىمىز.

## 1. ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئوڭ» سۆزى ۋە ئۇنىڭ مەنە دائىرىسى

مەھمۇد كاشغەرى بۈيۈك تىل قامۇسى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئوڭ» سۆزىگە تۆۋەندىكىدەك تەبىر بېرىدۇ: (1) ئوڭ ئىش، ئوڭاي ئىش. بۇ «ئوڭاي» سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر. (2) ئوڭ ـ ئوڭ، ئوڭ قول. «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» دە «ئوڭ» سۆزى (1) ئوڭ ـ ئوڭ، ئوڭىيا: ئوڭ ئىش ـ ئوڭىيا ئىش. (2) ئوڭ ـ ئوڭ تەرەپ. (3) ئوڭ ـ ھۆكۈمدار، ھاكىم، دەپ ئىزاھلانغان. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دە «ئوڭ» سۆزىگە تېخىمۇ ئەتراپلىق قىلىپ مۇنداق ئىزاھ بېرىلگەن: «(1) سۈپەت. گەۋدىنى پېشانە، قاڭشاردىن تارتىپ چاتراققىچە تەڭ ئىككىگە بۆلگەندە ئۈپكە جايلاشقان تەرەپكە جايلاشقان: ئوڭ كۆز، ئوڭ قولاق، ئوڭ كۆكسى، ئوڭ پۇت./ئوڭ قولۇم، سول قولۇق، ئىككىلىسى ئۆز قولۇم (ماقال)./مەن ئوڭ ھەم سولغا قارىدىم، بىراق ئۇ كۆرۈنمىدى. (2) ئىسىم. ئەقىل ـ ھوشى جايىدا، ئويغاق، ساق تۇرغان، ھوش ـ كاللىسى نورمال: باشلىق يوقاپ كەتتى، ئابدۇللا بولارنىڭ يا ئوڭى، يا چۈشى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدى. /ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ پىكىر قىلدىم، ئەسلىگىنىم چۈشۈم ئەمەس، ئوڭۇم ئىدى. (3) ئىسىم. رەخت، كىگىز، پالاس ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يەرگە سېلىنىدىغان، كىيىلىدىغان ياكى بىرەر يەرگە قويۇلىدىغان نەرسىلەرنىڭ رەڭگى ئوچۇق، قېنىق تەرىپى، ئالدى تەرىپى: رەختنىڭ ئوڭى، داستىخاننىڭ ئوڭى، كىيىمنىڭ ئوڭى. (4) سۈپەت. توغرا، مۇۋاپىق، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ئەقىلگە سىغىدىغان، ئورۇنلۇق، چاتاق، كاشىلىدىن خالىي: پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ (ماقال)./ سۇندۇر دېسە چوڭىنى، بىلمەي ئىشنىڭ ئوڭىنى، خېلى ئۇزۇن ئېيتىشىپ، يارا قىپتۇ قولىنى. (5) سۈپەت. ئەقىل ـ ھۇشى جايىدا، ئەقىللىق، زېرەك، ئىشنىڭ يولىنى، ئېپىنى بىلىدىغان، غەرەز ئۇقىدىغان؛ كاج، جاھىل ئەمەس: ساراڭنىڭ ئوڭى يوق، پاشىنىڭ قوڭى (ما-

قال). (6) سۇپەت. پارلاق، كۆڭۈلدىكىدەك ئوبدان، ياخشى: مەن دېمىدىممۇ ... ـ دەپ يايراپلا كەتتى ئۇ، ـ بىچارە قىزىمنىڭ تەلىيى ئوڭ ئىكەن.» بۇلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، «ئوڭ» سۆزى ئاساسەن ياخشى ۋە ياخشىغا مايىل مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا «ئوڭ» غا مۇناسىۋەتلىك «تەلىيى ئوڭدىن كەلمەك»، «ئىشى ئوڭ كەلمەك»، «ئوڭغا تارتماق»، «ئوڭ كۆزدە باقماق»، «پېشانىسى ئوڭ» قاتارلىق ئىدىئومىلارنى ۋە «ئوڭ» سۆزى ئاساسىدا ياسالغان «ئوڭاي»، «ئوڭايلاشماق»، «ئوڭشاتماق»، «ئوڭلۇق»، «ئوڭۇشلۇق» قاتارلىق سۆزلەرنى دائىم ئىشلىتىمىز. بۇلاردىكى غول مەنە يەنىلا «ئوڭ» سۆزىنىڭ مەنىسى ئاساسىدا ئىپادىلىنىپ، ئىشلارنىڭ ياخشى تەرەپكە مېڭىشىنى بىلدۈرىدۇ.

## 2. ئۇيغۇرلاردىكى ئوڭ تەرەپ قارىشىنىڭ قەدىمىيلىكى

مەلۇمكى، ئادەم ھەرىكەتلەنگەندە ھامان ئوڭ قول ۋە ئوڭ پۇت ئاسان ھەرىكەتلىنىدۇ (ئاز بىر قىسىم سولخايلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا). بەدەندىكى كۈچ سالمىقىمۇ ئوڭ قول، ئوڭ پۇتتا ئارتۇق بولىدۇ. بۇ ھال ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوڭ تەرەپنى ئۇلۇغلاش قارىشىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاساسى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما توپ يىلتىزىنى يەنىلا خەلقىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىن ئىزدىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي ئېپوسى «ئوغۇزنامە» دە «ئوڭ تەرىپىگە قىرىق غۇلاچلىق بىر ئۇزۇن ياغاچنى قاداتتۇردى. ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر ئالتۇن توخۇنى ئاستى. ئۇنىڭ تۈۋىگە بىر ئاق قوينى باغلىدى. سول تەرىپىگە قىرىق غۇلاچلىق بىر ئۇزۇن ياغاچنى قاداتتۇردى. ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر كۈمۈش توخۇنى ئاستى. ئۇنىڭ تۈۋىگە بىر قارا قوينى باغلىدى» دېگەندەك بايانلار ئۇچرايدۇ. بۇ تىپىك شامانىزملىق تۈسكە ئىگە بولغان بايانلار بولۇپ، شامان دىنىدا ئاق رەڭنىڭ يورۇقلۇق، ياخشىلىقنى سىمۋول قىلىنىدىغانلىقى ۋە ئالاھىدە ئۇلۇغلىنىدىغانلىقى مەلۇم. بۇ ھەقتە دىلمۇرات ئۆمەر، دىلبەر سۇلايمان قاتارلىقلارنىڭ «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1991 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «پېرە ئويۇنىدىن بايقالغان ئۇيغۇرلاردىكى شامان دىنىنىڭ قالدۇقلىرى» ناملىق ماقالىسىدە ئېنىق مەلۇمات بېرىلگەن. ئەنە شۇ شامان دىنىدىكى يورۇقلۇق ۋە ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى بولغان ئاق رەڭنىڭ ئوڭ تەرەپتىن، قاراڭغۇلۇق ۋە يامانلىقنىڭ سىمۋولى بولغان قارا رەڭنىڭ سول تەرەپتىن ئورۇن ئېلىشى ئوڭ تەرەپنىڭ سولغا نىسبەتەن ياخشىلىققا جورۇلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

«كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ يەشمىسىدە «ئالدى (شەرق) تەرەپتىن كۈن چىقىشقىچە، ئوڭ (جەنۇب) تەرەپتىن ئوتتۇرىسىغىچە، ئارقا (غەرب) تەرەپتىن كۈن پېتىشقىچە، سول (شىمال) تەرەپتىن تۈن ئوتتۇرىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا قارايدۇ ... ئوڭ (جەنۇب) تىن توققۇز ئەرسەنگىچە قوشۇن تارتتىم» دېگەن بايانلار بار. بىز بۇنىڭغا ئاساسەن كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرىدىغان يورۇق تەرەپ بولغان جەنۇبنىڭ ئوڭ بىلەن، قاراڭغۇ تەرەپ بولغان شىمالنىڭ سول بىلەن ئىپادىلىنىشىمۇ ئوڭنىڭ يورۇقلۇققا ماس ھالدا ئۇلۇغلىنىشىنىڭ ئىپادىسى بولۇشى مۇمكىن دېگەن قاراشقا كېلىمىز.

پىروفېسسور غەيرەتجان ئوسمان ئەپەندى «ئۇيغۇرلارنىڭ تۆت تەرەپ ھېرىسمەنلىكى ھەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەرەپ ھېرىسمەنلىكىنىڭ كۈننى ئۇلۇغلاش، كۈنگە چوقۇنۇشتىن باشلانغانلىقىنى، «قەدىمكى كىشىلەر ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپلا كۈن چىقىش تەرەپكە ئورنىتىۋالغان ئىشىكىدىن چىقىپ كۈنگە تەزىم بەجا كەلتۈرگەن، ھەم كۈن چىقىش تەرەپنى ئالدى تەرەپ دەپ قاراپ ‹ئىلگەرۇ›، يەنى ئالدى تەرەپ ـ ئىلگەرى تەرەپ دەپ ئاتىغان» لىقىنى دەلىللەيدۇ ۋە «ئەجدادلارنىڭ قەدىمكى زامان تەرەپ قارىشىدا كۈن چىقار ياق يېتەكچى تەرەپ ھېسابلىنىپ، كىشىلەر ھەرىكىتىنى شۇ جايغا قاراپ باشلىغان چاغدا ئوڭ تەرەپ ـ جەنۇب كۈن ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ئەڭ ئۇزۇن تۇرىدىغان ئىسسىق، يورۇق تەرەپ بولغانلىقى، ئادەمنىڭ ئوڭ قول، ئوڭ

مىگە، ئوڭ پۇت، جۇملىدىن ئوڭ تەرەپنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىنىڭ سول تەرەپتىكىگە قارىغاندا ھەرىكەتچان، تېز ئىنكاس قايتۇرۇش رولى بارلىقى» سەۋەبلىك ئوڭ تەرەپ ھېرىسمەنلىكى شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. غەيرەتجان ئوسمان ئەپەندى يەنە ئوڭ ـ جەنۇب تەرەپ ھېرىسمەنلىكىنى «ئوڭ ـ جەنۇب تەرەپ كۆك ـ يېشىللىق، يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق، ئوڭۇشلۇق، گۈزەللىك، ھاياتلىق باشلىنىدىغان جاي سۈپىتىدە ھەربىر ئىش باشلانغاندا يېتەكچى تەرەپلىك رولىنى ئوينىغان ...... ئوڭ تەرەپ ياخشىلىق، كۆركەملىك، چىنلىقنىڭ ئالامىتىنى ئىپادىلىگۈچى تەرەپ بولۇپ قالغان» دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

ئەمما يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزگە ئوخشىمايدىغىنى، ئالىم ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» دېگەن كىتابىدا: «قەدىمكى زاماندا كىشىلەر سول تەرەپنى قەدىرلەيتتى. بۇ ئانىلىق تۈزۈمدىن قالغان ھېسسىي چۈشەنچە بولسا كېرەك. كېيىنكى چاغلاردا بولسا سول تەرەپكە نىسبەتەن ئوڭ تەرەپكە ھۆرمەت بىلەن قارايدىغان بولغان. ئىلگىرىكى زامانلاردا مۇنداق ئوڭ ۋە سولنى پەرقلەندۈرۈش ئىككى ئېھتىمال قەدىمكى دىنىي ئېتىقادتىن تۇغۇلغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى شامانلىق سول تەرەپنى، تويۇنلۇق ئوڭ تەرەپنى ئۇلۇغلايتتى» دەپ يازغان. ئەگەر «ئانىلىق تۈزۈم» دە سولنى ئۇلۇغلىغان بولسا، بەلكىم بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «ئەرلەرنىڭ ئوڭ قاپىقى، ئاياللارنىڭ سول قاپىقى تارتسا ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى. ئەكسىچە ئەرلەرنىڭ سول، ئاياللارنىڭ ئوڭ قاپىقى تارتسا ياراشمايدۇ (يامانلىقنىڭ بېشارىتى). ئەرلەرنىڭ ئوڭ قولى، ئاياللارنىڭ سول قولى قىچىشسا مال ـ دۇنياغا ئىگە بولىدۇ، ئەكسىچە بولغاندا ئىلكىدىكى دۇنيا چىقىپ كېتىدۇ» دېگەن قاراشلار «ئانىلىق تۈزۈم» دىكى سول تەرەپنى ئۇلۇغلاشنىڭ ئىزنالىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما شامانىزمغا ئائىت ماتېرىياللاردا شامانلىقنىڭ سول تەرەپنى ئۇلۇغلايدىغانلىقى ھەققىدە ئىشەنچلىك دەلىللەر يوق. شۇڭا بىز باشتىكى پەرەزىمىزنى، يەنى «ئۇيغۇرلار شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەردىمۇ سول تەرەپكە نىسبەتەن ئوڭنى ئۇلۇغلىغان» دېگەن قارىشىمىزنىڭ بەلگىلىك ئاساسى بار دەپ قارايمىز.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بۇ قەدىمىي قارىشى بىر قىسىم ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ تېخىمۇ يۈكسەلدى. يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىچە، ئادەمنىڭ ئىككى مۈرىسىدە ئىككى پەرىشتە بولارمىش. ئوڭ مۈرىسىدىكى پەرىشتە مەخسۇس شۇ كىشىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى خاتىرىلەپ ماڭارمىش. سول مۈرىسىدىكى پەرىشتە يامان ئىشلىرىنى خاتىرىلەپ ماڭارمىش. ئۇنىڭدىن باشقا ئاخىرەتتە ئىنسانلار تىرىلگەندە كىشىلەرگە قىلغان ـ ئەتكەنلىرى يېزىلغان دەپتەر ئوڭ ۋە سول تەرەپتىن بېرىلەرمىش. ئەگەر ساۋابلىقلىرى كۆپ بولسا دەپتەر ئوڭ قولىغا بېرىلەرمىش ۋە بۇ شۇ كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنارمىش. گۇناھلىرى كۆپ بولسا دەپتەر سول تەرەپتىن بېرىلەرمىش ۋە بۇ شۇ كىشىنىڭ دوزاخقا كىرىشىنىڭ بەلگىسىمىش. مانا بۇ خىل ئىسلامىي ئەقىدىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي بولغان ئوڭنى ئۇلۇغلاش قارىشىغا جان قوشتى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىگە سىڭىشىپ كەتتى. بۇنى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىنمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

ئېرۇر ياخشىلىق ئوڭ، يامانلىق ئۇ سول،
جەھەننەم سولۇڭدا، بېھىش ئوڭدا ئول.

ئىشىكتىن كىرەردە كىر ئوڭ پۇت بىلەن،
ئەمىر قىلسا ئاڭلا پاراسەت بىلەن.

سۇنۇلغاي بىسمىللا بىلەن ئوڭ قولۇڭ،
بولۇپ بەرىكەت يېمەكتە، بېيىيسەن ئۆزۈڭ.

مانا بۇ بايانلار 11 ـ ئەسىرلەردىلا ئوڭ تەرەپنى ئۇلۇغلاش قارىشىنىڭ خەلق ئىچىگە رەسمىي يوسۇندا كەڭ تارقالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوڭ تەرەپنى ئۇلۇغلاش قارىشى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە.

**3. ئۇيغۇرلاردىكى ئوڭنى ئۇلۇغلاش قارىشىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى ئىپادىلىرى**

ئۇيغۇرلار ئوڭ قول بىلەن سول قولنى ئوخشىمىغان ئىشلاردا پەرقلىق ئىشلىتىدۇ. ئوڭ تەرەپ ۋە ئوڭ قولنى مۇقەددەس دەپ قارىغاچقا، ئومۇمەن ياخشى ۋە پاكىزە ئىشلارنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاش، پاسكىنا ۋە مەينەت ئىشلارنى قىلىش ۋە شۇنداق نەرسىلەرنى تۇتۇشتا سول تەرەپتىن باشلاش، سول قولدا تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا چوقۇم شۇنداق قىلىشى كېرەك بولغان پەرھىز خاراكتېرلىك ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن.

ئۇيغۇرلار كىيىم كىيىش، تاماق يېيىش، سۇ ئىچىش، كۆرۈشۈش، باشقىلارغا بىرەر نەرسە بېرىش ۋە ئېلىشتا ئوڭ قولنى ئىشلىتىدۇ. سەپەرگە چىققاندا ئوڭ پۇتنى ئىشىكتىن ئاۋۋال ئالىدۇ. مەسچىت، ئۆي قاتارلىق خەيرلىك جايلارغا ئوڭ پۇتنى ئاۋۋال ئېلىپ كىرىدۇ. ھەتتا ئولتۇرغاندىمۇ ئوڭ قولنى سول قولنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئولتۇرىدۇ. بۇرۇننى تازىلاش، چوڭ ـ كىچىك تەرەتتىن كېيىن ئەۋرەتنى تازىلاش قاتارلىق ئىشلاردا سول قول ئىشلىتىلىدۇ. مەسچىتتىن چىقىش، ھاجەتخانىغا كىرىش قاتارلىق ئىشلاردا ئىشىكتىن ئاۋۋال سول پۇتنى ئالىدۇ. كىيىم ـ كېچەكلەرنى سېلىشتىمۇ سول تەرەپتىن باشلىنىدۇ.

ئۇيغۇر ئائىللىرى بالىنى بۆشۈككە سېلىشتا ياكى بۆشۈكتىن ئېلىشتا بولسۇن سول تەرەپتىن سالمايدۇ ھەم ئالمايدۇ. بۇنىڭدا قولايلىق بولۇشتىن باشقا يەنە ئوڭ تەرەپنى ئۇلۇغلاش قارىشىنىڭ تەسىرىمۇ بار.

ئۇيغۇرلار ئوڭ قۇلىقى قىزىسا «بىرسى مېنىڭ ياخشى گېپىمنى قىلىۋېتىپتۇ» دەپ قارايدۇ ۋە بۇنى ياخشىلىققا جورۇيدۇ. ئەكسىچە سول قۇلىقى قىزىسا «بىرسى يامان گېپىمنى قىپتۇ» دەپ ئويلايدۇ.

ئۇيغۇرلاردا يەنە مېيىتنى يۇغاندا ئوڭ تەرەپتىن باشلاپ، سول قولنى ئىشلىتىپ يۇيىدۇ. ئوڭ قول بىلەن مېيىتنى يۇمايدۇ (بۇ بەلكىم مېيىتنى ناپاك دەپ قاراش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك). سۇ قۇيۇپ بەرگۈچىلەر ئوڭ تەرەپكە ئوڭ قولدا، سول تەرەپكە سول قولدا سۇ قۇيىدۇ، ھەرگىزمۇ ئارىلاشتۇرىۋەتمەيدۇ. كېپەنگە ئېلىپ يۆگىگەندىمۇ سول تەرەپتىن يۆگەيدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوڭ تەرەپنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي قارىشى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئوخشىمىغان قاتلاملىرىغا سىڭىپ كەتكەن. بۈگۈنكى ئىلدىراش تۇرمۇش رىتىمى ئىچىدە ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئادەتلىرى ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمىغاندەك قىلىسىمۇ، ئەمما چەت ـ يىراق يېزىلاردىكى ئوخشىمىغان كىشىلەر بۇنىڭغا يەنىلا ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ ئوڭ قول بىلەن كۆرۈشۈش، باشقىلارغا نەرسە ـ كېرەك سۇنغاندا ۋە ئالغاندا ئوڭ قول بىلەن سۇنۇش ۋە ئېلىش، تاماق يېگەندە ئوڭ قول بىلەن يېيىش قاتارلىقلار ئاللىبۇرۇنلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق كاتېگورىيەسى دائىرىسىگە كىرىپ كەتكەن بولۇپ، بۇنىڭغا مەيلى شەھەر ـ يېزىلاردىكى ۋە ياكى قايسى ياشتىكى كىشىلەر بولسۇن ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئوڭ تەرەپنى ئۇلۇغلاش قارىشىنى بىلىۋېلىش كىشىلىك ئالاقىدە خېلى مۇھىم ئەخلاقىي قىممەتكە ئىگە.

---

پايدىلانمىلار:

1. مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2102 ـ يىل نەشرى

2. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 ـ يىل نەشرى

3. ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تۈزگەن: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى (5)»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1996 ـ يىل 1 ـ نەشرى

4. ئىمىن تۇرسۇن: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى

5. غەيرەتجان ئوسمان ئوتغۇر: «ئۇيغۇرلارنىڭ تۆت تەرەپ ھېرىسمەنلىكى ھەققىدە مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2010 ـ يىللىق 1 ـ سان

**مۇھەررىر: ھەزرىتى ئەلى بارات**

# «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات» قاتارلىق كىتابلارغا بولغان قاراشلىرىم

ئىمىر غىياس

( «شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى 830043 )

**قىسقىچە مەزمۇنى**: بۇ ماقالىدە ئوسمان ئىسمايىل تارىمنىڭ «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «چەكسىزلىككە ئىنتىلگەن روھ» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن.

**摘要**: 本文讨论了乌斯曼·斯马义所写的《维吾尔魔法故事研究》、《维吾尔民间文学概论》、《追求无限的精神境界》等三部作品的思想内容和艺术特征。

20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 21 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ساھەسىدە مول نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى. مانا شۇنداق نەتىجىلەر ئىچىدە ئوسمان ئىسمائىل تارىم تەرىپىدىن ئەستايىدىل ئۆگىنىش، سەپەرگە ئاتلىنىش، ئۇزۇكسىز مۇتالىئە قىلىش، يېڭىدىن بايقاش، ئاقىلانە تاللاش ئارقىلىق بىرىنچى قول ماتېرىياللار ئاساسىدا يېزىلغان «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «چەكسىزلىككە ئىنتىلگەن روھ» قاتارلىق كىتابلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. مەن بۇ ئۈچ كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن چوڭقۇر ئېستېتىك لەززەت ئالدىم، مول مىللىي ئەدەبىيات بىلىمىگە ئىگە بولدۇم. مەن بۇ ئۈچ كىتابنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇشنى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى قوشۇنىنى زورايتىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارىدىم.

1. «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات»: بۇ كىتاب ئوسمان ئىسمائىلنىڭ 2006 ـ يىل 5 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى بولغان ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى، ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ سيۇژىتلىرى، ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى بىلەن باشقا مىللەت چۆچەكلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى، ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدىكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەر ھەم ئۇلارنىڭ فولكلورلۇق قىممىتى، ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدىكى ئەنئەنىۋى ئوبرازلار ۋە ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى، ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىپى ۋە موتىفلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلق ھېكايىلىرىدىكى ھايۋانات ئوبرازلىرى، «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنىڭ مەنبەسى ھەققىدە تەتقىقات يۈرگۈزۈلگەن. كىتابنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا ئوسمان ئىسمائىل ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى خەلقئارا چۆچەكشۇناسلىق ساھەسىدە مەيدانغا كەلگەن، سېلىشتۇرمىلىق چۆچەكلەر تەتقىقاتىدىكى يېڭىچە مېتود بولغان «AT تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلى» نى ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى تەتقىقاتىغا دادىل تەتبىقلاپ، ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىپى ۋە موتىفلىرىنى ئېنىقلاپ چىققان، ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىپى ۋە موتىفلىرىنى باشقا مىللەت خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تىپى ۋە موتىفلىرى بىلەن ئىنچىكە سېلىشتۇرۇپ چىقىپ، ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ ۋارىيانتلىرى، مەنبەسى ۋە مەنسۇپىيىتى، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تەسىر ئېلىش ۋە تەسىر كۆرسىتىش ئەھۋالى ھەققىدە قىممەتلىك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان؛ ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ مەزمۇن تېرەنلىكى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە قايىل قىلىش كۈچى كۈچلۈك، پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى تەھلىللەرنى يۈرگۈزگەن. كىتابنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا ئاپتور خەلقئارا چۆچەكشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلەر تەتقىقاتى ئۈچۈن

پايدىلىق نۇرغۇن ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغان، ئۆز ـ
لەشتۈرگەن، يېڭىدىن ياسىغان، دۆلەت ئىچى ۋە
خەلقئارادىكى مەشھۇر چۆچەكشۇناسلارنىڭ يېڭى تەت ـ
قىقات مېتودىنى، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى قىممەتلىك
تەجرىبىلىرى ۋە قاراشلىرىنى دادىل قوبۇل قىلىپ
ۋە بېيىتىپ، تېخىمۇ يېڭى نەزەرىيەۋى قاراشلارنى
ئوتتۇرىغا قويغان. پايدىلىنىش مەنبەسىنىڭ يېڭى،
مول ۋە ئىشەنچلىك بولۇشى، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر سې ـ
ھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ مەزمۇنىغا ئۇيغۇن تەتبىق ـ
لىنىشى كىتابنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى
بولۇپ قالغان.

«ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقى ـ
قات» نىڭ يەنە بىر گەۋدىلىك قىممىتى شۇكى، ئۇ ـ
نىڭدا مەشھۇر ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى «چىن تۆمۈر
باتۇر» نىڭ مەنبەسى، ۋارىيانتلىرى، مىللىي كىم ـ
لىكى ۋە مەنسۇپىيىتى، بۇ چۆچەكنىڭ ئۇيغۇر مىل ـ
لىي تۇرمۇشىدا تۇتقان ئورنى ھەققىدە ئىلمىي يەكۈن
چىقىرىلغان؛ رۇس ئالىمى يۇدىنىنىڭ «چىن تۆمۈر
باتۇر» چۆچىكى موڭغۇللارغا مەنسۇپ دېگەن قارىشى
نەقلەن پاكىت ۋە ئەقلەن يەكۈن ئارقىلىق رەت قى ـ
لىنغان ھەمدە ئۇيغۇرچە تارىخ كىتابلىرىدىكى
ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي تەركىبىنى بىلدۈرىدىغان
«مغول ـ موغۇل، مغوللار ـ موغۇللار، مغال ـ مو ـ
غال، مغاللار ـ موغاللار» بىلەن هازىرقى موڭغۇل
خەلقىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان «موڭغۇ ـ موڭ ـ
غۇللار» نى ئىملا جەھەتتىن ئېنىق پەرقلەندۈرۈپ
ئاتىشىمىز ۋە يېزىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە
بېشارەت بېرىلگەن. بىزگە مەلۇم، ئۇيغۇر خەلق چۆ ـ
چەكلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، مەنبەسى مۇرەككەپ،
سيۇژىتى مول، تىپى ۋە موتىفلىرى رەڭدار؛ ئۇ ئۇي ـ
غۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ قىممەتلىك ئەڭگۈشتە ـ
رى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز خەلقى ئارىسىغا «چېچى ـ
لىپ كەتكەن» ئاپتورسىز گۆھەرلەر بايلىقى. مۇنداق
غايەت زور بايلىقنى بىر ـ بىرلەپ ئوقۇپ چىقىش،
ئاندىن قېرىنداش مىللەتلەر ۋە باشقا ئەل خەلقلىرى ـ
نىڭ چۆچەكلىرىنى ئوقۇپ چىقىپ، ئۇلارنى بۇلارغا
سېلىشتۇرۇش، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق
ۋە پەرقنى ئېنىقلاپ چىقىش، تۈگۈنلەرنى يېشىش،
ئاندىن دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى ئەڭ يېڭى، ئەڭ
ئىلغار تەتقىقات مېتودىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيې ـ

لى بىلەن توغرا بىرلەشتۈرۈپ، تەتقىقاتچىلارنىڭ
ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلىگۈدەك ئىلمىي يەكۈن
چىقىرىش مېنىڭچە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئۇيغۇر خەلق
ئېغىز ئەدەبىياتىغا ھەقىقىي بېغىشلىغان ئوسمان
ئىسمائىلدەك «پەرھاد» لارنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ.

2. «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئو ـ
مۇمىي بايان»: بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
نەشرىياتى تەرىپىدىن 2009 ـ يىل 9 ـ ئايدا نەشر
قىلىنغان بولۇپ، ئۇ يالغۇز ئاپتورنىڭ ئىجادىيىتى ـ
دىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ـ
دىمۇ يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە نادىر ئەسەر
ھېسابلىنىدۇ؛ جۈملىدىن تېمىسىنىڭ يېڭىلىقى،
ھەجمىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، مېتو ـ
دىنىڭ خاسلىقى، قاراشلىرىنىڭ ئىجادىيلىقى، قۇ ـ
رۇلمىسىنىڭ پۇختىلىقى تەرەپىدىن ئېيتقاندىمۇ،
ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى سەرخىل كىتاب
ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، خەلق
ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۇقۇمى، ئالاھىدىلىكى، تۈر ـ
لىرى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە
تەرەققىياتى، ئۇنىڭ ئەدەبىي قىممىتى، خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتشۇناسلىقىنىڭ خاراكتېرى ۋە خەلقئارادىكى
ئەھۋالى، ئۇنى تەتقىق قىلىشنىڭ مەقسىتى ۋە مۇ ـ
ھىم ئەھمىيىتى؛ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ
توپلىنىش، رەتلىنىش ۋە تەتقىق قىلىنىش ۋەزىيە ـ
تى، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئە ـ
دەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتى، باشقا مىللەت ئەدەبىياتى ـ
نىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن
تەسىرى؛ ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرنىڭ ژانىرى، پەرقى،
ئۇلارنىڭ مەزمۇنى؛ خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئالاھىدى ـ
لىكى ۋە تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى، چۆچەكلەرنىڭ ئىدى ـ
يەۋى مەزمۇنى، ئەنئەنىۋى ئوبرازلىرى، بەدىئىي
ئالاھىدىلىكى؛ خەلق مەسەللىرى، لەتىپە، چاقچاق ۋە
لاپلار، قوشاقلار؛ ماقال ـ تەمسىل ۋە تېپىشماقلار،
خەلق داستانلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن.
تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يېرى شۇكى،
ئوسمان ئىسمائىل قازاقىستاندا دوكتورلۇقتا ئوقۇش
جەريانىدا تىل قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ ئوتتۇرا ئا ـ
سىيادىكى داڭلىق قەلەمكەشلەر بىلەن ھەمسۆھبەتتە
بولغان ۋە پىكىر ئالماشتۇرغان، يەنە نۇرغۇن ئاپ ـ
تورلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشقان،

تېخىمۇ مۇھىمى ئۇ ئۆزىنىڭ رۇس تىلى كۇرسىدا ئۆگەنگەن بىلىمگە تايىنىپ رۇس مىللىتىدىن بولغان ئۇيغۇرشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ ئوقۇغان، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون ئىچىدە يۇقىرى سەۋىيەلىك ئالىملار ۋە مۇتەخەسسىسلەر بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ يېقىندىن رىغبەتلەندۈرۈشىگە ئېرىشكەن تەتقىقاتچى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ بۇ كىتابىدا يۇقىرى سەۋىيەلىك مەزمۇن ئەكس ئەتكەن.

ئوسمان ئىسمائىل نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى قىلىپ تاللىدى، ئۇ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا قانداق ئەھمىيەتلىك نەتىجىلەرنى يارىتالىدى؟ مانا بۇ سوئالغا مۇشۇ كىتاب ئەڭ توغرا جاۋاب بولالايدۇ. خۇددى كىتابنىڭ بېشىدا ئېيتىلغاندەك، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن، تاللىغان تېمىلىرى ۋە مىساللىرى، تەھلىلى ۋە يەكۈنى، قوللىنىلغان مېتودى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن. بۇ ئاپتورنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ۋە خەلقئارادىكى تەسىر كۈچى زور تەتقىقاتچىلارنىڭ قاراشلىرىنى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەتبىقلاپ، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيەسىنى بېيىتقانلىقىدا، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكى، ئۇلارنىڭ تارىخىي ۋە ئىلمىي قىممىتى ھەققىدە تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدا ناھايىتى روشەن نامايان بولۇپ تۇرىدۇ.

3. «چەكسىزلىككە ئىنتىلگەن روھ»: بۇ ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى بولۇپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 2010 ـ يىل 3 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان. بۇ كىتابتا ئوسمان ئىسمائىلنىڭ شائىرانە ئىلھامى، ئىلمىي پوزىتسىيەسى، كۆپ قىرلىق تالانتى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. كىتابنىڭ گەۋدىلىك بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭغا ئوسمان ئىسمائىلنىڭ ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن فوتو سۈرەتلەر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلاردىن ئۇنىڭ ھاياتىنى بىۋاستە چۈشەنگىلى بولىدۇ. كىتاب ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىرىنچى قىسىمدا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدىكى ئىزدىنىش نەتىجىسى، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىنىڭ قىسقىچە جەريانى ۋە تارىخى، ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، تارىخىي قىممىتى، ئۇلارنى قوغداش مەسىلىسى، «يۈسۈف ـ زۇلەيخا» داستانى ۋە ئۇنىڭ مەنبەسى، داستانلىشىش جەريانى، ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە ۋارىيانتلىرى ـ نۇسخىلىرى، قىممىتى؛ ئىككىنچى قىسىمدا ئۇيغۇرلاردىكى سېھىرگەرلىك ئادەتلىرى، دولان مۇقامى بىلەن ئون ئىككى مۇقامىنىڭ پەرقى، دولان مۇقام تېكىستلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە دولان مەشرەپلىرىنىڭ فۇنكسىيەسى، ئۇيغۇر تىجارەتچىلىكى، مەھمۇد كاشغەرى ۋە ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرى؛ ئۈچىنچى قىسىمدا ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى، مۇھەممەد باغراشىنىڭ پىروزا ئىجادىيىتى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى، قۇربان ئەمەتنىڭ «ئېكران سىرتىدىكى سۆرەتلەر» نامىدىكى شېئىرلىرى، ساۋۇتجان مەمەتقۇلوفنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن. توپلامدىكى «يۈسۈف ـ زۇلەيخا» داستانى ھەققىدە مۇھاكىمە» يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ماقالىدۇر. يەنە ئۇنىڭدىكى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ مېيىتىنى ئۆزىتىش جەريانىدىكى تەسىرلىك كۆرۈنۈش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «ئەڭ قايغۇلۇق بىر كۈن» ناملىق ماقالە تەسىرلىك يېزىلغان، ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ ھېكايە ۋەقەلىكنى بايان قىلىش، ئىلھام ۋە ھېسسىياتنى ئىپادىلەش، سۆز تاللاش ۋە جۈملە تۈزۈش، يەنى سۆز بىلەن سۆزنى، تەڭداش تەركىب بىلەن تەڭداش تەركىبنى، تارماق جۈملە بىلەن تارماق جۈملىنى ماس كەلتۈرۈپ ۋە ماسلاشتۇرۇپ، ئوي- پىكرنى مەنتىقىلىق ئىپادىلەش ماھارىتى نامايان قىلىنغان. قىسقىسى، بۇ ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى ئوسمان ئىسمائىلنىڭ ھاياتىنى، ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى، يېزىقچىلىق ماھارىتىنى، ئەدەبىي تۆھپىسىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مۇھەررىر: مەرۇپجان مەمتىمىن

# زەلىلى دىۋانىدا بەدىئىيات

تۇرسۇن قۇربان تۈركەش

( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 830046 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مۇھەممەت سىدىق زەلىلى مەزمۇنى چوڭقۇر، بەدىئىيلىكى يۇقىرى ۋە شەكلى خىلمۇخىل شېئىرىيىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ھالبۇكى، شائىر ئىجادىيىتىدىكى بۇنداق يۈكسەكلىكنى ئۇ يۇقىرى ماھارەت بىلەن قوللانغان رەڭدار بەدىئىي سەنئەتلەرنىڭ ياردىمىدىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ ماقالىدە ئەدىبنىڭ بىر قىسىم بەدىئىي سەنئەتلىرى دىۋانىدىن ئېلىنغان ئۆرنەكلىك بېيىتلار ئارقىلىق كونكرېت تەھلىل قىلىنغان.

**摘要:** 穆汗买提·斯迪克·再力力的诗歌创作内容深刻、艺术性高、形式多样、代表了维吾尔文学的最高水平。本文阐述了诗人丰富多彩的诗歌创作艺术,具体分析了诗人诗集中部分代表性诗歌。

شېئىرىيەت بىلدۈرۈشنى ئەمەس، بەلكى ھاياجانلاندۇرۇشنى، تەپەككۇرنىڭ قاناتلىرىدا قايتا ئىجاد قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ مىسرالاردا سۆزلەرنى كونكرېت ماددىي مەنىسىدىن سىرت، ھاياجان، خىيال، روھ قوزغىغۇچى يان، ھېسسى، قوشۇمچە ۋە يۈكلىمە مەنىلەردە قىسقىسى كۆچمە مەنىدە قوللىنىپ، يۇقىرى ئېستېتىكىلىق بەدىئىي ئۈنۈم يارىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شائىرنىڭ شېئىرى دىۋانىدىكى سەنئەتكارلىقى ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئاۋۋالقى بەدىئىيات تارىخى ۋە كىلاسسىك پوئېتىكىنىڭ نەزەرىيەۋى ئامىللىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئۇنى ئىجادىي پائالىيىتىدە ماھارەت بىلەن قوللانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا زەلىلى شېئىرىيىتىنىڭ ئىچكى قۇۋۋەت ۋە تاشقى گۈزەللىكلىرىنى شەكىللەندۈرگۈچى مەنىۋى، لەۋزى سەنئەتلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش زەلىلىشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى مۇھىم تېما.

**1. تەكرار**

شائىر ئەلىشىر نەۋايى غەزىلىدىكى

دېمە،ئىشقىم نەيلەدىكىم روزگارىڭدۇر قارا،
ئۆرتەندى، ئەي قاتىلى نامېھرىبانىم، ئۆرتەندى

بېيىتنىڭ ئىككىنچى مىسرا بېشىدىكى «ئۆرتەندى» سۆزىنى بېيىت ئاخىرىدا يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ، شۇ سۆزنىڭ مەنىسىگە ئۇرغۇ بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پەرىشانلىق ھالىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

مەرھەبا سولتان ساتۇقى بۇغراخانىم مەرھەبا،
مەشھەدىڭنى مەككەئى مۇلكى ئەجەم دەرلەر راۋا

نىڭ بىرىنچى سەترىسىدە «مەرھەبا» سۆزىنى ئىككى قېتىم تەكرارلاش ئارقىلىق قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ تۈركىي خەلقلەردە ئىسلام دىنىنى تۇنجى قوبۇل قىلىپ تارقاتقان پادىشاھىسى — سۇلتان ساتۇق بۇغراقاراخانغا بولغان ھۆرمەت، پەخرىيە تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگەن. ئەدىبنىڭ «قىلۇرسەن» رادىفلىق 143 - غەزىلىدىن بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن.

**بىرى** قەھر بىرلە جاھىل، **بىرى** زەھەر ئېرۇر ھەلاھىل،
**بىرى** زەنجەبىلۇ فىلفىل، **بىرىن** زەئفەران قىلۇرسەن.

شائىر بۇ يەردە «بىر» نى تۆرت يەردە تەكرارلاش ئارقىلىق غايىۋى پىكرى، ھېسسىياتى ۋە ئىدىيەسىنى مەركەزلەشتۈرۈپ،كامىللىق مەقامىدىكى لە-

رىك قەھرىمان ـ ئاشىقنىڭ يۈكسەك قۇدرەت ساھىبى بولغان جانابى ئاللاھنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا كارامەتلىرىگە بولغان ھەيرانلىق تۇيغۇسىنى تەسىرلىك ئىپادىلىگەن.

## 2. جۈپ تەكرار

بىز ئەرەبچە «مۇكەررەر» دەپ ئاتىلىدىغان ۋە «قايتا ـ قايتا، ئۈستى ـ ئۈستىگە» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان بۇ ئاتالغۇغا شۇنداق ئىسىم قويدۇق. زەلىلىنىڭ بىر ساقىنامىسىدىكى:

نەزەر يەتكۈنچە ئاچىلىپدۇر گۈل ـ گۈل،
كى ھەر يان چەھ ـ چەھ ئاۋازى بۇلبۇل

دىن باشقا جۈپلۈك تەكرارنىڭ بېيىتنىڭ بىر مىسراسىدا كېلىدىغان شەكلى كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

ئەجايىب كۆرمەگىل كۆڭلۈم قۇشى پەرۋاز ئېتەلمەيدۇر،
چىقارۇر قۇش بالاسى بالۇ ـ پەر ئاھىستە ـ ئاھىستە،

170 ـ غەزەلدىن ئېلىنغان بۇ بېيىتلاردىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، ئەگەر باشلانمىدىكى رادىق «ئاھىستە ـ ئاھىستە» نىمۇ جۈپ سۆز دەپ ھېسابلىساق، زەلىلى بىر مىسرا شېئىرىدا ئىككى جۈپ قوش سۆز ئىشلەتكەن بولىدۇ ـ دە، بۇ شائىرنىڭ بەدىئىي بالاغەت ئىلمىدىكى جۈپ تەكرار ئەنئەنىسىدىن كېلىپ مىللىي شېئىرىيىتىمىزدە ياراتقان ئىجادىي يېڭىلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 3. كىتابەت

نەۋايى لىرىكىسىدا بۇ خىل سەنئەتنى يۈكسەك ماھارەت بىلەن قوللىنىپ ئاجايىپ ۋە مىسلىسىز شېئىرى مەنزىرىلەر ياراتقان.

«نۇن» ئى داغى ئەنبەرىن ھىلالىڭغە فىدا،
قالغان ئىككى نۇقتە ئىككى خالىڭغە فىدا.

مەلۇمكى ئەرەب ئېلىپبەسى تۇز ۋە ئەگرى، يايىسىمان ۋە دائىرىسىمان ھەرپلەردىن تەشكىل تاپقان. زەلىلى ئەجدادلار ئىزىدىن كېلىپ مۇسەممەتلىرىدە كىتابەت سەنئىتىگە مۇراجىئەت قىلغان.

«بوگۈن» رادىفلىق بىر غەزىلىدە،

دالى دەرۋىشى بولۇر بوينۇمغە زەنجىرى بوگۈن.

دەپ يېزىپ، جۈنۈن زەنجىرى سەۋەبلىك پۈكلەنگەن قەددىنى يېزىقىمىزدىكى «د» ھەرپىگە ئوخشىتىپ تەسۋىرلىسە، ئىككىنچى مۇخەممەسىدە ئوخشىغۇچى بىلەن ئوخشالغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ئېنىق كەلتۈرۈپ مۇنداق يازغان:

جۇش قىلدى كۆزلەرىم فەۋۋارەسىدىن مەۋجى خۇن،
قامەتىم ئەينى ئەلىف ئەردى بولۇپدۇر مىسلى نۇن،
تاپماغانىمدىن تەرىقەد يولىدا بىر رەھنەمۇن،
مەرغەزارى ئەقلۇ جانىم ئۆرتەدى بەرقى جۇنۇن،
ئەبرى فەيزىڭنى ئىبەر، ئەي، كەئبەئى سىدقى سەفا.

ئايانكى، شائىر تەسەۋۋۇپى روھىدىكى مەزكۇر كۇبلېتتا لىرىك قەھرىماننىڭ ئەسلىي ئەلىف (ا) دەك قەددىنىڭ دىنى ئارىفلىق يولىدا ئىگىلىپ نۇن (ن) دەك ئەگرىلەشكەنلىكىنى ئوبرازلىق سۈرەتلىگەن. ئەنئەنىۋى كىتابەت سەنئىتىدە «ن» ئەسلى يارنىڭ ئىڭىكىگە ئوخشىتىلغان بولسىمۇ، بۇ يەردە پۈكۈلگەن بەدەننى كۆرسەتكەن.

## 4. ئىنشا

شېئىردىكى ئىپادە ئۇسۇللىرىغا قارىتىلغان بۇ سەنئەت تىلەك، نىدا، سوراق، بۇيرۇش ۋە ئۆتۈنۈشتىن ئىبارەت تۆت ئۇسۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1) تىلەك

«ئارزۇ قىلماق» مەنىسىدىكى ئەرەبچە «تەمەننى» نى بىز ئۇيغۇرچە تىلەك سەنئىتى دەپ ئاتىدۇق.بۇ بەدىئىي ئۇسۇل شېئىردا لىرىك قەھرىماننىڭ ئۇ ياكى بۇ خىل تەمە ـ ئارزۇلىرىنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ.زەلىلى ئۆز شۆھرىتىنى نامايان قىلالايدىغان بەزى نادىر غەزەللىرىنىڭ باشلانمىسى شۇنداقلا شاھ بېيىتلىرىدا مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ، يار ۋەسلىگە ئىنتىزار بولغان لىرىك قەھرىماننىڭ پاك ۋە ساپ ئىنسانى مۇھەببەت ئارمانلىرىنى ئىزھار قىلغان.

يۈزۈڭنى كۆرمىگەچ ئەي گۈلئۈزارىم يۈز فىغانىم بار،
جەھان باغىدا ئىستەرمەن سېنى تا تەندە جانىم بار.

شائىر قولىيازما دىۋانلىرىنىڭ بىرئاز كىچىكراق ۋارىيانتىدا ساقلىنىپ قالغان ۋە 19 ـ ئەسىر قوقان ئەدەبىي مۇھىتى شائىرلىرى تەرىپىدىن تەخمىسلەر يېزىلغان مەزكۇر بېيىت زەلىلىنىڭ «بار» رادىف لىق مەشھۇر 56 ـ غەزىلىنىڭ باشلانمىسى بولۇپ، ئەدىب قولىغا قەلەم ئېلىپلا ئۆزىنىڭ يۈكسەك غايىۋى ئىستەكلىرىنى ئاشكارىلاش ئارقىلىق پەللە ياراتقان.

بۇ ئىقلىم ئىچرە كەزدىم تاپمادىم سەندەك شەھى خۇبان،
يۈزۈڭگە تەلمۈرۈپ جان بەرگەلى بىسيار ئارمانىم

شائىرنىڭ تىلەك سەنئىتى ۋاستىسىدە يېزىلغان «نىگارىم رەھىم ئەيلەر» سەترىلىك يەنە بىر غەزىلىدىن ئېلىنغان مەزكۇر مىسرالاردىكى ئارمانلىرى ھەققىدىمۇ ئوخشاش مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكە بولىدۇ.

2) خىتاب

بۇ «نىدا» نامى بىلەن شېئىرىيىتىمىزدە بۇرۇندىن ھازىرغىچە ئىنتايىن كۆپ قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان بەدىئىي سەنئەت ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر ئۇسۇلدا لىرىك قەھرىماننىڭ باشقا شەخسلەرگە، نەرسىلەرگە خىتاب قىلىشى، ئۇلارغا مۇراجىئەت ئەتكەن ھالدا ئۆزىنىڭ ئىچكى روھى كەچۈرمىشلىرى، تۇيغۇلىرى، تىلەكلىرى ۋە مۇلاھىزەلىرىنى بايان قىلىشى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. بۇ خىل تەسۋىر شېئىردىكى ئوبرازلارنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى تېخىمۇ جانلىق ۋە تەسىرلىك ئىپادىلەشكە خىزمەت قىلىدۇ. زەلىلى مۇسەممەتلىرىدە خىتاب ئۇسۇلى بىلەن يېزىلغان بېيىت ـ كۇبلېتلار ئاز ئەمەس.

سەلام ئەيتىڭ سەبا ماھى خۇتەندىن چىنۇ ماچىنغە،
پەيام ئەيلەڭ دەغى ئول سىيتەندىن چىنۇ ماچىنغە،
بۇ غۇربەتنامەنى بەرگەيسە مەندىن چىنۇ ماچىنغە،
تۇشۇبدۇر شۆھرەتى ئاۋازە سەندىن چىنۇ ماچىنغە،
خەتادىن ساچلەرىڭنى بىلمەيىن مۇشكى خىتا دەرلەر.

شائىرنىڭ «دەرلەر» رادىفلىق13ـمۇخەممىسىدىكى بۇ كۇبلېتنىڭ ئاۋۋالقى ئۈچ مىسراسىدا لىرىك قەھرىمان تاڭ شامىلىغا، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلىش يولى بىلەن ئۆز غايىسى ۋە مەشۇقىغا بولغان سۆيگۈ ـ ساداقىتىنى ئىپادىلىگەن. بۇ ئارقىلىق زەلىلى سەرسان ـ سەرگەردانلىق ھاياتىدىكى يۇرت سېغىنچىنى مەيىن،يېقىملىق بىر كەيپىياتتا نامايان قىلغان.

كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا كۆپرەك دىنى مەزمۇندىكى ئەسەرلەرنىڭ مەدھىيە، مۇناجاد قىسىملىرىنى خىتاب ئۇسۇلى بىلەن ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرگە ئىلتىجا تەرىزىدە يېزىش ئەنئەنىگە ئايلانغان.يەنە ئىشقى شېئىرىيەتتىكى مەھبۇبقا، دوستلارغا، كۆڭۈلگە، ساباغا، ساقىيغا ۋە باشقا جانلىق، جانسىز نەرسىلەرگە مۇراجىئەت قىلىپ يېزىشمۇ خىتابنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا مۇھىمى غەزەلنىڭ باشلانمىسىدىكى شائىرنىڭ ئۆزىگە خىتابىدۇر. ئايانكى باشلىنىش بېيىت پۈتۈن غەزەلدىكى ئىدىيەۋى ھېسسىياتنىڭ ئېچىلىشى ھېسابلانسا، تۈگەللەنمە (مەقتە) نىڭ ئالدىدىكى بېيىت غەزەلدىكى پىكىر، تۇيغۇلارنىڭ مەركەزلەشكەن ۋە خۇلاسىلەنگەن پەللىسى ھېسابلىنىدۇ. تەخەللۇس كەلتۈرۈپ، ئۆزىگە خىتاب قىلىش ئارقىلىق غەزەلنى تۈگىتىش قەدىمدىن تۈركىي — ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ قېلىپلىغۇچى قۇرۇلمىسى بولۇپ كەلگەن.

ئەي زەلىلى بۇ نىچۈك سۆزدۇر دىبان ئەيب ئەتمەگىل،
جىلۋە بەرمەيدۇر ھەقىقەتنىڭ مەجازى بولماسا.

شائىر نىسبىي مۇستەقىل بېيىت ھېسابلانغان 8 ـ غەزىلىنىڭ بۇ تۈگەللەنمىسىدە مونو لوگ ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلىپ شېئىرنى ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشتۇرغان.

ئەگەر بىز دىۋاننى ۋاراقلىساق، زەلىلىنىڭ قەسىدە، ساقىينامە ۋە رۇبائىيلىرىنىڭ خىتاب ئۇسۇلىنىڭ ياخشى نەمۇنىسى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ياخشى ھېس قىلالايمىز.

بارى مەۋجۇدى بەندە شاھى سەن سەن،
ئەزەلدىن تائەبەد ئاگاھى سەن سەن.

شائىرنىڭ بىرىنچى قەسىدىسىدىكى مەزكۇر بې-

يىتلاردا، ئاپتورنىڭ تەڭرىنىڭ بۈيۈك قۇدرىتىگە بولغان مەدھىيەسى لىرىك قەھرىماننىڭ ياراتقۇچىغا بولغان خىتابى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقان.

شەرق ئەدەبىياتىدا لىرو ـ ئېپىك شېئىرىيەتنى بولۇپمۇ داستانلارنىڭ مۇقەددىمىسىنى خىتاب بىلەن باشلاش قېلىپلاشقان ئۇسۇلغا ئايلانغان.

ئەي خۇدايا ئەكرەمۇل ئىكرامۇ جۇد،
جۇملەئى مەۋجۇدغە بەردىڭ ۋۇجۇد.

«خوجا مۇھەممەد شەرق بۇزۇرگۋار» داستانىنىڭ باشلىنىشى بولغان بۇ خىتابەتلىك بېيىت ئارقىلىق بىز زەلىلىنىڭ ئۇيغۇر نەزمىسىنىڭ قورۇلما ۋە مەزمۇن تۇسى جەھەتتىكى پەرقلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بەدىئىي نۇتۇقتىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان ئۇستاز شائىرلىقىنى بىلىمىز.

3) سوراق

ئەي جىلۋەئى جەمالىڭ دەريايى نۇر ئەمەسمۇ ؟
ھەژدەھ ھەزارى ئالەم سەندىن زۇھۇر ئەمەسمۇ ؟
(154 ـ غەزەلدىن)

دىنى ـ تەسەۋۋۇپ روھىدىكى ئۇشبۇ بېيىتنىڭ ئىپادە شەكلىدىكى ئۆزگىچىلىكى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. يېپىق ئوخشىتىشلىق مەزكۇر بېيىتتا پىكىر تەڭرىنىڭ جامالى ۋە قۇدرىتى بىلەن نۇر دەرياسى ۋە ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى ياراتقانلىقى ھەققىدە بارماقتا.ئەمەلىيەتتە مىسرالاردىكى شەك كەلتۈرۈشكە بولمايدىغان مۇتلەق پىكىر سوراق تۇسى بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئەرەب تىلىدا مۇشۇنداق مەزمۇننى ئىپادىلەشكە لايىقلاشقان سۆز سەنئىتى «ئىستىفھام» (سورىماق) دەپ ئاتالغان. بىز بۇ بەدىئىي ئۇسۇلنىڭ شېئىردا ئىپادىلىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۇنى «سوراق» دەپ ئاتىدۇق. سوراق شېئىرىيەتتە لىرىك قەھرىماننىڭ ئىچكى ئالىمى، قەلبىدە مەۋج ئۇرىۋاتقان تۇيغۇلىرى ۋە گۈزەل ئارزۇلىرىنى كىمدۇر، نېمىگىدۇر مۇراجىئەت قىلىپ، سوئاللار ۋاستىسىدە قەلب ھەيرانلىقى ۋە قىزغىن ھېسسىياتىنى نامايەن قىلىشقا قارىتىلغان. شەرق ۋە تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ شېئىرىيەت ئېستېتىكىسى تارىخىدا بۇ ئۇسۇل كەڭ قوللىنىلغان. گەدايى ئۆزىنىڭ بىر سۆيگۈ لىرىكىسىدا سوراقنىڭ ساپ ئۇيغۇر تىلىدىكى گۈزەل ئۆرنىكىنى ياراتقان.

ئول جەفاچى بىزگە بىر كۈن مېھرىبان بولغايمۇ، ئاھ؟
ۋەسلىدىن بۇ قايغۇلۇق جان شادمان بولغايمۇ، ئاھ؟

ئايانكى مەزكۇر ئۇسۇلدا لىرىك قەھرىماننىڭ سوئالى كۆپ ھاللاردا بىرەر مەسىلىنى ئېنىقلاشقا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ دىل ئىزھارىنى بايان قىلىشقا قارىتىلىدۇ، جۈملىدىن بۇنداق سوئال شائىرنىڭ ھېس ـ ھاياجىنىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. گەدايى، ئاتايى، لۇتفى ۋە ئەلىشىر نەۋايى مىراسىدىن بەدىئىي قۇۋۋەت ئاپقان زەلىلى يېتۈك ئىجادكار سۈپىتىدە ئۇشبۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ تەسىرلىك ئەسەرلەر ياراتقان. ئۇنىڭ «بولغايمۇ؟»، «ئەمەسمۇ؟» رادىفلىق تۈركۈم غەزەللىرىدە سوئاللار ھەرقايسى بېيىتلاردا تەكرارلىنىپ، شېئىرنىڭ ئاساسىي غايىسىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەش رولىنى ئوينىغان. زەلىلىدىن كەلتۈرۈلگەن تۆۋەندىكى ئۈزۈندە مەشھۇر ئۇيغۇر سۆز سەنئەتكارلىرىنىڭ سوراق ئۇسۇلىدىكى بېيىتلىرى بىلەن گۈزەللىك تالىشالايدۇ.

مېنىڭ جانىم ئالىپ ئول دىلرەبا جانانە بولغايمۇ؟
كۆزۈم ياشى غەمىنىڭ قۇشلەرىغە دانە بولغايمۇ؟

4) بۇيرۇش ۋە مەنئى

ئەرەبچە «ئەمر ۋە نەھىي» يەنى «بۇيرۇش ۋە مەنئى قىلىش» دەپ ئاتالغان مەزكۇر سۆز سەنئىتىنى بىز ئۇيغۇرچە شۇنداق ئاتاشنى مۇۋاپىق تاپتۇق. بۇ ئۇسۇل شېئىردا لىرىك قەھرىماننىڭ كىمگە، نېمىگە بىرەر ئىشنى بۇيرۇش ياكى ئۇنى مەنئى قىلىش تەرىزدە ئۆز ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى ئىزھار قىلىشقا قارىتىلغان. نەۋايىنىڭ مەشھۇر «قارا كۆزۈم» غەزەلىنىڭ باشلانمىسى بولغان

قارا كۆزۈم، كېلۇ مەردۇملۇغ ئەمدى فەن قىلغىل،
كۆزۈم قاراسىدە مەردۇم كەبى ۋەتەن قىلغىل

دىكىگە ئوخشاش مۇھەممەد سىددىق زەلىلىنىڭ

34 ـ غەزىلىنىڭ باشلانمىسى بولغان

سەبا سەھرايى غەمدىن لالەگۇن جام جۇنۇن كەلتۇر،
كى دەۋران ساغەرىدىن مەي كېرەكمەز بۇيى خۇن كەلتۇر

بېيىتىدا لىرىك قەھرىماننىڭ ئەجابىي ئۈستىكى بۇيرۇقى تەرزىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. قارىماققا مەزكۇر بېيىتلارنىڭ لەۋزى تۇسى كىشىگە بۇيرۇقتەك تەسىرات بەرسىمۇ،ئەمما ئۇنىڭدا شائىر ئۆزىنىڭ دىل مونولوگلىرى ئارقىلىق پاك ۋە سەمىمىي ئۆتۈنۈشلىرىنى نامايان قىلغان.

«بۇيرۇق ۋە مەنئى» نامىدىن مەلۇمكى، بۇ بىر جۈپ قوشماق ئۇسۇل بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى ۋە پۈتۈن شېئىرىدا ھەرىكەتچان ھالەتتە تۇرغۇچى لىرىك سۇبيېكت يەنى شائىر ئۆزىنى مەلۇم پېكىردىن ئاگاھلاندۇرۇش، ئۇنىڭدىن قايتىش شەكلى بىلەن ئۆزىنىڭ پاكىزە ئارزۇلىرىنى خۇددى مەيىن شامالدەك يېقىملىق قىلىپ ئىپادىلەيدۇ.

سىياسەت تىغىنى تېز ئەيلەسە يەئنى ستەم بىلمەڭ،
جەفايى ئۇل مەھى نا مېھرىبانىنى سىز ئەلەم بىلمەڭ،
سىپېھرى نىلگۇنغە چىقسە ئاھىمنى ئەلەم بىلمەڭ،
سەدايى ئەرغەنۇندىن نالەئى ئاشىقنى كەم بىلمەڭ،
فىغانىم نە فەلەكدىن ئۆتتى لېكىن پەردەدارىمدۇر.

دىۋاندىكى 9 ـ مۇخەممەسنىڭ بۇ كۇبلىتىدا شائىر ئاۋۋالقى ئەلەم «دەرد»، كېيىنكى ئەلەم «بايراق» تەك تەجنىسلىك ۋە ئىنكارى دىداكتىكىلىق مەنئى ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، مۇخەممەستە كىتابخانلارغا نىسبەتەن جۇشقۇنلۇق ھەم ئويناقلىق تەسىراتى شەكىللەندۇرگەن.

**5. شېئىرى ماقال**

كىلاسسىك بەدەئىياتتا «ئەكىد» دەپ ئاتالغان بۇ سەنئەت ھەم لەۋزى ھەم مەنىۋى ئۇسۇل بولۇپ، ئىلمى بەدىئىياتشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، چاچما سۆزنى تىزما قىلىپ يېزىشتۇر. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، نەسرنى نەزمىگە ئايلاندۇرۇش سەنئىتىدۇر. شائىرلار پىكرنى دەلىللەش ۋە ئوخشىتىش قاتارلىق ئېھتىياجلىق مەقسەتلەر ئۈچۈن كۆپىنچە ماقالنىڭ مەزمۇنىنى شېئىرلاشتۇرىدۇ. گەرچە بۇنداق بېيىت ـ مىسرالاردا ماقالنىڭ مەزمۇنى سېزىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ شەكلى شېئىرى ۋەزىن تەلەپلىرىگە ماسلاشقان ھالدا ئۆزگىرىدۇ،ئېنىقراقى ئۇ شېئىرغا ئايلىنىدۇ. زەلىلى شېئىرى ماھارىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن لىرىكىلىرىدا سۆز سەنئىتىنىڭ باشقا تۈرلىرى قاتارى شېئىرى ماقال سەنئىتىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمايدۇ.شائىر «سېنى لەيلىيۇ رەئنادەك» سەترىسى بىلەن باشلىنىدىغان مۇستەقىل بېيىتلىق ساپ سۆيگۈ-مۇھەببەت غەزىلىنىڭ تۆگەللەن مىسرىنىڭ ئالدىنقى بېيىتىدا پۈتۈن شېئىرىدىكى پوئېتىك پىكرىنى خۇلاسىلەپ مۇنداق يازغان.

يۇرۇپ سوردۇم تەبىبلەردىن نېدۇر بۇ دەردىمە دەرمان،
تەبىب ئېيتۇركى ئەي نادان بۇ دەردۇ بىداۋا دەرلەر

بېيىتتا شائىر «ئاشىقلىق ساقايماس كېسەل» دېگەن ماقالنى شېئىرلاشتۇرۇش ئارقىلىق غەزەلنىڭ ئاۋۋالقى قىسىملىرىدا ئىپادىلەنگەن مەنىۋى ۋە مەنتىقى پىكرىنى خەلق دانىشمەنلىكى ئارقىلىق كۈچلۈك ئاساسقا ئىگە قىلغان.

ئالىمنى زالىم ئەيلەدى، فاسىقنى پارسا،
رەددى قەبۇل بىرلە ئەجەب كارخانەدۇر.

دىنى ـ تەسەۋۋۇپى مەزمۇن ئىپادىلەنگەن 55 ـ غەزىلىدىن ئېلىنغان مەزكۇر بېيىتتا بۇزۇلغان، جاھالەتلەشكەن زاماننىڭ رەپتارى ۋە خۇي ـ پەيلى «ئالىم زالىم بولدى، زالىم ئالىم بولدى» دېگەن ماقال ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ياكى ئۇنىڭدا «سۇ كەلتۈرگەن خارۇ ـ زار، كوزا چاققان ئەتىۋا» تەمسىلى شېئىرلاشتۇرۇلغان. سۆز سەنئىتىنىڭ بۇ ئۇسۇلىغا دائىر پارچىلەر شائىرنىڭ رۇبائىيلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

**6. ماسلىق**

گەدايى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق نامايەندىسى بولۇپ،ئۇنى ئاز ئەمما ساز نەزمى مىرا-

سى ئارقىلىق سۆز سەنئىتىنىڭ نەمۇنىسىنى ياراتقان دېيىشكە بولىدۇ. شائىرنىڭ بەزى بېيىتلىرى بىزنىڭ ماسلىق ئۇسۇلىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى ئەگەللىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

گەرچە يوقتۇر كۆرك ئىچىندە سەن بېكىن،سولتان بېگىم،
بەررۇ بەھر ئىچرە مېنىڭدەك بىر گەدا بولغايمۇ ھېچ

بېيىتىدا «گەدا» سۆزى ھەم لۇغەت ھەم ئىستېمال (ئات) ئىسىم مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. بىراق ئوقۇغۇچىنىڭ كۆز ئالدىدا ئاۋۋال مەزكۇر سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى گەۋدىلىنىدۇ. شۇڭا ماسلىق سەنئىتى ئىشلىتىلگەن تۇگەللەنمىدە كۆپ ھاللاردا سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. دېمەك بىز شۇنداق ئاتىغان بۇ سەنئەت ئەنئەنىۋى بەدىئىيات ئىلمىدىكى ئىتتىفاق «ئۇزئارا مۇۋاپىقلاش تۇرۇش» دەپ ئاتالغان مەنىۋى سەنئەت بولۇپ،پارس ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيتىدە كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيان ئىشلىتىلىپ كەلگەن. مەزكۇر ئۇسۇل توغرىسىدا سۆز سەنئىتىگە دائىر نەزەرىيەۋى ئەسەرلەردىكى مەلۇماتلار ئازراق. بۇ سەنئەتنىڭ ماھىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، شائىر شېئىرىدا ئۆز نامى ياكى تەخەللۇسىنى شۇنچىلىك چىرايلىق ۋە ئورۇنلۇق ئىشلىتىدۇكى، ئوقۇغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا بىرلا ۋاقىتتا ھەم شۇ سۆزنىڭ لۇغەت ھەم ئىستېمال مەنىسى گەۋدىلىنىدۇ.

كۆرگەلى كەلگەن تەبىب ئەيتۇر باشىنى ئىرغىتىپ،
ئەي زەلىل سىنىڭدەكى داغۇ يارايى ئۆزگىچە.
(172 ـ غەزەلدىن)

زەلىلى دىۋانىدىكى «ئۆزگىچە» رادىفلىق غەزەلنىڭ مەزكۇر تۇگەللەنمىسىدىكى «زەلىل» سۆزى ماسلىق ئۇسۇلىنىڭ ماھىيىتىگە مۇۋاپىق «دەرتمەن، پېقىر» دىن ئىبارەت لۇغەت مەنىسى بىلەن تەخەللۇس بەلگىسىدىن ئىبارەت ئىككى ئۇقۇمنى ئۇستىمۇئۇست كەلتۈرۈپ ماھارەت ياراتقان.شائىر نىڭ 91 ـ غەزەلىنىڭ تۇگەللەنمىسى بولغان

بۇ نە رەمۇزى ئىشق ئىدى بىلمەدىم ئەي زەلىلىي،
سىلسىلە بەندىيۇ غەزەل بەئزى قەسىدەدىن ئۇزاق

بېيىتى ھەققىدىكى تەھلىلىمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش.

ماسلىقنىڭ شېئىردا ئۇتۇغلۇق قوللىنىلىشى بىر تەرەپتىن شائىرنىڭ ماھارىتىگە باغلىق بولسا، يەنە بىر ياقتىن سەنئەتكار تەخەللۇسىنىڭ ماسلىق يارىتىش ئۈچۈن قانچىلىك قولاي بولۇشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى شېئىرىدا «ياركەندى»، «بابۇر»، «ئاتايى» قاتارلىق بەزى تەخەللۇسلارنىڭ لۇغەت مەنىسىنى كەلتۈرۈش بىرئاز قىيىن. شۇڭا بۇ شائىرلار ئىجادىدىكى مەلۇم چەكلىمىلىككە ئىگە تېخنىكىلىق سەنئەت ھېسابلىنىدۇ.

### 7. رادىف

رادىف ـ شېئىردا مەلۇم پىكىر، مەقسەت ياكى ئۇنىڭ بىر تەرىپىنى تەكىتلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. سەنئەتكار ئىدىيەسىنىڭ يادروسىنى ئېچىپ بېرىدىغان مېغىزلىق ۋە ئۆزگىچە سۆزنى تاللاش بۇ خىل غەزەللەر ۋە مۇخەممەسلەردىكى مۇھىم مەسىلە. ئۇ پۈتۈن ئەسەردىكى تۈپ تېماتىك پىكىرنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى. شۇنىڭ ئۈچۈن كىلاسسىك ئارۇزدا جۈپ مىسرالارنىڭ ئاخىرى «زەرب» دەپ ئاتالغان. شۇ سەۋەبتىن رادىف غەزەلنىڭ ماۋزۇسى قىلىنىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مۇناجات ئاھاڭىدا كۈيلەنگەن «كىچە كەلگۈمدۇر دېبان» سەترىلىك مەشھۇر غەزىلىنىڭ «كەلمەدى» رادىفى بىلەن ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ يەردە.

زەلىلى لىرىكىسىدا مۇستەقىل سۆز، سۆز بىرىكمىسى ياكى ياردەمچى سۆزلەر رادىف بولۇپ كەلگەن. شائىر دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن 220 ئەتراپىدىكى غەزەل ۋە مۇخەممەسنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى رادىفلىق شېئىرلاردۇر. پىكرىمىزگە 8 ـ غەزەلنىڭ مونۇ بېيىتى دەلىل:

سەيد بېپەرۋا يۈرۈر گەر شەھبازى بولماسا،
مەملىكەت ۋەيران بولۇر شاھنىڭ ئايازى بولماسا.

خوجالار تەرىقەتچىلىكى سەۋەبى بىلەن يىمىرىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەقدىرىدىن قايغۇرۇپ، تىغ ئۈچى يۇقىرى تەبىقىگە دارتىملانغان ئالتە بېيىتلىق مەزكۇر غەزەلگە مۇس-

تەقىل سۆز «بولماسا» رادىف قىلىنغان.

زەلىلىنىڭ غەزەللىرىدە رادىف قوللىنىشتىكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك، ئۇنىڭدا شائىر «كەلتۈرمەكشەم»، «كەلدىم» قاتارلىق كۆپلىگەن مۇستەقىل سۆزلەرنى ئۈچتىن ئارتۇق، «ئىشق»، «يىغماقلىق»، «ئەمەسمۇ»، «دەرلەر» كەبى ئىبارىلەرنى تۆتتىن كۆپ غەزەلگە تەكرار رادىف قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆزگىچە خاس ۋارىيانتلىرىنى ياراتقانلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

مېنىڭ جانىم ئالىپ ئول دىلرەبا جانانە بولغايمۇ ؟
كۆزۈم ياشى غەمىنىڭ قۇشلەرىغە دانە بولغايمۇ ؟

مەزكۇر بېيىت 156 - غەزەلنىڭ باشلانمىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى «بولغايمۇ؟» رادىفى يەنە 157 -، 159 -، 161 - غەزەللەرنىڭمۇ رادىفى قىلىنغان. دىۋاندا ئوخشاش رادىفلىق قاتار غەزەللەرنىڭ ئارىسىغا بەزىدە باشقا سۆز رادىف قىلىنغان غەزەللەر قىستۇرۇلۇپ كېلىش ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلىدۇ.

زەلىلى رادىفنى جانلىق، ئۆزگەرىشچان قىلىپ قوللىنىش جەھەتتە يېڭىلىق ياراتقان شائىر بولۇپ، بىر قىسىم غەزەللىرىدە سۆز بىرىكمىسىدىن رادىف كەلتۈرگەن.

ئايا، سولتان ساتۇق ئالەمگە سىزنى شاھ دەپ كەلدىم،
خەلايىق ھالىدىن شامۇ سەھەر ئاگاھ دەپ كەلدىم.
(126 - غەزەلدىن)

يەنە «كەبكى نە ياخشى سايرىدى» سەترىلىك غەزەلگە «ھەم كېرەك» بىرىكمىسى رادىف قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا شائىر غەزەللىرىدىكى رادىفنىڭ يەنە بىر رەڭگارەڭلىكى، ئۇنىڭ جۈپ سۆزلەردىن كەلتۈرۈلگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. 169 - غەزەلنىڭ باشلانمىسى پىكرىمىزنىڭ ياخشى مىسالى.

دۇئا يەتكۇر سەبا يارىمغە سەن ئەلبەتتە - ئەلبەتتە،
سەھەر سەير ئېيلەسەڭ سويى چىمەن ئەلبەتتە - ئەلبەتتە.

ئۇنىڭدىن باشقا «قەمەر مەشرىق سەرىدىن» سەترىسى بىلەن باشلىنىدىغان غەزەل «ئاھىستە-ئاھىستە» رادىفى بىلەن بەدىئىي راۋانلىق، ئويناقلىق ياراتقان بولۇپ، كۆڭۈل زوقىمىزنى تارتىدۇ.

**8. گىراماتىكىسىزلاشتۇرۇش**

بۇ ئۇسۇل ئەنئەنىۋىي بەدىئىياتتا «تەغيىر» دەپ ئاتالغان ۋە بۇ سۆز مەشھۇر بىر كىلاسسىك شېئىردا مۇنداق كەلتۈرۈلگەن:

قارا تاشنى قان بىرلە رەڭگىن ئەيلەسەڭ،
رەڭگى **تەغيىر** بولۇر، لەئلى بەدەخشان بولماس.
تۆتىنغا تەلىمى ئەدايى نۇتۇق ئەيلەسەڭ،
نۇتۇقى ئىنسان بولۇر، ئەمما ئۆزى ئىنسان بولماس.

بۇ نەزمىدىكىگە ئوخشاش «ئۆزگىرىش، ئۆزگەرتمەك» مەنىسىدىكى ئەرەبچە سۆز بولۇپ، يۇقىرىقى شېئىردىمۇ شۇنداق مەنىدە قوللىنىلغان. لەۋزى سەنئەت بولغان بۇ ئۇسۇل شېئىر تەركىبىدىكى بىرەر سۆزنىڭ شەكلىنى يېزىق ۋە تەلەپپۇز جەھەتتىن ۋەزىن ياكى قاپىيە ئېھتىياجى بىلەن سەل ئۆزگەرتىپ قوللىنىشقا قارىتىلغان. بەزىدە جانلىق تىلدا، يېزىق تىلىدىن پەرقلىق ھالدا نۇتۇقنى ئىخچام، كۆچلۈك ۋە ھاياجانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن نورمال تىل قائىدىلىرىدىن ئەگىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئېھتىمال دۇنيادىكى كۆپ تىللاردىكى بۇنداق ئەقلىغا مۇۋاپىق گىراماتىكىسىزلىق ياكى «تىل كېسەللىكى» يېزىق تىلىنىڭ تەبىئىي ھالدا ئېغىز تىلىغا مايىللىشىش قانۇنىيىتى ئاساسىدا كېلىپ چىققان. مەسىلەن، تىلىمىزدىكى «ئېپ كەتتى = ئېلىپ كەتتى»، «سېپ كەتتى = سېلىپ كەتتى»... ھازىر تىللار تېز سۈرئەتتە ئىخچاملىشىشتا، ئۇچۇرلىشىشتا ۋە بەلگىلىشىشكە يۈزلەنمەكتە.

زەلىلى شېئىرىيىتىدە ئاز بولمىغان «ۋەلې»، «چۇ، چۈن»، «نې، نە»، «گەر»، «لىك»، «نېتەڭ»، «ۋەلى»، «چەشم»، «كى»، «تا» قاتارلىق ئىخچام قىسقارتىلغان ياكى ئۆز گەرتىلگەن سۆزلەر قوللىنىلغان.

خانىقاھ ئىچرە ئەگەرچە سوفىلار ئەيلەر سەماڭ،
**لېك** مەيدانى مۇھەببەتدە قىلۇر دىۋانە رەقس.
شائىرنىڭ «رەقس» رادىفلىق 74 - غەزىلىدىن

ئىشلەنگەن بۇ بېيىتنىڭ ئىككىنچى مىسرا بېشىدىكى «لېك» ۋەزىن ئېھتىياجى بويىچە «لېكىن» دىن قىسقارتىپ ئىشلەنگەن. 8 ـ غەزەلنىڭ مەشھۇر تۈگەللەنمىسىدىكى

ئەي زەلىلى بۇ نىچۇك سۆزدۇر دىبان ئەيب ئەتمەگىل

دېگەن مىسراسىدىكى «نىچۇك» ۋەزىن ئېھتىياجى بىلەن «نېمە ئۈچۈن» سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى قىلىنغان. زەلىلى لىرىكىسىدىكى گىراماتىكىسىزلىقنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى قاپىيە ئېھتىياجى بىلەن سۆزنىڭ مەلۇم بوغۇملىرىنى تاشلىۋېتىپ، تىل قانۇنىيەتلىرىگە خىلاپلىق قىلىشتا كۆرۈلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ شېئىرىيەت گىراماتىكىسىغا ئۇيغۇن يوللۇق قىسقارتىش ھېساپلىنىدۇ.

ھەربىر بەسى كىرشمەدىن جىلۋە قىلۇر چىمەن ـ چىمەن،
خىلئەتى سەبزە بىتەدۇر بىستەرى زەئفىران كىز.
(60 ـ غەزەلدىن)

«ھەر نازلىق بېقىشىدىن گۈلنىڭ ھەدى كېلىدۇ، يارشىملىق كىيىملىرى يېشىلرەڭ (قىزنىڭ) تۈۋشەكلىرى سېرىق ۋە خۇشبۇي كىگىزدۇر» مەنىسىدىكى مەزكۇر بېيىتتىكى قاپىيە «كىز» ئەسلى «كىگىز» بولۇپ، ئالدى ـ كەينىدىكى «قىز»، «تېز»، «ئەگىز» ۋە «شۆلەرېز» سۆزلىرىگە قاپىيە كەلتۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق ئۆزگەرتىلگەن. 92 ـ، 137 ـ غەزەلدە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قاپىيە ئېھتىياجى بىلەن «ھېقىق ـ ئەقىق»، «ئانار ـ نار» قىلىنغان.

**9. قايتۇرۇش**

بەدىئىياتتىكى ئەڭ قەدىمكى ۋە تېخنىكىلىق ئۇسۇللارنىڭ بىرى بولغان بۇ سەنئەت كىلاسسىك شېئىرىيەتكە دائىر نەزەرىيەۋى ئەسەرلەردە «تەسدىر» قاتارلىق ھەر خىل ناملار بىلەن يورۇتۇلغان.

ئادەتتە كىلاسسىك شېئىرىيەتتە بېيىت بېشى «سەدر»، ئاخىرى «ئەجۇز ياكى زەرب»، بىرىنچى مىسرانىڭ ئاخىرى «ئەرۇز»، ئىككىنچى مىسرانىڭ بېشى «ئىپتىدا» ۋە ھەر ئىككى مىسرا يەنى «سەدر بىلەن ئەرۇز»، «ئىپتىدا بىلەن زەرب» نىڭ ئوتتۇرىسى «ھاشۇ» (مىسرالار ئارىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. بىز شەرتلىك رەۋىشتە قايتۇرۇش دەپ ئاتىغان بۇ سەنئەت بېيىتنىڭ ھاشۇسىدا ـ بىرىنچى مىسرا ئارىسىدا كەلگەن بىر سۆزنىڭ ئىككىنچى مىسرادا يەنى سەتىر بىلەن زەربىنىڭ ئارىلىقىدا مەلۇم قائىدىگە ئاساسەن قايتا قوللىنىلىشىغا قارىتىلغان. ئۇلار مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن بىر خىل، تەكرارلانغان سۆز ئاساسەن ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسىدە كېلىدۇ. بۇلارنى بەزىدە ئىجادكار مەخسۇس بەدىئىي ماھارىتىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن قايتا ئىشلەتكەن بولسا، يەنە ئايرىملىرى شېئىرى پىكىرنىڭ ئېقىمى ۋە مەزمۇن تەقەززاسى بىلەن قايتا قوللىنىلىدۇ. قايتۇرۇشنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار بولسىمۇ، بىز زەلىلى دىۋانى ئارقىلىق ئۇنىڭ بىرقانچە ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

1) بېيىت بېشىدىكى سۆزنىڭ مىسرا ئوتتۇرىسىدا تەكرارلىنىشى.

بۇنىڭغا شائىرنىڭ «نامايەن بولدۇڭ ئەي دىلبەر» سەترلىك 18 ـ غەزەلنىڭ ماھارەتلىك تۈگەللەنمىسىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

**ھەققەت** جىلۋەگەردۇر دەر **ھەققەت** ياشۇرۇپ بولماس،
مەجاز ئەھلى زەلىلى تەلبەگە مۇنداغ قەباب ئەيلەپ.

2) بىز زەلىلى لىرىكىسىدىن زوقلانغىنىمىزدا، بېيىت بېشىدىكى سۆز يەنى سەترىنىڭ بېيىت ئاخىرىدىكى زەربتە قائىدىلىك يوسۇندا قايتۇرۇلغانلىقىنى كۆرىمىز.

**يا قېشىڭغا** ئوسما چەككەچ ئەيدى ئەل،
قاندا رەڭ تۇتقان قىلىچدۇر **يا قېشىڭ**.

شائىرنىڭ بەزى ئىشقى ـ مۇھەببەت تېمىسىدىكى ئەسەرلەرىنىڭ بېشىغا فەردىنىڭ ئورنىدا نەقىل قىلىنىپ ئىشلىنىدىغان مەشھۇر «كىرپىكىڭنى بىر ـ بەرىگە قاقىشىڭ» سەترلىك غەزىلىدىن ئىشلىنىغان مەزكۇر بېيىتتا، زەلىلى بىرلا ۋاقىتتا ھەم تەكرارلاش ھەم جىنىسداشلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل سەنئەت ياراتقان.

3) بىرىنچى مىسرانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۆزنىڭ كېيىنكى مىسرانىڭ ئىچىدە قايتا قوللىنىلىشى قايتۇرۇش سەنئىتىنىڭ بىر تۈرى ۋە ئالاھىدىلىكى

ھېسابلىنىدۇ. شائىرنىڭ «ئوقۇپ» رادىفلىق 14 ـ غەزىلىدە بۇ قائىدىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان مىسال بار.

ھەم قامەتىڭنى غۇنچەئى گۈل دەستە چاغلادىم،
رەيھان خەتىڭنى گۈل يۈزۈڭگە سەبزەزار ئوقۇپ.

زەلىلى پۈتۈن سۆزلۈك پوئېتىك ئىجادىدا تەكرارلاشنىڭ بۇ ئۇسۇلىنى كۆپ قوللانغان.

4) زەلىلى قايتۇرۇش سەنئىتى دائىرىسىدە ماھارەت ياراتقان شائىر. ئۇ مىسرا ئىچىدىكى سۆزنى زەرىب ئورنىدا قوللىنىپ، شېئىرلىرىنى مەزكۇر ئۇسۇل بويىچە رەڭگارەڭلەشتۈرگەن.

ئەقل ئەدەم يولىغا كىر، ئىشق ئەجايىپ ئەژدەھا،
بىر دەم دۇدىدىن كۆرۈڭ يەتتە فەلەك غۇبار ئىشق.

مۇھەممەد سىددىق زەلىلى «ئىشق» رادىفلىق بىر تۈركۈم غەزەل يازغان. بىر بېيتىنىڭ ئىككى ئورنىدا كەلگەن بۇ ئىبارىلەر قانداقتۇ سۆز ئويىنى قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مەزمۇن ئېھتىياجىنىچى قىش قىلغان.

5) تەكرارلانغان سۆزلەر يىلتىزداش بولۇپ، بۇلار شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە يېقىن كېلىدۇ. بۇ قايتۇرۇشنىڭ بىرقەدەر مۇرەككەپ شەكلى ھېسابلىنىدۇ. زەلىلى دىۋانىدا بۇ تۈرگە مەنسۇپ، مىسرا ئىچىدىكى سۆزنىڭ ئىپتىدا سۈپىتىدە قايتا تەكرارلىنىش ئەھۋالى ئۇچرايدۇ.

فىغانى بۇلبۇلدىن شورىدە ئەي گۈل ھەزەر قىلغىل،
گۈلىستانى خەزانى بولماغاي دەپ تۇرفە داغىم بار
(42 ـ غەزەلدىن)

زەلىلى شېئىرىيىتىدىن قايتۇرۇشنىڭ باشقا تۈرلىرىگىمۇ بۇنداق مىساللارنى كەلتۈرۈش مۇمكىن. بۇ سەنئەت شائىر ئالغا سۈرۈۋاتقان ئىدىيەنىڭ پىنھان قاتلىمىدىكى تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە، ئوقۇغۇچىلارغا شېئىرىي تەپەككۇرنىڭ نازۇك ۋە يوشۇرۇن تەرەپلىرىنى يەتكۈزۈش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا قايتۇرۇشنى نوقۇل لەۋزى سەنئەت دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

**10. گۈزەل باشلانما**

كىلاسسىك بەدىئىياتتا بۇ سەنئەت «ھۆسنى مەتلە» (مەتلەنىڭ بېزىكى، ھۆسنى) دەپ ئاتىلىدۇ. نامىدىن مەلۇمكى، باشلانمىنىڭ گۈزەل ۋە مەنىلىك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان بۇ ئۇسۇل ھەم لەۋزى ھەم مەنىۋى سەنئەت ھېسابلىنىدۇ. گۈزەل باشلانما شائىردىن غەزەل ياكى قەسىدىنى مەزمۇن ۋە ئۇسلۇپ جەھەتتىن ناھايىتى ماسلاشقان، ھېكمەتلىك قىلىپ يېزىشنى؛ چوڭقۇر شېئىرىي مەنىنى ئوبرازلىق سۆز ـ ئىبارىلەر ۋە تەسىرلىك شەكىل بىلەن باشلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. گۈزەل باشلانما خۇددى خورازنىڭ تاجىسىدەك گەۋدىلىك بولۇپ، ھەممىدىن بەكرەك دىققەتنى تارتىدۇ. باشقا بېيتلار ئۇنىڭ قانات ـ قۇيرۇقلىرىدەك تەبىئىي ۋە ماسلاشقان بولىدۇ. بىز باشلانما ئارقىلىق شېئىرنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىنى ئوقۇشقا تەقەززا بولىمىز. ئەلىشىر نەۋايى غەزەلنى بۇنداق باشلاشنىڭ پىر ـ ئۇستازى ئىدى.

كىمكى بىر كۆڭلى بۇزۇقنىڭ خاتىرىن شاد ئەيلەگەي،
ئانچە باركىم، كەئبە ۋەيران بولسا،ئاباد ئەيلەگەي.

پەرىم بولسا، ئۇچۇپ قاچسام ئۆلۈمدىن تا قاناتىم بار،
قاناتىم كۆيسە ئۇچماقتىن، يۈگۈرسەم تا ھاياتىم بار.

نەۋايى غەزەللىرىنىڭ كۆپكىنە باشلانمىلىرى شۇنچىلىك پۇختا ئىشلەنگەنكى، ئۇلار ئۇزىنىڭ ھېكمەتلىك مەزمۇنى ۋە شۇڭا ماس بەدىئىي ئۇسلۇبى بىلەن بىر جەھەتتىن مۇستەقىل ژانىر بولغان فەرد ياكى ماقالىنى ئەسلەتسە، ئىككىنچى تەرەپتىن مۇھىم خۇلاسەۋى پىكىر سۈپىتىدە ئوقۇغۇچى دىققىتىنى ئۇنىڭ شەرھىسى بولغان كېيىنكى بېيىتلارغا بۇرايدۇ. بىز زەلىلىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا گۈزەل باشلانمىنىڭ شائىر غەزەللىرىنىڭ خاراكتېرلىك پەزىلىتى ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق. قېنى ھوزۇرلىنىڭ:

يار ئەمەس دەرماندە بولغان چاغ ساڭا يار ئۇلمىسا،

كىم يىقىلغاندا تۇتۇپ ئىلكىڭ مەدەتكار ئولمىسا.

كىمكى ئايرىلدى تىرىكلىك مەۋسۇمىدە ياردىن،
زەئىفىران بەرگى تۆكۈلگەي ھەر نەفەس دىداردىن.

نەمۇنىلەردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، باشلانمىدىكى ئىككى مىسرانىڭ مەنتىقى ۋە ئۇسلۇبى مۇناسىۋىتى مۇستەھكەم بولغان. بىز بۇلارنى نۇرغۇن پىكىرلەرنىڭ خۇلاسىسىدەك نىسبىي مۇستەقىل ھېس قىلىمىز. غەزەلدىن زوقلانغىنىمىزدا، ئۇنىڭدىن ئېسىمىزدە قالىدىغىنىمۇ شۇلاردەك تۇيۇلىدۇ.

**11. شاھبېيت**

ئادەمى ئېرسەڭ، دېمىگىل ئادەمى،
ئانىكىم يوق خەلق غەمىدىن غەمى.

يۈز جەفا قىلسا ماڭا،بىر قەتلە فەرياد ئەيلەمەن،
ئەلگە قىلسا بىر جەفا، يۈز قەتلە فەرياد ئەيلەرەم.

قاتارلىقلار نەۋايىنىڭ غەزەللىرى ۋە «خەمسە»سىدىن ئېلىنغان شاھبېيتلاردۇر. يەنە شائىر «خەزايىنۇل ـ مەئانى» نىڭ دىباچىسىدىكى بەزى بېيتلاردا «نەزم شاھبېيتى» ئاتالغۇسىنى تەكرار قوللانغان. نەۋايى غەزەللىرىدە شاھبېيت شېئىرى پەلسەپەۋى پىكىرنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە تۈگەللەنمەنىڭ ئالدىنقى بېيتىدا كەلگەن. دېمەك، شاھبېيت غەزەل ۋە قەسىدىدە ئۆزىنىڭ چوڭقۇر پەلسەپەۋى مەزمۇنى،جەزبىلىك يارقىن ئۇسلۇبى بىلەن باشقا بارچە بېيتلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنداق بېيت باشلانمىدا كەلسە، سەنئەت سۈپىتىدە گۈزەل باشلانما (ھۆسنى مەتلە)، ئاخىرىدا كەلسە چىرايلىق تۈگەللەنمە (ھۆسنى مەقتە) دەپ ئاتىلىدۇ. قىسقىسى نامىدىنلا مەلۇمكى ئۇ غەزەل ۋە قەسىدىدىكى ئەڭ سەرخىل بېيتتىن ئىبارەت. زەلىلى دىۋانىدا ئاز بولمىغان ساز غەزەللەر ۋە شاھبېيتلار بار.

دەلىل كەلتۈرىدىغان بولساق، مۇھەممەد سىددىق زەلىلىنىڭ «قەلەندەرمەن جاھاننى تەرك ئېتىپ قىلدىم سەفەر تەنھا» سەترىلىك ئاپتوبىئوگرافىك، ئىجتىمائىي تېمىدىكى غەزىلىدە لىرىك قەھرىرىمانىڭ «فەنا شەھەرىدە ئەۋارە بولغان خەلق» قە بولغان ھېسداشلىقى ۋە چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتى ئىزھار قىلىنغان ۋە بۇ پىكىر شاھبېيتتا مۇنداق يۈكسەكلىك يارىتىپ خۇلاسىلەنگەن:

سېنى ئەي نازىنىن تا ئۆلگىچە تەگرىگە تاپشۇردۇم،
مېنى مۇنداغ مۇسافىر ئەيلەدى دەۋرى قەمەر تەنھا.

ئادەتتە تۈگەللەنمە غەزەلنىڭ ئاۋۋالقى قىسمىلىرى بىلەن گويا ئالاقىسى يوقتەك، لىرىك چېكىنىش ياكى لىرىك قەھرىمانىنىڭ ساقىيغا، ئۆزىگە مۇراجىئەت ئۇسلۇبى بىلەن ئاخىرلاشقان بولسا، 5 ـ غەزەل تۈگەللەنمىسىنىڭ ئالدىدىكى بۇ بۆلەكتە شائىر شاھبېيت ھاسىل قىلىپ، پۈتۈن شېئىرىي پىكىرنى خۇلاسە قىلغان. زەلىلى نەۋايىدىن كېيىن بىر پۈتۈن ياكى تۈگەل نەزمى پىكىر يىغىنچاقلانغان ۋە ئومۇملاشتۇرۇلغان شاھبېيتلىرى ئارقىلىق زامانىسى ھەم كېيىنكى دەۋىر سۆز سەنئەتكارلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەن شائىر.بۇ ھەقتە 172 ـ غەزەلنىڭ قاتلىرىغا نەزەر سالايلى:

ھاجىلەر تەۋفى ھەرەم ئەيلەر ـ مە رەنجى تارتادۇر،
مەككە تەۋفىدىن ئاتىڭنىڭ خاكپايى ئۆزگىچە.

پەلسەپەۋى خۇلاسە شەكلىدىكى بۇ بېيتلار سالماقلىق ئىجتىمائىي ـ ئەخلاقى جۇشقۇنلۇقى، مەنىۋى يۈكسەكلىكى ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلىكى بىلەن باشقا بېيتلاردىن مەلۇم دەرىجىدە ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

---

پايدىلانمىلار:

1. «زەلىلى دىۋانى» (ئىمىن تۇرسۇن نەشرگە تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى
2. نەۋايى: «خەزايىنۇل ـ مەئانى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىل نەشرى
3. «ئىبراھىم مۇتىئى ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىل نەشرى
4. «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى
5. ئىمىن تۇرسۇن «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1190 ـ يىل نەشرى

مۇھەررىر: ئوسمانجان مۇھەممەت

# «سەددى ئىسكەندەرى» داستانىنىڭ مەنبەلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش

ئوبۇل ئابلا

( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 830000 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** «سەددى ئىسكەندەري» ــ بۈيۈك شائىر نەۋايى «خەمسە» سى تەركىبىدىكى ئەڭ ئاخىرقى، ھەجمى ئەڭ ئۇزۇن پەلسەپەۋى ـ تارىخىي تېمىدىكى داستان. بۇ ماقالىدە داستاننىڭ مەنبەسى، داستان سۇژىتىنىڭ ھەرقايسى ئەل ـ خەلقلەردىكى ئەفسانە ـ رىۋايەت ۋە يازما خاتىرىگە ئېلىنىش ئەھۋاللىرى ۋە بۇ مەنبەلەرنىڭ داستان سۇژىتىنىڭ تاللىنىشىغا بولغان تەسىرى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**摘要:** 《伊斯坎德尔堡》是纳瓦依《五卷诗》中最后一部，也是其中篇幅最长的一部叙事长诗，同时也是一部哲理性历史题材的叙事长诗。本文主要讨论了《伊斯坎德尔堡》中所进述故事的来源及在中西亚民间的传播情况，最后阐述该故事的各种版本对《伊斯坎德尔堡》创作的影响。

«سەددى ئىسكەندەري» ــ نەۋايىنى يۇقىرى شان ـ شەرەپكە ۋە شەرق ئەدەبىياتىدىكى گىگانىت ئەدىبكە ئايلاندۇرغان بۈيۈك ئەسىرى «خەمسە» تەركىبىدىكى ئەڭ ئاخىرقى داستان بولۇپ، ھەجمى ئەڭ ئۇزۇن داستان ھېسابلىنىدۇ. بىر پۈتۈن داستان 98 باب، 2817 بېيىت، 46341 مىسرادىن تەركىب تاپقان.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 653 ـ يىلى ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان يۇنانغا قوشنا ماكېدونىيە پادىشاھلىقىدا، غەرب ـ شەرق ئەللىرىگە نامى مەشھۇر بولغان، دۇنيا تارىخىدا تۇنجى قېتىم شەرق ـ غەرب مەدەنىيەتلىرىنى ئۆزئارا ئۇچراشتۇرغان داڭلىق سىياسىيون، ھەربىي ئىستىلاچى ئىسكەندەر (ئالېكساندىر ماكېدونىسكى) دۇنياغا كەلگەن. ئىسكەندەر كىچىكىدىن باشلاپلا پەلسەپەۋى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇشنى خۇشتار بولغان. مەشھۇر يۇنان شائىرى ھومېرنىڭ «ئودىسا» ۋە «ئىلئادا» داستانلىرىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىققان. ئىلىم ئېلىشقا بولغان ئىشتىياقىنىڭ تەسىرىدە، شاھ دادىسى ئارستوتىلنى ئۇنىڭغا ئۇستاز قىلىپ بەلگىلىگەن. بۇ ئىسكەندەرنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشى ۋە كېيىنكى كېڭەيمىچىلىك ئىستىلالىرىغا كۈچلۈك تەسىر قىلغان.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 633 ـ يىلى ئىسكەندەرنىڭ ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكەن، بۇ يىگىرمە ياشلىق ئىسكەندەر ماكېدونىيە ئىمپېرىيەسىگە پادىشاھ بولغان. ئۇ ئوردا ئىچى ـ سىرتىدىكى يۈز بېرىۋاتقان ئىشلاردىن دۆلەتنىڭ خەۋپكە يۈزلىنىۋاتقانلىقى ھېس قىلغان. چۈنكى دۆلەت ئىچىدە ھاكىمىيەتكە قارشى كۈچلەر، دۆلەت سىرتىدا قوشنا دۆلەتلىرى بىلەن ئىراننىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ماكېدونىيەگە تەھدىت سېلىش خەۋپى كۆرۈلۈپ تۇرغان. ئۇ كەسكىن سىياسىيونغا خاس تەدبىر بەلگىلەپ، ناھايىتى تېزلا دۆلەت ئىچىدىكى ھاكىمىيەتكە قارشى كۈچلەرنى باستۇرغان ۋە سىرتقا كېڭەيمىچىلىك پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئالدى بىلەن قوشنا دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇپ ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 334 ـ يىلى ئەتىياز، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 333 ـ يىلى كۈز ۋە مىلادىدىن بۇرۇنقى 331 ـ يىلى باھاردا ئىران بىلەن كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ قېتىم چوڭ جەڭ قىلغان. بىرىنچى قېتىملىق جەڭدە ئىران قوشۇنلىرى ئېچىنىشلىق مەغلۇب بولۇپ، غەربىي رايونلىرىنىڭ بىر قىسمىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 333 ـ يىلى كۈزدە ئىران قوشۇنلىرى بىلەن بولغان ئىككىنچى قېتىملىق جەڭدە، ئىران قوشۇنلىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ ئىران قوشۇنلىرىنى مەغلۇب قىلغان، ئىران شاھى دارا Ⅲ (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى

336 ــ 330 ـ يىللار تەختتە ئولتۇرغان) قېچىپ كەتكەن. دارانىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئىسكەندەرگە ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان. دارا سۈلھ قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىسكەندەر بىلەن بولغان جەڭنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولۇپ ئۆز قىزىنى ئىسكەندەرگە ياتلىق قىلىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتكەن، ئىسكەندەر بۇنى رەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن دارا مەغلۇپ بولغان، چېچىلىپ كەتكەن قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ جەڭگە تەييارلىق كۆرۈشكە مەجبۇر بولغان. ئىران ئىمپېرىيەسىگە تەۋە جايلاردىن نۇرغۇن ئەسكەر يىغىپ، لەشكىرىي كۈچىنى ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرىي كۈچىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە يېقىن كۆپەيگەن. ئۈچىنچى قېتىملىق جەڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 331 ـ يىلى باھاردا دارا بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ئىككى تەرەپ قوشۇنىغا بىۋاسىتە يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان. بۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا ئىككىلا تەرەپ خېلى تىركىشكەن، كۆپ ئەسكەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان. ئەمما دارا تەرەپتىكى ئەسكەرلەر ئىسكەندەرنىڭ جەڭ قىلىش ماھارىتى ھەققىدىكى ئاجايىب ـ غارايىب ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ، روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلۈككە پاتقان ۋە ئۇرۇش قىلىشتىن يالتىيىپ نۇرغۇنلىرى قېچىپ كەتكەن. بۇ قېتىم ئىسكەندەر ئۆزىدىن ئىككى ھەسسىدىن كۆپ بولغان دارا قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئىراننى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلەپ ئوتتورا ئاسىياغا كېڭەيچىلىك قىلىشقا تەييارلىق كۆرگەن.

ئىسكەندەر ئىراننى ئىگىلەپ بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ھىندىستانغا بولغان ئىستىلاسىنى باشلىغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 328 ـ يىلى سەمەرقەنتنى ئېلىپ، ناھايىتى تېزلىكتە ماۋرائۇننەھرنى زور بەدەل ھېسابىغا ئىگىلىگەن. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 327 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئاساسىي جەھەتتىن ئىستىلاسىغا ئالغان، ئارقىدىنلا ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلغان. قوشۇنىنىڭ ئۇزۇن سەپەردىن ھېرىپ چارچاپ ھالىدىن كېتىشى، ھىندىستان خەلقىنىڭ قەھرىمانلارچە قارشىلىق كۆرسىتىشى بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ئىلگىرىلىشى بەكمۇ ئاستىلاپ كەتكەن. شۇنداقتىمۇ ھىندى دەريا ۋادىسىدا ھىندىستان قوشۇنلىرى بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، پاجىئەلىك قۇربان بېرىشلەردىن كېيىنلا ھىندى دەرياسى ۋە ھىندى تېغىنىڭ ئەتراپىدىكى پەنجاپ قاتارلىق كەڭ رايونلارنى ئىشغال قىلغان. ئۇ داۋاملىق شەرققە يۈرۈش قىلماقچى بولسىمۇ، ھاۋا ناھايىتى ئىسسىپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشۇندا يوقۇملۇق كېسەل تارقىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن نۇرغۇن ئەسكەرلەر ئۆلۈپ كەتكەن ھەمدە قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقى تولىمۇ سۇسلىشىپ كەتكەن. ئىسكەندەرمۇ يارىلانغان، سەركەردىلەر داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشنى خالىمىغان.» بۇنداق ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەرنىڭ تۈرتكىسىدە، مىلادىدىن بۇرۇنقى 325 ـ يىلى ئىسكەندەر ھىندىستانغا ئۆز ئىمپېرىيەسى نامىدا ئەمەلدار تەيىنلەپ، ئۆز ماكانىغا ئاتلانغان. ئىسكەندەر مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 334 ـ يىلدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 324 ـ يىلغىچە بولغان ئون يىللىق كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشىدا ئوتتۇرا دېڭىزدىن ئوتتورا ئاسىياغىچە، بالقاش كۆلىدىن ھىندى دەريا ۋادىسىغىچە بولغان كەڭ رايوننى ئىشغال قىلىپ ماكېدون ئىمپېرىيەسىنى قۇرغان، بۇ ئىمپېرىيە يىگىرمە ئىككى يىل ھۆكۈم سۈرگەن. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 322 ـ يىلى ئىسكەندەر ئەرەب دۆلەتلىرىگە يۈرۈش قىلىشقا جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقاندا ئېغىر كېسەل بىلەن ئوتتۇز ئۈچ يېشىدا بابىلدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

تۆۋەندە داستان ۋەقەلىكىنى ئەمىر تېمۇر بىلەن دەۋرداش ۋە ئەمىر تېمۇرنىڭ يېنىدا تارىخچى ـ مىرزا بولغان شەرىپىدىن ئەلى يەزدىنىڭ ئەينى دەۋردىن بىزنى خەۋەردار قىلىدىغان «ئەمىر تېمۇر كوراگان ھەققىدە قىسسە» ناملىق ئەسىرىدىكى ۋەقەلىككە سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

بىرىنچى، داستاندىكى ئىسكەندەر بارغان جايلاردىكى ئەل خەلقلىرىگە ئادىل مۇئامىلە قىلىدىغان ئادىل شاھ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، تارىختىكى ئالېكساندىر ماكىدونىسكى كېڭەيمىچىلىك

جەريانىدا كۆپ قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان، سەمەرقەنتنى ئېلىش جېڭىدە ناھايىتى كۆپ لەشكەرنىڭ جەڭدە ئۆلۈشى ۋە خەلقنىڭ قىرغىنچىلىق قىلىنىشىغا سەۋەب بولغان. بۇ جەھەتلەردىن داستاندىكى ئىسكەندەرگە تارىختىكى ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرق خەلقلىرىگە كۆپ سورۇقچىلىقلارنى كەلتۈرگەن ئالېكساندىر ماكېدونىسكىغا ئەمەس، بەلكى كېمەيچىلىك قىلغان ئەمىر تېمۇرگە بەكرەك يېقىنلىشىدۇ.

ئىككىنچى، داستاننىڭ 19 ـ بابىدا، ئىسكەندەرنىڭ تەختتىن ۋاز كېچىپ، ئىلىم ئېلىش يولىنى تاللىغانلىقى، كېيىن ئاۋام ۋە سەركەردىلەرنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن تەختكە چىققانلىقىدەك ۋەقەلىك بايان قىلىنغان. بۇ بابتىكى مەزمۇنلار بىلەن ئەتراپىدىكى نۆرغۇن قوشنا ئەللەرنى زورلۇق بىلەن بېسىۋالغان بىر شەخسنىڭ، ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن تەختتىن ۋاز كېچىشى مەنتىقىغە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. كەمتەرلىك، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش، ئادالەتپەرۋەرلىك توغرىسىدىكى بۇ باب ئالېكساندىر ماكېدونىسكى ھەققىدە ئەمەس، بەلكى نەۋايىدىن ئۇنچە يىراق بولمىغان دەۋردە يۈزبەرگەن ۋەقەگە ئىشارە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمىر تېمۇر 1370 ـ يىلى سۈيۈرغاتمىشنىڭ ئوغلىنى خان قىلىپ كۆتۈرۈپ، لەشكەرلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، قېيىنئاكىسى ئەمىر ھۈسەيىنگە قارشى يۈرۈش باشلىغان. سۈيۈرغاتمىشنىڭ ئوغلىنى خان قىلىشنىڭ سەۋەبى، ئەمىرتۆمۈرنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى قاچۇۋلى باھادىر ۋە سۈيۈرغاتمىش خاننىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى قابۇلخانلارمۇ ئۆزئارا ئەھدىنامە تۈزۈشكەن بولۇپ، خانلىق قابۇلخان ئەۋلادىغا، لەشكەر ئەمىرلىك قاچۇۋلى باھادىر ئەۋلادىغا تەيىن قىلىنغان. ئەمىر تېمۇر ئەجدادلىرى روھىغا ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن سۈيۈرغاتمىش خاننى خان قىلىپ كۆتۈرگەن. ئەمما قېين ئاكىسى ئەمىر ھۈسەيىن ئۈستىدىن زەپەر قازانغاندىن كېيىن، بارلىق بەگلەر بىردەك ئەمىر تۆمۈرنى شاھلىققا مۇناسىپ كۆرگەن ۋە ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىشقان. يىغىندا ساھىبقىراننىڭ پىرى سەئىد بەرەكمۇ قاتناشقان، ئەمىر تۆمۈر پىرى مۇرشىدى ۋە ئۆزىگە ئىشەنگەن بەگلەرنىڭ

ئىلتىماسىغا ئاساسەن سەلتەنەت ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان. ئەمىر تېمۇرنىڭ شاھلىق ئورنىغا چىقىشى ئۆزىنىڭ تەختپەرەسلىكىدىن ئەمەس، بەلكى داستاندا تەسۋىرلەنگەندەك ئاۋام ۋە سەركەردىلەرنىڭ ئىلتىماسى بىلەن بولغان.

ئۈچىنچى، داستاننىڭ 27 ـ بابىدا ياش، تەجرىبىسىز، ئەمما جاسارەتلىك ھۆكۈمدار ئىسكەندەرنىڭ ھېسابسىز قوشۇن، چەكسىز مەملىكەت ساھىبى دارانىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. ئۇرۇشتا دارانىڭ ئىككى سەركەردىسى خىيانەتكارلىق قىلىپ، دارا جەڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىۋاتقان پەيتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا تىغ سېلىپ دارانى ئۆلتۈرگەن. ئۆز شاھىدىن ئايرىلىپ قالغان سەركەردە لەشكەرلەر تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ كەتكەن، جەڭ ئىسكەندەرنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشقان. ئىسكەندەر دارانىڭ ۋەسىيىتى ۋە ئۆز ھۆكۈمرانىغا ساتقىنلىق قىلغان كىشى كېيىن ماڭىمۇ خائىنلىق قىلىدۇ، دېگەننى كۆڭلىگە پۈكۈپ بۇ ئىككى خىيانەتكار سەركەردىگە ئېغىر لەشكىري جازا يەنى دارغا ئېسىپ تىرىك كۆيدۈرۈش جازاسى بېرىپ، كېيىنكىلەر ۋە سەركەردىلەرگە ئىبرەت قىلغان. نەۋايى داستاندا بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«تاپىپ چۈنكى دارا ئىشىدىن فەراغ،
تۇتۇپ ئىككى قاتىلنى ئەيلەپ سوراغ.
كۆمۈپ دار ئۈچۈن يەرگە ئىككى سۇتۇن،
ئۇل ئىككىنى ئاستۇردى ئاندىن نىگۇن.
يانا تىرباراىغا فەرمان قىلىب،
ئۇلارغا ئولۇس تىرباران قىلىب.
كى ھەر كىمكى غەدر ئەيلەسە شاھىغە،
جەزا بۇدۇرۇر بەختى گۇمراھىغە.
بۇيۇردى بەدەنلەرنى كۆيدۈردىلەر،
كۈل ئەتتىلەرۇ كۆككە ساۋۇردىلەر.»

ئىسكەندەرگە ئائىت مەنبەلەر يۇنان،ئىران، ئەرەب ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئاغزاكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، تارىخى ۋە بەدىئىي يازما شەكىلدە تارقىلىپ يۈرگەن بولۇپ، ھەممىسى يۇنان تارىخىدىكى

مەشھۇر ئىستىلاچى ئالېكساندىر ماكېدونىسكىنىڭ
شەرققە يۈرۈش قىلىشقا باغلىنىپ راۋاجلانغان.
ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈشىدىن كېيىن، ئىران
ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن تارتىپ تارىم ئويمانلىقى-
غىچە، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ھىندى دەريا ۋادىسىغىچە
بولغان كەڭ تېررىتورىيەدە ئىسكەندەر ھەققىدىكى
ئاجايىپ - غارايىپ رىۋايەت - قىسسىلەر توقۇلغان.
ئۇنىڭ ئاسىياغا قىلغان ئىستىلاچىلىق يۈرۈشلىرى
داۋامىدا كەلتۈرگەن سورۇقچىلىقلىرى ئاستا -
ئاستا ئۇنتۇلۇپ كەتكەن.ئەرەب خەلقلىرىدە ئىسكەن-
دەر زۇلقەرنەيىن توغرىسىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر
ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىشقا باشلىغان.

يازما ئەدەبىياتتا تۇنجى بولۇپ ئىسكەندەر ئوبرا-
زىنى ياراتقان كىشى پارس شائىرى ئوبۇلقاسىم فىر-
دەۋسى بولۇپ، 10 - ئەسىردە يازغان «شاھنامە» نام-
لىق زور ھەجىملىك داستانىدا ئايرىم سەھىپە ئاجرى-
تىپ مەخسۇس توختالغان. 12 - ئەسىرگە كەلگەندە
نىزامى ئۆز «خەمسە» سىدىكى بەشىنچى داستان
«ئىسكەندەرنامە» دە ئىسكەندەرنى ئادالەتلىك پادى-
شاھ، ئىلىم سۆيەر ھۆكۈمران سۈپىتىدە تەسۋىرلى-
دى: «شەرقچە ئوتوپىك جەمئىيەت غايىسىنى ئوتتۇرى-
غا قويدى. نىزامىدىن كېيىن، ئەمىر خىسراۋ ‹خى-
رەدنامەئى ئىسكەندەر› داستانلىرىدا مۇشۇ تېمىنى
قايتا ئىشلىدى.» پارس - تاجىك ئەدەبىياتىدا ئىس-
كەندەر ئوبرازىنىڭ قايتا - قايتا يارىتىلىپ خەمسە
تەركىبىدىن ئورۇن ئېلىشى بىلەن تارىختىكى رېئال
شەخس ئالېكساندىر ماكېدونىسكى بىلەن خەلق رىۋا-
يەتلىرىدىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىڭ ۋەقەلىكلىرى
ئۆزئارا يوغۇرۇلۇپ كەتكەن. كېشىلەر بارا - بارا تا-
رىختىكى كۆپ سورۇقچىلىقلارنى سالغان يۇنانلىق
ئالېكساندىر ماكېدونىسكىينى ئۇنتۇغان ۋە ئۇنى بى-
لىملىك، ھەممە كىشىلەرگە باراۋەر مۇئامىلە قىلى-
دىغان ئادىل پادىشاھ تەسۋىرىنى بېرىپ، يېڭى - يې-
ڭى رىۋايەتلەرنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەب بولغان.

تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن
ھەققىدىكى رىۋايەت - قىسسەلەر خېلى بۇرۇنلا تار-
قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىر
قىسمى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋا-
نى» دىمۇ بېرىلگەن. مەھمۇد كاشغەرى «ئۇيغۇر»
سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى، قوچۇ، جانبالىق، بەشبا-
لىق، يېڭىبالىق قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ بىنا بولۇ-
شىنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنگە باغلاپ چۈشەندۈر-
گەن. ئالىم «ئۇيغۇر» سۆزى ھەققىدە دىۋاندا
مۇنداق دەيدۇ. «ئۇيغۇر بىر ئەلنىڭ نامى ... زۇلقەر-
نەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇ-
نىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. بۇلارنىڭ
قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخ-
شايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا كەينىگىمۇ
شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن
بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە ‹ئىنان خۇز خۇرەند — بۇلار
باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تې-
پىپ يەيدىغانلار ئىكەن. بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قې-
چىپ قۇتۇلالمايدۇ. قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئېتىپ
يېيەلەيدۇ› دەپتۇ. شۇندىن باشلاپ بۇ ئەل ‹خۇز خۇر›
دەپ ئاتىلىپتۇ ۋە ئاستا - ئاستا ‹ئۇيغۇر› سۆزىگە
ئۆزگىرىپتۇ». مەھمۇد كاشغەرى يەنە ئىسكەندەرگە
ئائىت بىر مۇنچە ناملارنى تىلغا ئالغان: «بىر تۈرك
ئەسكىرى ئىسكەندەرنىڭ بىر ئەسكىرىنى قىلىچ بى-
لەن چاپقاندا، ئۇنىڭ تۇۋرىسىمۇ چېپىلىپ كەتكەن.
تۇۋرىدىكى ئالتۇنى چېچىلىپ قانغا مىلەنگەن. بۇ
جاينى شۇندىن كېيىن ‹ئالتۇن قان› دەپ ئاتاپ كەل-
گەن «ئەتىياز پەسلىدە تۈرك يېرىدە يامغۇر يېغىپ
پاتقاقچىلىق بولغاندا ئىسكەندەر: ‹ئىين چې گىل
ئىست› دەپ سوراپتۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى — بۇ نې-
مە دېگەن پاتقاقچىلىق دېگەن بولىدىكەن. بۇ سۆزدىن
‹چېگىل› دېگەن سۆزى توغۇلۇپ قەبىلە ھەم يەر نا-
مىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپتۇ». بۇنىڭدىن باشقا يەنە
«تۇرپان، ئىلى، يەتتە سۇ قاتارلىق جايلاردىن تېپىل-
غان مىلادىيە 9 - ئەسىرگە ئائىت مەڭگۇ تاش يادى-
كارلىقلىرىدا ئىسكەندەرنىڭ نامى قەدىمكى ئۇيغۇر
يېزىقىدا (ordnaskelAs) شەكلىدە ئېلىنغان ۋە ئۇ-
نىڭ ئىش پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان.» تۈركىي
تىللىق ئەدەبىياتتا مەھمۇد كاشغەرىدىن كېيىن
رابغۇزى ئىسكەندەر ئوبرازىنى قايتا ئىشلەپ چىقى-

قان. رابغۇزى ئۆزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق ئەسىرىدە ئىسكەندەر ھەققىدە مەخسۇس توختىلىپ بىر قىسسە ئاجراتقان.

نەۋايى ئىسكەندەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ھاياتى ھەققىدىكى ئوخشاش بولمىغان بايانلارغا قارىتا يۇنان، ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىسكەندەر توغرىسىدىكى ئاغزاكى ئەفسانە ـ رىۋايەتلەر، يازما تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلغان، ماتېرىيال يىغقان. بولۇپمۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەفسانە ـ رىۋايەتلىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن ئوزۇق ئالغان. داستانغا تۈركىي سۇژېت قوشقان. بىز بۇ نۇقتىنى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئىسكەندەر بىلەن چىن خاقانى «شۇ» ئوتتۇرىسىدىكى سۇلھـ تۈزۈشكە ئائىت رىۋايەت بىلەن نەۋايى «سەددى ئىسكەندەرىي» داستانىدىكى ئىسكەندەر بىلەن چىن خاقانى ئوتتۇرىسىدىكى سۇلھـ تۈزۈش سيۇژېتلىرىنىڭ بىردەكلىكىدىن بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، نەۋايى داستانى بىلەن نىزامى، خىسراۋ دېھلىۋى ۋە ئابدۇراھمان جامىلارنىڭ داستانىدىكى ئىسكەندەر ئوبرازىنى، سۇژېت مەنبەلىرىنى ۋە غايىۋى جەمئىيەت قاراشلىرىنى سېلىشتۇرساق، نەۋايىنىڭ نىزامى ۋە جامى داستانىدەك شاھسىز، سىنىپسىز، زۇلۇمدىن خالىي، ھەممە كىشىلەر باپباراۋەر بولغان بىر ئوتوپىك غايىۋى جەمئىيەت تەسۋىرىنى بەرمەي، ئىسكەندەرنى بىلىملىك، قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرىدىغان ئادىل پادىشاھ سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ. بۇ جەھەتلەردىن نەۋايى داستانى نىزامى داستانىغا ئەمەس، بەلكى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىغا يېقىنلىشىدۇ. نەۋايى «سەددى ئىسكەندەرىي» داستانىنى يېزىشتا ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئىسكەندەر ھەققىدىكى ئاغزاكى ۋە يازما خاتىرىلىرىدىن پايدىلىنىشتىن باشقا يەنە ئەڭ مۇھىمى تۈركىي خەلقلەر ئەفسانە ـ رىۋايەتلىرىدىن سۇژېت تاللاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۆزىنىڭ غايىۋى دۆلەت، ئىناق جەمئىيەت قارىشىنى ئىپادىلەشتە «شەرقنىڭ ئارىستوتىلى» دەپ ئاتالغان پەيلاسوپ فارابىنىڭ ئەسەرلىرى ۋە بۈيۈك شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان.

---

## پايدىلانمىلار:


1. ئەلىشىر نەۋايى: «سەددى ئىسكەندەرىي»، قۇربان بارات نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى

2. ئەلىشىر نەۋايى: «سەددى ئىسكەندەرىي»، پارسا شەمسىيېۋنىڭ ئىلمىي تەنقىدىي مەتن ئاساسىدا مەۋجۇدە ھەمىداۋا، ۋەھاب راھمانوۋلار نەسرىي بايان بىلەن بىرگە نەشرگە تەييارلىغان، تاشكەنت غەفۇر غۇلام نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى

3. مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى

4. شەرەفىدىن ئەلى يازدى: «ئەمىر تېمۇر كوراگان ھەققىدە قىسسە»، ئېزىز ساۋۇت نەشرگە تەييارلىغان، 1986 ـ يىلى نەشرى

5. ھۆرمەتجان ئابدۇراھمان فىكرەت: «تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىل نەشرى

6. ئىمىنجان ئەھمىدى، غەيرەتجان ئوسمان، مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، ئەسئەت سۇلايمان ھەبىبۇللا ئابدۇسالام قاتارلىقلار يازغان: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»2 ـ توم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2066 ـ يىلى نەشرى

7. ناسىرىدىن رابغۇزى: «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى

8. يۈسۈپ خاس ھاجىپ : «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى

9. سەيىد مەھدى ھەمدانى: «ئىسكەندەرنامە»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1998 ـ يىل نەشرى


مۇھەررىر: ئوسمانجان مۇھەممەت

# تېيىپجان ئېلىيېۋ ۋە ماياكوۋېسكىي

كېرىمجان ئابدۇرېھىم

( قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 844000 )

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان شائىر تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ رۇس ـ سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ دۇنياۋى مەشھۇر ۋەكىلى ماياكوۋېسكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى مۇھاكىمە قىلىنىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى، شۇنداقلا تېيىپجان ئېلىيېۋ ئىجادىيىتىدىكى ئەدەبىي تەسىر مەسىلىسى ھەققىدە يېڭىچە پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

摘要：本文讨论了二十世纪维吾尔文学著名诗人铁依甫江·艾力尤甫受俄苏著名诗人马雅可夫斯基诗歌的影响，提出了维吾尔文学史中，尤其是自身创作中关于文学影响的新观点。

ئۇيغۇر هازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى رۇس ـ سوۋېت ئەدەبىياتى بىلەن قويۇق ئالاقىلەردە بولۇپ، روس ـ سوۋېت ئەدەبىياتىدىن ئوزۇقلانغان ۋە ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، شۇڭا بۇ مەسىلىنى 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم بىر ئەدەبىيات هادىسىسى سۈپىتىدە كۆرۈش ۋە تەتقىق قىلىش كېرەك. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى يىگىرمە يىلدا (1940 ـ1950) ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئىچىدە رۇس ـ سوۋېت ئەدەبىياتىدىكى ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئوقۇمىغانلىرى ۋە ئۇلاردىن ئەدەبىي تەسىر ئالمىغانلىرى يوق دېيەرلىك. تېيىپجان ئېلىيېۋ شۇلار ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەكىللىكلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ پۇشكىن، ئۆمەر مۇھەممەدىلەردىن باشقا يەنە ماياكوۋېسكىنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

تېيىپجان ئېلىيېۋ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئوزۇق ۋە ئىلھام ئالغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن رۇس ـ سوۋېت ئەدەبىياتىدىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن. ئۇ ئەنئەنىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلىدىغان، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىدىغان، كونىلىققا يېپىشىۋالمايدىغان، يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان، باشقىلاردىن ئۆگىنىشكە ماهىر شائىر بولغاچقا، رۇس ـ سوۋېت ئەدەبىياتىدىكى كەلگۈسىزم ئېقىمىنىڭ بايراقدارلىرىدىن ۋە رۇس ـ سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان مەشھۇر شائىر ماياكوۋېسكىغا كۆپ ئىخلاس قىلغان. بۇ ئىخلاسلىق ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئەسەرلىرىدە خېلى روشەن دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ۋىلادىمىر ۋىلادىمىروۋىچ ماياكوۋېسكىي رۇس ـ سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە مەشھۇر شائىر. ئۇ 1939 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى گرۇزىيەدە تۇغۇلغان، 1906 ـ يىلى دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئائىلىسى بىلەن موسكۋاغا كۆچۈپ كەلگەن. 1908 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشقانلىقى ئۈچۈن كۆپ قېتىم قولغا ئېلىنغان، شۇ جەرياندا تۈرمىدە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلىغان هەم ئۆزىمۇ بىر قىسىم مەشق ئەسەرلىرىنى يازغان. 1911 ـ يىلى رەسساملىق، هەيكەلتاراشلىق، بىناكارلىق مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن، بۇ يەردە ئۇ كەلگۈسىزم ئېقىمىنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرى بىلەن تونۇشقان هەم بۇ ئېقىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇ كەسىپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە «كەلگۈسىزم خىتابنامىسى» نى ئېلان قىلغان هەم «جەمئىيەتكە بىر شاپىلاق» ناملىق كەلگۈسىزم ئۇسلۇبىدا يېزىلغان

شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدۇرغان. رۇسىيە
كەلگۈسىزم ئېقىمىنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى
بولغان بۇ توپلامغا ماياكوۋىسكىنىڭ «كېچە»، «سە-
ھەر» قاتارلىق شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. ماياكو-
ۋىسكىنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇن ئېلان
قىلغان ئەسەرلىرى ئىچىدە 1915 ـ يىلى ئېلان قى-
لىنغان «ئىشتانلىق بۇلۇت» ناملىق داستانى مۇھىم
ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇ داستاندا «ھەممىنى يوقىتىش»
تەك كەلگۈسىزم تەشەببۇسى گەۋدىلىك ئىپادىلەن-
گەن. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ماياكوۋىسكى
سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قوللاپ، سوتسىيالىستىك
تۈزۈمنى مەدھىيەلەپ «ئىنقىلابقا مەدھىيە» قاتارلىق
كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ ئۆكتەبىر ئىن-
قىلابىدىن كېيىنكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە
1925 ـ يىلى يېزىلغان «لېنىن» داستانى ۋەكىللىك
خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، بۇ داستاندا كۆپلىگەن
جانلىق، ۋەكىللىك تەپسىلاتلارنى يېزىش، ۋەقە بىلەن
ھېسسىياتنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق لېنىننىڭ
شانلىق ئوبرازى يارىتىلغان، شۇنداقلا لېنىننىڭ
تۆھپىلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىلگەن. ماياكوۋىسكى-
نىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئىجادىيىتىدە ئۆكتە-
بىر ئىنقىلابىنىڭ ئون يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن
يېزىلغان «ياخشى» ناملىق داستانىمۇ مۇھىم ئورۇن
تۇتىدۇ. بۇ داستاندا شائىر سوۋېت خەلقىنىڭ بول-
شېۋىكلار پارتىيەسى رەھبەرلىكىدە قولغا كەلتۈرگەن
نەتىجىلىرىنى مەدھىيەلىگەن. ماياكوۋىسكى بىر
تۈركۈم مەدھىيە شېئىرلىرىنى يېزىش بىلەن بىرگە
يەنە «مەجلىسۋازلار» غا ئوخشاش ھەجۋى شېئىرلار-
نىمۇ يېزىپ، جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەتلەرنى
مەسخىرە ۋە تەنقىد قىلغان. ماياكوۋىسكىي يالغۇز
شائىر بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە داڭلىق دراماتورگ
بولۇپ، «دىن كومېدىيەسى» (1918 ـ يىل)، «چۇسا»
(1928 ـ يىل)، «مۇنچا» (1929 ـ يىل) قاتارلىق
بىر تۈركۈم دراملارنىمۇ يازغان. «دىن كومېدىيە-
سى» ناملىق ئەسەردە ئاپتور خىرىستىيان دىنىدىكى
توپان بالاسىغا دائىر ھېكايىنى سۆزلەش ئارقىلىق
ئەينى ۋاقىتتىكى رۇسىيە رېئاللىقىنى، ئۆكتەبىر
ئىنقىلابىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ دراما-
نىڭ ئىدىيەۋىلىكىمۇ، بەدىئىيلىكىمۇ ناھايىتى يۇ-
قىرى بولۇپ، زور تەسىر قوزغىغان ھەم يۇقىرى با-
ھالارغا سازاۋەر بولغان. ماياكوۋىسكى ئەدەبىيات ـ
سەنئەتتە يېڭىلىق تەرەپدارى بولۇپ، كونىلىقتا ۋە
مەۋجۇت رېئاللىقنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىگە دادىللىق
بىلەن قارشى تۇرۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يېڭىلىق
يارىتىشنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىرگە يەنە كو-
نىلىققا، ئەنئەنىلەرگە رەھىمسىزلىك بىلەن قارشى
تۇرغان. ئۇ شېئىرلىرىدا كونا دۇنيانى، كاپىتالىزم-
نى ئۇزۇل ـ كېسىل ئىنكار قىلغان ھەم تەنقىدلى-
گەن، ئىنقىلابنى، كۆرەشنى قىزغىن مەدھىيەلىگەن،
شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئەدەبىي ئىجادىيەتتە دادى-
لىق بىلەن يېڭىلىق ياراتقان ھەم يېڭىلىق خاھىشى-
نىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. مايا-
كوۋىسكى ئەدەبىيات ساھەسىدىكى پىكىر ئىختىلاپ-
لىرى، دىنىي جەمئىيەتنىڭ زەربىسى، مۇھەببەتتىكى
ئوڭۇشسىزلىق قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى 1930 ـ
يىلى 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى موسكۋادا ئۆزىنى ئۆل-
تۈرۈۋالغان. بۈگۈنكى كۈندە ماياكوۋىسكىينىڭ ھايا-
تى، ئىجادىيىتى، ئەدەبىيات تارىخىدىكى تۆھپىسى ۋە
ئورنى قاتارلىقلار ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلار
ئوتتۇرىغا چىقىپ، بەس ـ مۇنازىرىلەر كۆپ بولۇنغان
بولسىمۇ، ئەدەبىيات تارىخى نۇقتىسىدىن قارىغاندا،
ماياكوۋىسكى سوۋېت ئەدەبىياتى دەۋرىدىكى ئەڭ
داڭلىق ۋە تەسىرى دۇنياغا كېڭەيگەن كاتتا شائىر.
شۇڭا ئەينى يىللاردا ماياكوۋىسكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى-
غا سوۋېت ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ
داڭلىق شائىر سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلغان، بىز-
نىڭ ئەدىبلىرىمىزمۇ ئۇنى شۇنداق مۇھىم،
داڭلىق دەپ بىلگەن ھەم ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ
ئۇلاردىن زوق ئالغان.

ماياكوۋىسكىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئەڭ دەسلەپ
تونۇشتۇرغان كىشى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيا-
تىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى، مەشھۇر ئەدىب
لۇتپۇللا مۇتەللىپتۇر. ئۇ 1942 ـ يىلى «ماياكو-
ۋىسكى ـ سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ تۇغى» ناملىق ماقا-
لە يېزىپ، ماياكوۋىسكى ۋاپاتىنىڭ يەتتە يىللىقىنى
خاتىرىلىگەن. بۇ ماقالە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ماياكو-

ۋېسكى ھەققىدە يېزىلغان تۇنجى ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ماقالىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ ماياكوۋېسكىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا باھا بېرىپ مۇنداق يازغان: «ھەقىقەتەن 20 ـ ئەسىر دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىدە ئۈچمەس پۈتمەس ـ تۈگىمەس كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئۆتكۈرلۈكى بىلەن ماياكوۋىسكىدەك چوڭ ئورۇن ئالغان ھېچكىم يوق... ئىنقىلاب، سىياسى تېمىلار ئۇنىڭ ياراتقان تېمىسى ئىدى. ئۇ يېڭى سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ، شېئىرىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتتى ... ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھايات ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى بولشېۋىكلار پارتىيەسى يولىغا، ئىشچىلار سىنىپى يولىغا تىكتى... ئۇنىڭ شېئىرلىرى سوتسىيالىزىمغا يېڭى ئەدەبىي فورما بېرىش بىلەن باشقىلاردىن ئايرىلىدۇ. شېئىرنىڭ ئەركىنلىكى، مەقسەتنىڭ ئوچۇقلۇقى، يېڭىلىقلارنىڭ پارقىراپ كۆرۈنۈپ تۇرۇشى، دورامچىلىقنىڭ يوقلۇقى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن بەك ئېگىزلىكتە تۇرىدۇ. ئۇ كاپىتالىزمنىڭ ئەڭ كېلىشمەس دۈشمىنى ئىدى. ئۇنىڭ قەلىمى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ھەربىر گىگانىت تەنتەنىسى بىلەن بىرگە ئاقار ئىدى. ئۇ قەلەمنى بۇ فىرونتتا نەيزە، چويۇنغا تەڭلەشتۈردى.» ماياكوۋېسكىغا بېرىلگەن بۇ باھادىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ماياكوۋېسكىنى 20 ـ ئەسىر دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ مەشھۇر شائىر دەپ تونۇغان، ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى، ئىجادىيىتىنى بولشېۋىكلار پارتىيەسى يولىغا، ئىشچىلار سىنىپى يولىغا بېغىشلىغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان، ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا ئىنقىلاب تېمىسى ۋە سىياسى تېمىلاردا يېزىلغانلىقى سەۋەبىدىن يۇقىرى باھالارنى بەرگەن. ماقالىنىڭ ئاخىرىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ «ماياكوۋىسكىنى ئۆگىنىش دورامچىلىق ئەمەس، دۇنيادا ئۇنى ئۆگەنمىگەن يازغۇچى ئاز» دەپ يېزىپ، ئەدىبلەرنى ماياكوۋىسكىنىڭ شېئىرلاردا ئىنقىلابىي كۈرەشنى، قەھرىمانلىق روھنى گەۋدىلىك ئىپادىلەشتەك ئالاھىدىلىكىنى ئۆگىنىشكە چاقىرغان.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىكى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، شۇ يىللاردا يېزىلغان خېلى بىر قىسىم شېئىرلاردا ماياكوۋېسكى ئىجادىيىتىنىڭ مەلۇم تەسىرى بارلىقىنى ھېس قىلالايمىز. تېيىپجان ئېلىيېف ماياكوۋېسكىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان شائىرلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى باسقۇچىدا يېزىلغان شېئىرلىرىدا بۇ خىل تەسىر دەسلەپكى قەدەمدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇنىڭ ئەركىن شېئىر شەكلىنى كۆپ قوللىنىشىدا، كۈرەش ۋە ئىنقىلاب تېمىسىدا ھەددىدىن كۆپ يېزىشىدا ماياكوۋېسكىنىڭ تەسىرى بولغانلىقى ئېنىق. ئۇنىڭ ئۇستىگە تېيىپجان ئېلىيېف 1949 ـ يىلى 5 ـ ئايدا يازغان «دولقۇن يامرىدى» دېگەن شېئىرىدا ماياكوۋېسكىنىڭ «ماشىنا ئۆسمەكتە،/ ئەگمەستىن بويۇن / ئىش تاشلاش/ بوھراندا ئۇنىڭ تۇزۇمى/ سورۇلدى غازاڭدەك،/ مىسلى بىر قويۇن» دېگەن مىسرالىرىنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ پىكىر ـ ئىدىيەسىنى ماياكوۋېسكىدىن ئېلىنغان ئۇزۇندە ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرگەن. تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى باسقۇچىدا يېزىلغان مەشھۇر ئەسىرى «ۋالاقتەككۇرۇفنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق ساتىراسىدا ماياكوۋېسكىنىڭ «مەجلىسۋازلار» ناملىق ئەسىرىنىڭ تەسىرىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە زور ئىكەنلىكى كىتابخانلارغا ناھايىتى ئېنىق. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تېيىپجان ئېلىيېف «ماياكوۋېسكىدىن ئاڭلا ناخشىنى» قاتارلىق شېئىرلىرىدىمۇ ماياكوۋېسكى شېئىرلىرىدىن ئۇزۇندىلەرنى ئالغان، ئەركىن (چاچما) شېئىر شەكلىدىكى بىر قىسىم شېئىرلىرىدا ماياكوۋېسكىنىڭ ئۇسلۇبىنى، تىل ئالاھىدىلىكىدىن ئوزۇق ئالغان.

رۇس ـ سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىنى تونۇشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش، شۇ ئاساستا رۇس ـ سوۋېت ئەدەبىياتىدىن ئۆگىنىش، ئىلھام ۋە تەسىر ئېلىش 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بىر چوڭ خاھىشقا ئايلانغان

ئىدى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى باسقۇچىدا ماياكوۋىسكى قاتارلىق رۇس - سوۋېت شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى كۆپلەپ تونۇشتۇرۇلغاندىن باشقا يەنە ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى باشلانغان دەسلەپكى مەزگىللەردىمۇ بۇنداق پائالىيەتلەر كۆپلەپ ئېلىپ بېرىلدى. بۇلار ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بولغىنى ماياكوۋىسكى تۇغۇلغانلىقىنىڭ ئاتمىش يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى بولدى. 1953 - يىلى 7 - ئايدا ماياكوۋىسكى تۇغۇلغىنىغا ئاتمىش يىل بولغاندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەينى يىللاردىكى بىردىنبىر مەتبۇئات سورۇنى بولغان «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلى شۇ يىللىق 6-، 7- قوشما سانىدا «ماياكوۋىسكىي تۇغۇلغانلىقىغا ئاتمىش يىل بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن» دېگەن مەخسۇس سەھىپىنى ئېچىپ، «ئۇلۇغ سوۋېت شائىرى ۋ.ۋ. ماياكوۋىسكى» دېگەن قىسقا ماقالىنى، تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ «ماياكوۋىسكىدىن ئاڭلا ناخشىنى» دېگەن شېئىرىنى ۋە ماياكوۋىسكىينىڭ «مەجلىسۋازلار» قاتارلىق شېئىرلىرىنى بېرىپ، بۇ داڭلىق شائىرنى تولىمۇ داغدۇغىلىق خاتىرىلىگەن. ماياكوۋىسكىينىڭ «مەجلىسۋازلار» ناملىق شېئىرىنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى شۇ يىللاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ساتىرا ئىجادىيىتىنىڭ گۈللىنىپ كېتىشىنى شۇ يىللاردىكى ئازراق ئىجادىيەت ئەركىنلىكىدىن سىرت، مانا مۇشۇ شېئىرنىڭ بىۋاستە تەسىرىگە باغلاپ تونۇش مۇمكىن. تېيىپجان ئېلىيېف «ۋالاقتەككۇرۇفنىڭ ئۆلۈمى» نى كۈچلۈك دەۋر روھىغا، قويۇق مىللىي تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە قىلىپ، ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلارنى تېخىمۇ رۇشەن خاسلاشتۇرۇپ، شېئىرىي تىلىنىڭ پاساھىتىنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇپ يېزىپ چىققان بولسىمۇ، ھەر ئىككى ئەسەردىكى ئوخشاش تېما، ئوخشاش خاراكتېرلىك پېرسوناژ، ئوخشاش ئۇسلۇب بۇ ئەسەر ئىجادىيىتىدە تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ ھەقىقەتەن تەسىر قوبۇل قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ ماياكوۋىسكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغاندا، ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، شائىرنىڭ 1953 - يىلى ماياكوۋىسكى تۇغۇلغانلىقىغا ئاتمىش يىل بولغان ۋاقىتتا يازغان «ماياكوۋىسكىدىن ئاڭلا ناخشىنى» ناملىق شېئىرىدۇر. بۇ شېئىر يېزىلغان يىللاردا جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى يولى بىلەن مېڭىپ سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدىكى نۇرغۇن ساھەلەر ئالاقىلىرى قاتارى ئەدەبىيات ئالاقىلىرىمۇ ناھايىتى قويۇق ئىدى، جۇڭگو ئەدەبىياتى سوۋېت ئەدەبىياتىنى ئۈلگە قىلىپ كېتىۋاتاتتى، شۇڭا مەتبۇئاتلار سوۋېت ئەدەبىياتىنى كۆپلەپ تونۇشتۇرۇپ، سوۋېت ئەدىبلىرىنى خاتىرىلەپ، بۇ ئارقىلىق ئەدەبىي ھاياتنى بېيىتىۋاتاتتى. بىر ئۇزۇل - كېسىل ئىنكارچىدىن تەڭداشسىز مەدھىيەچىگە ئايلىنىپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى، سوۋېت ھاكىمىيىتىنى، لېنىننى ئەڭ قىزغىن ھېسسىياتى بىلەن مەدھىيەلەپ، بۇ خىل خاھىشتىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان، بۇرژۇئازىيەنى قاتتىق مەسخىرە ۋە تەنقىد قىلىپ، ھاكىمىيەتنىڭ ۋە ئىنقىلابى ئاممىنىڭ كۆڭلىگە ياققان ماياكوۋىسكى ئېلىمىزگە، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارغا ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ مەشھۇر شائىرى سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى جۇشقۇن، جەڭگىۋار كەيپىيات؛ ئۆتكۈر، ئېنىق پىكىر؛ رۇشەن، قاراتمىلىق خاھىش؛ ئەركىن، چەكلىمىسىز شەكىل؛ ئاممىباب، ئاددىي تىل كونا زاماننى سۆكۈپ، يېڭى دەۋرنى كۈيلەشكە تازا ماس كەلگەچكە، ئەشۇ يىگىرمە يىلدىكى شائىرلار ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئېلىپ، ئىجادىيەتتە ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ، نۇرغۇن سىياسى لېرىكىلارنى يازغان. تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ «ماياكوۋىسكىدىن ئاڭلا ناخشىنى» ناملىق شېئىرى مانا مۇشۇ ئەدەبىيات ھادىسىسىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسىدۇر.

«ماياكوۋىسكىدىن ئاڭلا ناخشىنى» ناملىق شېئىر تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ ئادەتتىكى بىر شېئىرى بولماستىن، بەلكى 20 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىـ

ياتىنىڭ رۇس ـ سوۋېت ئەدەبىياتىدىن زوق ئالغانلىقى ۋە تەسىر قوبۇل قىلغانلىقىدەك مۇھىم بىر ئەدەبىيات ھادىسىسىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇر شېئىرىيەت تارىخىدىكى قىممەتلىك ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا يەنە بۇ شېئىر تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ رۇس ـ سوۋېت ئەدەبىياتىنى، جۈملىدىن ئۇنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ماياكوۋىسكىنى چوڭقۇر بىلگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان مۇھىم بىر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ شېئىردا يەنە كۆپلىگەن مۇھىم ئۇچۇر-مەزمۇنلار مۇجەسسەملەشكەن.

«ماياكوۋىسكىدىن ئاڭلا ناخشىنى» ناملىق شېئىردا تېيىپجان ئېلىيېف ماياكوۋىسكىنى چوڭقۇر ھۆرمەتتى بىلەن تەرىپلىگەن، ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى كۆرسەتكەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى تۆھپىسىگە ۋە ئورنىغا يۇقىرى باھالارنى بەرگەن. شائىر شېئىرنى مۇنداق مىسرالار بىلەن باشلىغان:

مۇنبەرگە يولاتما مەدداھ ـ باخشىنى،
بىرنى
ئىككى دەيدۇ
جان باقار ئابدال.
بولدى!
يوم،
جاۋۇلداق
ئاغزىڭنى دەرھال!
ماياكوۋىسكىيدىن ئاڭلا ناخشىنى.

بۇ مىسرالاردىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، تېيىپجان ئېلىيېف ئۆزى ياشاۋاتقان شۇ دەۋرنى كۈيلەشكە ئەڭ ماس كېلىدىغان، شۇ دەۋرنىڭ شېئىرىيەت مۇنبىرىدە تۇرۇشقا ئەڭ مۇناسىپ بولغان شېئىرلار دەل ماياكوۋىسكىنىڭ شېئىرلىرى دەپ قارىغان، شۇڭا «بولدى، باشقا ناخشىلارنى قويۇپ، پەقەت ماياكوۋىسكىنىڭ ناخشىسىنىلا ئاڭلايلى» دەپ خىتاپ قىلغان، بۇ مىسرالاردا يەنە تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ شۇ يىللاردىكى كونىلىقنى ئىنكار قىلىپ، يېڭىلىققا ئىنتىلىشتەك روھى ھالىتىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

شېئىرنىڭ كېيىنكى مەزمۇنلىرىدا تېيىپجان ئېلىيېف ماياكوۋىسكى «لېنىن ئىدراكى» نى كاللىسىغا ئوبدان سىڭدۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ شۇنداق جۇشقۇن، جەڭگىۋار چىققانلىقىنى، ئەشۇ روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان بۇ شېئىرلارنىڭ كۈرەش دولقۇنلىرىدا ئىنقىلابى ئاممىغا ئىلھام ـ مەدەت بەرگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ جەڭلەردە غالىپ كېلىشىدە مۇھىم روللارنى ئوينىغانلىقىنى خېلى كۆپ سەھىپىدە يازغان، شۇنداقلا بۇ شېئىرلارنىڭ «تىنچلىق كۈرىشىنىڭ سەلكىنلىرىدە مەغرۇر ياڭرايدىغانلىقى»نى، «ئەتىمۇ كەڭ دۇنيانىڭ ئۇنى ئاڭلايدىغانلىقى» نى، چۈنكى «ئىنقىلاب ئۈچۈن شۇنداق ناخشا كېرەك» لىكىنى تەكىتلىگەن. بۇلاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، تېيىپجان ئېلىيېف ماياكوۋىسكى شېئىرلىرىنى ئىنقىلابى روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان، تىنچلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشنى كۈيلەيدىغان، شۇ سەۋەبتىن قىممەتلىك بولغان شېئىرلار، دەپ تونۇغان.

تېيىپجان ئېلىيېف بۇ شېئىرىدا يەنە ئۆزى قاتارلىق بىرقىسىم شائىرلارنىڭ ماياكوۋىسكى شېئىرلىرىدىن ئۆگىنىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ شېئىر ـ ناخشا توۋلاپ، شېئىرىيەتنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى نامايان قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ يولى بىلەن يېزىلغان شېئىرلارنىڭ ۋەتەننى ئازادلىقنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا رول ئوينىغانلىقىنى مۇنداق مىسرالار بىلەن ئىپادىلىگەن:

بىزمۇ
بۇ ناخشىغا
قوشۇلۇپ توۋلاپ
بوران دولقۇننى ئەسلەتتۇق جەڭدە.
«كانىيىنى سىقىپ كونا دۇنيانىڭ»
ئازادلىق كۈيىنى
چالدۇق ۋەتەندە.

تېيىپجان ئېلىيېف شېئىردا يەنە «بىراق/ مېنىڭدەك بىر ئاددىي ئادەمنىڭ/ ئۇنىڭ تەرىپىگە پات-

مايدۇ چىشى» دېگەن مىسرالارنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ماياكوۋىسكىغا بولغان ھۆرمىتىنى، شۇنداقلا ئۇنى چوڭ بىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلغان بولسا، شېئىرنىڭ ئاخىرىدا ماياكوۋىسكى شېئىرلىرىغا بولغان يۇقىرى باھاسىنى مۇنداق مىسرالار بىلەن ئىپادىلىگەن:

ئاڭلىغىن دوستۇم،
ئاڭلا زوق بىلەن
قايىنامدىن ئۇرغىغان ئۇلۇغ ناخشىنى.
زادى تاپالمايسەن
جاھاننى ئىزدەپ
ناخشىلار ئىچىدە بۇنداق ياخشىنى.

بۇ مىسرالاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تېيىپجان ئېلىيېف ماياكوۋىسكى شېئىرلىرىنى «ئۇلۇغ ناخشا»، «ئەڭ ياخشى ناخشا» دەپ تەرىپلىگەن ھەم بۇ ناخشىلارنى زوق بىلەن ئاڭلاشنى تەشەببۇس قىلغان. بۇ تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ ماياكوۋىسكى ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا نىسبەتەن چوڭقۇر ھۆرمىتى ۋە قايىللىقىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ماياكوۋىسكىدىن، رۇس - سوۋېت شېئىرىيىتىدىن ئۆگىنىش ھەققىدىكى تەشەببۇسى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ.

تېيىپجان ئېلىيېف ماياكوۋىسكىدىن ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۆزىمۇ ئىجادىيىتىدە ئۇنىڭدىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن، ئۇنىڭغا كۆپ جەھەتلەردىن تەقلىد قىلغان: ئىجادىيىتىدە چاچما (ئەركىن) شېئىر شەكلىنى كۆپ قوللىنىش، شېئىرلىرىنى كۆرەش تېمىسىدا كۆپ يېزىش، بەزى ئالاھىدە شېئىرىي ئوبرازلارنى يارىتىش، شېئىرنىڭ جۇشقۇن، جەڭگىۋارلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش قاتارلىقلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئەنئەنىسىگە بولغان ۋارىسلىقنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى ماياكوۋىسكى ۋەكىللىكىدىكى رۇس - سوۋېت ئەدەبىياتى تەسىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ يەردە تېيىپجان ئېلىيېف بىلەن ماياكوۋىسكىنى بىر يەرگە قويۇپ تەتقىق قىلىشىمىز ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ تەڭ دەرىجىدىكى، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن داڭلىق شائىرلار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئەمەس، بەلكى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتى ھېساپلىنىدىغان ھەرقايسى ئەل - مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئەدەبىي تەسىر كۆرسىتىش ۋە قوبۇل قىلىش نۇقتىسىدىن چىقىپ، دۇنياۋى مەشھۇر شائىر بولغان ماياكوۋىسكىدىن ئۆگىنىش، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە نەزەر سېلىش، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش ئۇيغۇر ھازىرقى - بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى ھېساپلىنىدىغان تېيىپجان ئېلىيېف ئىجادىيىتىدە يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك ئەنە شۇنداق گەۋدىلىك ئىكەنلىكىنى شەرھىيلەشنى ۋە بۇ ئارقىلىق تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ ماياكوۋىسكى تەسىرىگە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ رۇس - سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ تەسىر ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىدىكى زامانغا لايىقلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىش سەرگۈزەشتىسىدە بۇ ئەدەبىياتنىڭ باشقا ئەدەبىياتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان مۇھىم بىر تەپسىلات ھېسابلىنىدۇ.

---

**پايدىلانمىلار:**


1. «تېيىپجان ئېلىيېف شېئىرلىرى» (2 توم)، مۇھەممەت رەھىم نەشرگە تەييارلىغان، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997 - يىل 7 - ئاي نەشرى

2. بەيدۇ توربېكىتىدىكى ماياكوۋىسكىغا دائىر ماتېرىياللار

3. «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1953 - يىللىق 6 -، 7- سانى

4. تۇرسۇن ئەرشىدىن: «ل. مۇتەللىپ»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 - يىل 3 - ئاي نەشرى

5. كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «كۆپ خىل ئەدەبىياتلار تەسىرىدىكى تېيىپجان ئېلىيېف ئىجادىيىتى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2010 - يىللىق 1 - سانى


مۇھەررىر: ئوسمانجان مۇھەممەت

# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شېئىر ۋە شائىر ھەققىدىكى قاراشلىرى

ئابدۇخەبەر سۇلايمان

( شنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى 830054 )

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىكى شېئىر ۋە شائىرغا مۇناسە-
ۋەتلىك بايانلىرى شۇ دەۋر ئەدەبىياتى، رېئاللىقى ئىچىگە قويۇلۇپ تەھلىل قىلىنىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق قاراخا-
نىيلار دەۋرى ئەدەبىياتىدىكى شېئىر ۋە شائىر چۈشەنچىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلىدۇ.

**摘要**: 本文运用叙述、比较、分析等多种研究方法，解释了玉素甫·哈斯哈吉甫的著作《福乐智慧》中从
诗歌与诗人的观念来描述喀喇汗王朝的文学观念特点。

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى، شا-
ئىر ۋە دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ
پەلسەپەۋى، ئېنسىكلوپېدىك داستانى «قۇتادغۇبىلىك»
ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ
ئەڭ يۇكسەك چوققىسى ۋە ئەڭ تىپىك نەمۇنىسى-
دۇر. «قۇتادغۇبىلىك» ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىپ
بەھرىدە يېزىلغان. ئەسەرنىڭ ئەمەلىيىتى يۈسۈپ
خاس ھاجىپنىڭ شېئىر ۋە شائىر ھەققىدىكى كۆز-
قاراشلىرىنى بىۋاستە ئىپادىلەپ بەرگەن بولسىمۇ،
ئاپتور بۇ ھەقتە ئايرىم توختىلىشنى زۆرۈر دەپ قا-
رىغان. داستاننىڭ «شائىرلار بىلەن مۇناسىۋەتتە بو-
لۇش بايانىدا» ماۋزۇلۇق ئەللىك ئالتىنچى بابى
مەخسۇس شېئىر ۋە شائىرغا بېغىشلانغان بولۇپ، بۇ
بابنى ئەينى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى شېئىر ۋە شائىر-
لىققا بېرىلگەن ئىخچام نەزەرىيە ۋە يۈسۈپ خاس
ھاجىپنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى ئەڭ مەركەزلىك كۆزقا-
رىشى دەپ ئېيتىش بىلەن بىرگە، يۈسۈپ خاس ھا-
جىپنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئوخشى-
تىش، ئىشارە ئۇسۇللىرى، شېئىر ۋە شائىر مەجازى-
لىرىدىن پايدىلىنىپ، ئەينى دەۋ رېئاللىقىغا بولغان
ئەندىشىسى ۋە ئىرادىسىمۇ ئەكس ئەتكەن دەپ قاراش-
قا بولىدۇ. مەزمۇن ۋە تارىخي رېئاللىقتىن ئېلىپ
ئېيتقاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەينى دەۋر زىيالىي-
لىرىغا شائىرلارنى ۋەكىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ شې-
ئىرلىرىنى خەلقنىڭ ھۆكۈمرانلارغا قارىتا پىكرى
سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىپلا قالماي، شې-
ئىر بىلەن شائىرلىق ھەققىدىكى قاراشلىرىنى
سىڭدۈرۈۋەتكەن :

2934. كېلۇر ئەمدى شائىر، بۇ سۆز تەرگۈچى،
كىشىلەرنى ماختاپ، ھەم سۆككۈچى.

بۇ بېيىتنى شائىرلىق مەجبۇرىيىتىگە ئېيتىلغان
ئىخچام تەبىر دېيىشكە بولىدۇ. ئاپتور شائىرنى تىلى-
نىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئۇستىسى ئىكەنلىكى، تىل ئار-
قىلىق كىشىلەرگە ياخشى - يامانىنى تونۇتۇپ، گۈ-
زەللىكنى كۈيلەپ، رەزىللىكنى قامچىلاش مەجبۇرى-
يىتى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شائىرلىقنىڭ
سۆز بالاغىتىنىڭ ئەڭ پىشقان پېشىۋالىرىدىن ئى-
كەنلىكى ناھايىتى بۇرۇنلا كىلاسسىكلار نەزەرىدە مۇ-
قىملاشقان بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن بىر يې-
رىم ئەسىر بۇرۇن ياشىغان فارابىمۇ «شائىرلار سەنى-
ئىتى قانۇنلىرى ھەققىدە» ناملىق رىسالىسىدە
«شېئىر سەنئىتىنى بېزەيدىغان نەرسىلەر سۆز —
مۇلاھىزىلەر بولسا، رەسساملار سەنئىتىنى بېزەيدى-
غان نەرسە بوياقلار ھېسابلىنىدۇ» دەپ ئېيتقان.
كىلاسسىك شائىرلار ئەدەبىياتىنىڭ ئاۋانگارتلىرى
سالاھىيىتى بىلەن تىلدىكى ئەڭ سەرخىل سۆزلەرنى

ئىشلىتىپ ئۆز مەسئۇلىيىتى، مەجبۇرىيىتىنى
ئارتتۇرغان. دەۋرنىڭ جارچىسى سۈپىتىدە ياخشى-
لىققا مەدھىيە ئوقۇپ، رەزىللىككە ئوت ئېچىپ،
دەۋرنىڭ ھەقىقىي ۋىجدانى بولغان. يۈسۈپ خاس ھا-
جىپنىڭ شائىرلار ھەققىدىكى تەۋسىيەسىنىڭ ئەڭ
بېشىدىلا بۇ نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى بىر تەرەپ-
تىن شائىرلىقنىڭ ئەڭ ئاساسىي تەلىپىنى ئاي-
دىڭلاشتۇرۇش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر
كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆتكەن ئۆزىدىن
ئىلگىرىكى كىلاسسىكلارنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشىغا
ياندىشقان.

3934. قىلىچتىن ئىتتىكرەك بولارنىڭ تىلى،
قىلدىنمۇ نازۇكراق تەپەككۇر يولى.

دېمەك ئارقىلىق شائىرلارنىڭ كەسكىن، ئۆتكۈر،
مۇرەسسەسىز بولۇشى كېرەكلىكى، ئاددىي خىياللار
دۆۋىسى ياكى سۆز تىزمىلىرى ئارىسىدا قايمۇقۇپ
يۈرمەستىن، يۈكسەك تەپەككۇر بىلەن دۇنياغا ۋە
ئىنسانغا نەزەر سېلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن
ھەمدە يوشۇرۇنچە شېئىر تىلى ۋە چوڭقۇرلۇقى ھەق-
قىدە ئىشارە قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ سىمۋوللاشتۇرۇلغان
ئوبرازلىرى ئارقىلىق ئالدىنقى بېيىتتىكى مەزمۇن-
نى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغان. شېئىر رېئال ھايات-
نىڭ يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلىنىشى ۋە ئو-
مۇملاشتۇرۇلۇشى بولغاچقا، ئۇنىڭ تىلى ئىخچام، دەل
ۋە ئېنىق بولۇشى، ئىپادىلەش كۈچىگە باي بولۇشى
تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاپتور شائىرلارنى سۆز دېڭىزىدىن
ئۈنچە، گۆھەر، ياقۇت سۈزىدىغان، يەنە كېلىپ ئەڭ
پايدىلىق، ئەڭ ساپ، ئەڭ قىممەتلىكلىرىنى سۈزى-
دىغان غەۋۋاسقا ئوخشىتىپ، شائىرلىقنىڭ ماھىيى-
تىگە تەبىر بېرىش بىلەن بىللە، ئوبرازلىق شەكىل-
لەر ئارقىلىق شېئىرنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنىنىڭ
قانداق بولۇش كېرەكلىكى ھەققىدىمۇ مۇئەييەن بىر
نەزەرىيەنى يورۇتقان. ئىخچام بولۇش — بەدىئىي
جەھەتتىكى ئىپادىلەش مەسىلىسى، شۇنداقلا پىكىر
مەزمۇنىنى قانداق قىلىپ ئەڭ مۇۋاپىق سۆز ـ ئىـ-
بارىلەر بىلەن تولۇق، ناھايىتى چىرايلىق ئىپادىلەش
مەسىلىسىدۇر. ئاپتور شېئىردا تىلدىكى ئەڭ گۈ-
زەل، ئىخچام سۆزلەرنى تاللاپ ئالغاندىن سىرت،
كىلاسسىك شېئىرىيەتتە ئىزچىل داۋاملىشىپ كې-
لىۋاتقان، شېئىر مىسرالىرىنى تەشكىل قىلغۇچى
سۆزلەرنىڭ كۆپىنچە قىسقا، ئىخچام بولغان بىر بو-
غۇملۇق، ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەردىن بولۇشىغا
ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، تىل يەڭگىللى-
كىنى ھېكمەت بىلەن سۇغىرىش، ئاددىي سۆزلەرگە
چوڭقۇر مەنىلەرنى يۈكلەشكىمۇ كۈچىگەن. تەبىئەت
دۇنياسىدا ئىنتايىن كەم ئۇچرايدىغان، قىممەتلىك
مەدەنلەرنى شېئىرنىڭ بەدىئىيلىكىگە تېمسال قى-
لىش ئارقىلىق شېئىر ۋە شائىرلارغا قويۇلغان
يۈكسەك تەلىپىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. تۈركىي تىل-
لىق خەلقلەر ئەدەبىياتىدا ئۇزۇندىن بېرى ئىستېمال
قىلىنىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ئارۇز سىستېمىسىدا
ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بېغىشلاشنىڭ تىپىك ئۈل-
گىسىنى يارىتىپ، ئۆز ئەسىرىنى ئەينى دەۋردە
شەرقنىڭ يىرىك تىپىك شېئىرىي ئەسەرلىرى ئۇ-
چۇن قوبۇل قىلىنغان ۋە شەرق نەزمى ئارۇزنىڭ ئەڭ
ئاھاڭدارى ھېسابلىنىپ «جەڭگىۋار ئۆلچەم» دەپ نام
ئالغان مۇتەقارىپ بەھرىدە يېزىپ چىققان. دۇنياۋى
سەۋىيەدە راۋاجلىنىۋاتقان تۈركىي شېئىرىيەتنىڭ
ئەينى دەۋردىكى ئەھۋالى، شەكلى، مەزمۇنى، ئىپادى-
لەش ۋاسىتىلىرى، تىل ئالاھىدىلىكلىرى قاتار-
لىقلارنى ھەم ئۆز شېئىر ئەمەلىيىتى ھەم شېئىرغا
سىڭدۈرگەن ئاملىلىرى بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتكەن.
ئارقىدىنلا شائىرلار بايانىغا ئۆتكەن:

6934. ئۇلار ماختىسا، ئەلگە تارار شۇ پېتى،
ئەگەر سۆكسە كىمنى، سېسىيدۇ ئېتى.

ئەينى دەۋر رېئاللىقىدىن ئالغاندا، بۇ ئاشۇرۇۋې-
تىلگەنلىك بولماستىن، بەلكى بۇنى شېئىر ۋە شا-
ئىرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىغا بېرىلگەن باھا دەپ
چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەسەر يېزىلغان تارىخىي ئارقا

كۆرۈنۈشكە نەزەرىمىزنى ئاغدۇرغاندا، «قۇتادغۇبىلىك» يېزىلغان ۋاقىت دۆلەت قالايمىقانلاشقان، خانلىق ئىچكى نىزاغا پاتقان مۇشەققەتلىك بىر دەۋر بولۇپ، ئەگەر پادىشاھ دانالىق، ھوشيارلىق بىلەن بۇ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتمىسە، ئەھۋال ئىنتايىن يامانلىشىپ كېتەتتى. «قۇتادغۇبىلىك» دەل مۇشۇ خىل تەقەززا تۈپەيلىدىن مەيدانغا كەلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ بايانلىرى ئارقىلىق ئوردا ئەھلىگە ئىلىم ئەھلىلىرىنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنىڭ ئۆگۈتلىرىگە قۇلاق سېلىش لازىملىقىنى ئەسكەرتىش بىلەن بىللە، يۇقىرىقى مىسرالىرى ئارقىلىق چوڭقۇر ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ.

ئېنىقكى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تارىخىدۇر، ئۇيغۇر مەدەنىي ھاياتىدىكى چوڭ ـ چوڭ ۋەقەلەردىن تارتىپ ئىنساننىڭ سۆيگۈسىگىچە ئاساسەن دېگۈدەك شېئىر شەكلىدە ئىپادىلىنىپ، يېزىلىپ كەلگەن. شېئىرىيەت ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىنىڭ بىردىنبىر ئېقىنى بولۇپ كەلگەن. شائىرلار شۇ سەۋەبلىك ئىنچىل ئاۋام ۋە ھۆكۈمدارلار نەزەرىدىكى «ئالاھىدە ئادەملەر» قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنغان. شېئىر ئارقىلىق ھاكىمىيەتكە قاتنىشىش، شېئىردا دىداكتىكىلىق ئۇسۇل ئىمكانىيەت بەرمىگەندە ئايلانما يول بىلەن مەقسەتنى ئىپادىلەش، ئەدەبىياتتىكى باشقا شەكىل، ۋاستىلەر بىلەن مۇددىئاسىنى بىلدۈرۈش دۇنيادىكى كۆپ قىسىم ئەللەردە ئورتاق. «كەلىلە ۋە دېمنە» دەك نادىر ئەسەرنىڭ تۈزۈلۈشى، مەسەل ـ چۆچەكلەردەك شەكىللەرنىڭ راۋاج تېپىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسلىرىنىمۇ مۇشۇ نۇقتىدىن چۈشىنىش تامامەن مۇمكىن. يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك بۈيۈك بىر پەيلاسوپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تەك پەلسەپىۋى داستاننى نېمىشقا باشقا ژانىرلاردا يازماي، شېئىرىي شەكىلدە يازغانلىقى ھەرگىز تاسادىپىيلىق ئەمەس. ئاپتور يۇقىرىقى مىسرالىرى ئارقىلىق شېئىرنىڭ قۇدرىتى، شائىرنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ھەممە شائىرلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە:

7934. تولا ياخشى تۇتقىن بۇلارنى قاياش،
بۇلارنىڭ تىلىغا ئىلىنما، ئاداش.

دەپ يازغان. «قۇتادغۇبىلىك» ئىرانلىقلارغا يېتىپ بارغاندا، ئۇلار ئۇنى «شاھنامەئى تۈركىي» دەپ ئەتىۋارلاپ ساقلاپ، سان ـ ساناقسىز ئادىل ـ پادىشاھلىرىنى تارىخ سەھنىسىگە چىقاردى. قەدىمكى دەۋرلەردىكى مەشھۇر ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار ئۆز دەۋرىنىڭ ئېنسىكلوپېدىك ئالىملىرى ئىدى. شۇ دەۋرنىڭ ھەقىقىي شائىرلىرى، شائىرلا بولۇپلا قالماي، يەنە پەيلاسوپ، سىياسىيون، دىپلومات، جامائەت ئەربابى، مۇتەپەككۇرى قاتارلىق ئۇنىۋېرساللاشقان دانىشمەنلىرى ئىدى. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ بېيىتتا شائىرلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ساقلاشنى، ئۇلارنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆتۈشنى، شائىرلارنىڭ مەسخىرە، ھەجۋىي ئوبيېكتى بولۇپ قالماسلىقنى تەكىتلەش ئارقىلىق ئىچكى ماجىرا ئىچىدە تۇرۇۋاتقان قاراخانىيلارنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەرگە قانداق قىلىشنى يوشۇرۇن ئۆگەتكەن. خۇددى بۇ ئەسەرنىڭ روياپقا چىقىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىدىن ھېس قىلغىنىمىزدەك، داستاننىڭ بۇ بابتىكى بايانلىرى نوقۇل شائىر ۋە شېئىر ھەققىدىكى بايانلارلا بولۇپ قالماستىن، يەنە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت ۋە خەلقىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش، ئەنسىرەش تۇيغۇسىنى ۋە ئۇنى قانداق ھەل قىلىشنى ئۆگىتىۋاتقانلىقى دەپ چۈشىنىش مۇمكىن، چۈنكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ 85 باب، 6654 بېيىت، 13290 مىسرالىق «قۇتادغۇبىلىك» نى شېئىرىي شەكىلدە يېزىپ، شېئىرنىڭ نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتىنى ئەڭ يۈكسەك سەۋىيەدە نامايەن قىلغان، شۇنداقلا ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق شائىرلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئىسپاتلاپ بولغان ئىدى. شۇڭا بۇ مىسرالارنىڭ

يېزىلىشى قانداقتۇر پادىشاھنىڭ شائىرلارغا ئىلتىپات قىلىشىنى تەكىتلەشنى مەقسەت قىلغان شەخسىي تەمە تۇيغۇسى ئەمەس، خەلقنىڭ، دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىدىن خەۋپسىرەش تۇيغۇسىدىن ئوتتۇرىغا چىققان مىسرالار دەپ چۈشىنىش ئۇشۇقچە ئەمەس.

8934. ئەگەر ماختىلىشنى تىلەسەڭ ئۆزۈڭ،

بۇلارنى سۆيۈندۈر، بەس ئەمدى سۆزۈڭ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ شائىرلارنىڭ رولىغا شۇنچىلىك يۇقىرى باھا بەرگەنكى، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى سەلتەنەتلىك خاندانلىق ــ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ كاتتىسى ھېسابلانغان پادىشاھنىڭمۇ شائىرلارغا بىھۆرمەتلىك قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى، شائىرلارنى ھۆرمەت تۆرىگە تەكلىپ قىلىپ، ئىززەت ـ ئىكرام كۆرسىتىش كېرەكلىكىنى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەسلىكىنى ئالاھىدە قەيت قىلغان. بۇ ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئىشىنى ئاقىللار بىلەن مەسلىھەت قىلىپ باشقۇرۇش، ئۇلارنىڭ تەكلىپلىرىنى ئاڭلاش خاھىشىنى يوشۇرۇن ئىپادىلىگەن. شۇ سەۋەبتىن، «قۇتاغۇبىلىك» نى قاراخانىيلارنىڭ شۇ چاغدىكى ئەمدىلا تەختكە چىققان، ئۆزىدىن ئون نەچچە ياش كىچىك بولغان ئەبۇ ھەسەن سۇلايمان بۇغراخانغا سوۋغا قىلىپ، «خاس ھاجىپ» لىق مەرتىۋىسىگە ئىگە بولغان. خۇددى:

9934. نىمەنى تىلىسە، بەرگىن سەن تۇگەل،

ئۇلارنىڭ تىلىدىن ئۆزىن سېتىۋال.

دەپ يازغاندەك، ئەبۇ ھەسەن بۇغراخان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئەقلىيەسى بويىچە ئۇنى يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە ئىگە قىلىپ، دۆلەت ئىشلىرىغا قاتناشتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن «ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى» ھېسابلانغان قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشىگە مەنىۋى ئاساس يۇختىلانغان بولدى.

دېمەك، ئەسەرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن بىرلەشتۈرگەندە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش، ئىدارە قىلىشتىكى ئۇتۇپىيەلىك ئىدىيەسىنىڭ شېئىر ۋە شائىر توغرىسىدىكى مىسرالىرىغا ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن سىڭدۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

---

پايدىلانمىلار:

1. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى 1 ـ نەشرى

2. ئابلەت ئۆمەر: «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

3. غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

4. ھاجى ئەخمەت: «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

5. شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېرىكلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

6. ئىبراھىم مۇتىئى: «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

7. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

8. «تىل تەتقىقاتىنىڭ 30 ـ يىلى» (ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەردىن تاللانما)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

9. فارابى: «شائىرلار سەنئىتى قانۇنلىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1980 ـ يىلى 1 ـ سان

10. ئىقبال تۇرسۇننىڭ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات مېتودى» دەرسلىكى كونسپېكى

**مۇھەررىر: ھەزرىتى ئەلى بارات**

# كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا بىلىم چۈشەنچىسى

ئابدۇرېھىم يۈسۈپ

( ئاقسۇ شەھىرى ئايكۆل بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپ 843000 )

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە كىلاسسىك يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىلىم ئىشقىدا پەرۋانە بولغانلىقى، بىلىمنى ئۆزگىگە يار تۇتۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك مىراسلىرىنى قالدۇرغانلىقى، ھازىرقى كىشىلىرىمىزنىڭ ئۇلارنىڭ بىلىم ئۆگىنىش روھىنى ئۈلگە قىلىشى كېرەكلىكى، بىلىم قارىشىنى مۇستەھكەملىشى كېرەكلىكى بايان قىلىنغان.

摘要: 本文论述了古典文学家酷爱学习知识，并将知识流传给后世，现代人把他们为做学习的榜样，努力学习文化知识等问题。

ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا بىلىم ـ مەرىپەت، ئىلىم ـ پەن قەدىمدىمۇ، ھازىرمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ ئوخشاشلا زۆرۈر ۋە قىممەتلىكتۇر. چۈنكى ئۇ ئىنساننى ئۆزۈكسىز ھالدا ئەركىنلىك ئالىمىدىن زۆرۈرىيەت ئالىمىگە ھالقىتىدۇ. ئىنسان تەپەككۇرنى مۇمكىنچىلىك پەللىلىرىنىڭ ئاجايىپ يەرقىن پىكىرلىرى، تەقدىرنى ئۆزگەرتىشنىڭ توغرا تەدبىرلىرى، بەخت ـ سائادەت ۋە قەدىر ـ قىممەتكە ئېرىششنىڭ مول تەجرىبىلىرى بىلەن يۈكسەكلىككە ئىگە قىلىدۇ. ئىنسانغا ئۆزلۈك ۋە كامالەت بەخش ئېتىدۇ. كائىناتنىڭ سىرلىرىنى بىلدۈرىدۇ. دۇنيا تارىخىدىن قارايدىغان بولساق، ئىنسانلارنىڭ تارىخى ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ بىلىش تەخىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بىلىشتىن شەكىللەنگەن ئەمەلىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە ئۈزۈكسىز ئۆزگىرىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ كېلىۋاتقان دۇنيا، يەنىلا بىلىشنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە تېخىمۇ كەڭ، شۇنداقلا تېخىمۇ دولقۇنلۇق ئېقىنلىرىدا ئۆز پايانىغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇق رەۋىشىدە شەكىللەنگەن ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولۇپ كېلىۋاتقان ھۈنەر ـ سەنئەت، تېبابەت بىلەن بىر قاتاردا ماددى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت پىرامىدالىرىمىز سۈپىتىدە تەتقىق، تەھلىل ۋە رېئال چۈشەنچىلىرىمىزگە تۈرتكە بولۇۋاتقان ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزمۇ ئۆز ماھىيىتىدىن خەلقىمىزنىڭ ئەينى دەۋرلەردىكى ئوبرازلىق بىلىشىنىڭ شېرىن مېۋىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي ھاياتنى ئەكس ئەتتۈرۈش نۇقتىسىدىن خەلقىمىزنىڭ بىلىم مۇھىتى ئىچىدىكى مەۋجۇتلۇقىنى ئوخشاش بولمىغان تۈر ۋە مەپكۇرلەردىكى ئىجابىي ۋە ئىلغار ماھىيەت ئاساسىدا سۈرەتلەپ بەرگەنلىكى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ.

«مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۆز نۆۋىتىدە مىللەتلەرنىڭ تەپەككۇرى ۋە بىلىم بايلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئىستىرېلكا بولۇپ، بىز مەدەنىيەت تارىخىمىزغا قارىتا بىلىمشۇناسلىق نۇقتىسىدىن سىستېمىلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشتىن بەك يىراقتا تۇرۇۋېتىمىز. ئۇيغۇرلاردا ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ۋە كېيىن تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ساھەلىرىگە تۇتىشىدىغان ئەمەلىيەتچىل بىلىم ئەنئەنىۋى بولغانىدى. ئۇيغۇرلار ئۆزى ياشىغان ئىقلىم ۋە تارىخىي ۋەزىيەتكە ماس ھالدا مول مەدەنىيەت مىراسلىرى، ئەقىل ـ پاراسەت جەۋھەرلىرى ۋە بىلىم بايلىقلىرىدىن ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت خەزىنىسىگە تۆھپە قوشقان مىللەتتۇر.» (ئا.جالالىدىن) ئەگەر قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىمىزدە مۇشۇنداق بىلىم ئەنئەنىسى بولمىغان بولسا ئىدى، بىزنىڭ بۇ ئىقلىمىدىكى شانلىق ۋە مۆتىۋەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بولمىغان بولاتتى. ھەتتا بىزنىڭ بۈگۈنىمىز بولمىغان بولاتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بىلىش ئەنئەنىسى قەدىمىلىككە ئىگە. شاخقا قاراپ يىلتىزنى پەملىگىلى بولىدۇ. مول ۋە رەڭگارەڭ، كۈچلۈك ۋە قىممەتلىك بىر مەدەنىيەتنىڭ جەزمەن چوڭقۇر ۋە ناھايىتى ئۇزاق بىلىش ئەنئەنىسى بولىدۇ. بىز ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى بىلىم ـ مەرىپەتكە دائىر بايانلارغا كۆز يۈگۈرتكىنىمىزدە بۇ ھەقىقەتنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ئۆزىگە خاس پەلسەپە ئىدىيەسىگە ئىگە خەلق. «بىر مىللەت پەننىڭ ئەڭ يۇكسەك چوققىسىدا تۇرماقچى بولىدىكەن، بىر مىنۇتمۇ نەزەرىيەۋى تەپەككۇرسىز قالماسلىقى كېرەك.» (ئېنگېلس). ئوخشاش بولمىغان دۇنياۋى دىن، مەدەنىيەت ۋە پەلسەپەۋى ئىدىيەلەرنىڭ ئەڭ كۆپ ئۇچراشقان جايىدا ياشىغان خەلقىمىز توختاۋسىز ھالدا نەزەرىيەۋى تەپەككۇرنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرغان بولۇپ، ساپ ۋە ئىلغار پەلسەپەۋى قاراشلار ئەكس ئەتكەن نەزەرىيەۋى ئەسەرلەرنى يارىتىپلا قالماي، يەنە گۈزەل تۇرمۇش غايىسى ئىپادىلەنگەن بەدىئىي ئەسەرلەردىمۇ مۇئەييەن پەلسەپەۋى قاراشلارنى تۇرلۇك رەۋىشتە ئەكس ئەتتۈردى.

زارا ئاستىرىزىم، مانىي دىنىغا ئائىت يازمىلاردىن كۆرە ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپلا ئۆزىگە خاس پەلسەپە ئىدىيەسىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ نوقۇل ئىلمىي، نەزەرىيەۋى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردىلا ئەمەس، باشقا تۇرلۇك مەزمۇندىكى تۇرلۇك ئەسەرلەر، ئىجتىمائىي، سىياسىي قاراشلار، كىشىلىك تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەت، فولكلور، قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك، سەنئەت قاتارلىق پۈتكۈل ئۈستقۇرۇلما ئامىللىرىدا ئۆزىگە خاس شەكىل ۋە ئۇسۇل بىلەن مەزمۇن تاپقان. كۆسەنلىك بۇددا مۇتەپەككۇرى كومراجىۋا، «ئالەم ھەقىقەتلىرى» ناملىق بۇددىزم مەزمۇنىدىكى پەلسەپەۋى ئەسىرىدە ھەممە نەرسىنىڭ، جۈملىدىن روھى دۇنيانىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى تەكىتلىگەن ۋە شۇنىڭغا يارىشا ئۆزىنىڭ «ئوتتۇرىچە ئالەم ھەقىقىتى» قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. «ئىككىنچى ئۇستاز» دەپ شۆھرەتلەنگەن ئەبۇ ناسىر فارابى ئۆمرىدە بىر يۈز ئاتمىشتىن ئارتۇق ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ، ھەممىسىدە دېگۈدەك «بىر پۈتۈن ناتۇرال پانتېئىزملىق پەلسەپەۋى سىستېما ياراتتى. فارابىنىڭ تەبىئەت پەلسەپەسى بىلىش نەزەرىيەسى، ئىجتىمائىي قاراشلىرى، غايىۋى جەمئىيەت، ئوتوپىزم، ئىلىم ـ پەن قاراشلىرى قاتارلىق بىر قانچە تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتى مۇھىتىدا ئەڭ ئىلغار دۇنيا قاراش ھېسابلانغانىدى.» فارابىنىڭ بىلىش نەزەرىيەسىنى تۆۋەندىكىدەك تۆت نۇقتا بويىچە يىغىنچاقلاپ چۈشىنىشكە بولىدۇ: بىرىنچى، دۇنيانى بىلىش ئىنساننىڭ ئىقتىدارى، ئىنسان دۇنيانى بىلىش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە؛ ئىككىنچى، بىلىش جەريانىدا تاشقى دۇنيا بىلەن ئادەمنىڭ ئۆزئارا بىلىش ۋە بىلدۈرۈش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولىدۇ؛ ئۈچىنچى، بەزى بىلىملەر مەنتىقىي ئىسپاتلاشنى تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەتلىك قىممىتىگە ئىگە بولىدۇ؛ تۆتىنچى، ھېسسىي بىلىش ۋە ئەقلىي بىلىش ئىقتىدارىي ئەقىل، پائالىيەت باشلىغان ئەقىل، ئېرىشىلگەن ئەقىل ۋە پائال ئەقىل كاتىگورىيەلىرىدىن تەركىب تاپقان. بۇلاردىن باشقا خارەزمى، مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، يۈكنەكى، ئەھمەد يەسەۋى، ئەلىشىر نەۋائى، مەشرەپ، زەلىلى ... قاتارلىق ئالىم ـ ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن پەلسەپەۋى ئىدىيەلەر تۇرلۇك نۇقتىدىن تەتقىق قىلىنىدى ۋە قىلىنماقتا.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قەدىمدىن تارتىپلا بىلىم مۇئەسسەسەلىرى بولغان. ئۆزىگە خاس بىلىم ئەنئەنىسىگە، بىلىم قارىشىغا ئىگە بىر خەلقنىڭ ئەۋلادلىرىنى تەربىيەلەش ئۈچۈن تەسىس قىلغان ساپ بىلىم مۇئەسسەسەلىرىنىڭ بولۇشى تۇرغانلا گەپ. ئۇيغۇرلار دەسلەپتە مەڭگۈ تاشلارنى ئورنىتىش ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىبرەت (بىلىم) ئېلىشىغا ئاساس ياراتقان بولسا، كېيىنرەك مىڭ ئۆيلەر، ئىبادەتخانىلار، مەدرىسە ـ مەسچىتلەر ۋە مازار (كۆتۈپخانا) ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ بىلىم ئىگىلەش ئىستىكىنى قانائەتلەندۈرۈپ كەلگەن. كومراجىۋا ياشىغان دەۋرلەردىكى كۆسەندە ئون مىڭ ئادەم سىغىدىغان نوم تەپسىر قىلىنىدىغان سورۇنلار بولغان. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى يۇرتلاردا مەدەنىيەت ئىزلىرى سۈپىتىدە مەۋجۇت بو-

لۆپ كەلگەن خارابىلەر بۇنىڭ جانلىق دەلىلىدۇر. ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، خوتەن، قەشقەر، يەكەن، تۇرپان، كۇچا ... قاتارلىق جايلاردا قەدىمكى زاماندا نەچچە يۈزلەپ ئىبادەتخانىلار بەرپا قىلىنغان. بۇ جايلاردا نۇرغۇن ئۇيغۇر ئەدىپلىرى، ئالىم ـ ئۆلىمالىرى، تەرجىمان ۋە دانىشمەنلىرى بارلىققا كەلگەن. خوتەنلىك شىنجانانتۇ، سىلو دامۇ، قەشقەر يەكەنلەردىن خۇيلان، سۇلئى سۇما، سانكۇن، كۇسەندىن كۇمراجىۋا، لىمىدۇرۇ، مۇچاكۇدۇ، سۇجۇپ، ماندا ئاقارى، تۇرپاندىن فالاڭ، ساخوي، كارناداس، توئىن تۇتۇڭ، ئەنزاڭ، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ... قاتارلىقلار بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. باشقا ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ ـ كىچىك شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك مەدرىسىلەر ۋە «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە»، «مەدرىسەئى مەسئۇدىيە» ۋە «مەدرىسەئى ساچىيە» گە ئوخشاش ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، ھەمدە «سائادەت كۇتۇپخانىسى» غا ئوخشاش نۇرغۇن كۇتۇپخانىلار تەسىس قىلىنغان. بۇلاردا دىن ئىلمى، پەلسەپە، تارىخ، ئەدەبىيات، ئاسترونومىيە، تېبابەت، مەنتىقە، كافىقھە ... ئىلىملىرى ئوقۇتۇلۇپ، مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ... دېگەندەك ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلىرى، شائىرلار، دۆلەت ئەرباپلىرى، تارىخچىلار، تىلچىلار، ئاسترونوملار، ھەكىملەر، ئەدىپ ـ ئۆلىمالار يېتىشتۈرۈلگەن. ھەتتا قەشقەر ئۆزىنىڭ ئىلىم ـ پەن جەھەتتىكى نوپۇزى بىلەن «سانى بۇخارا» دەپ ئاتىلىپ، باشقا ئەللەردىن كەلگەن نۇرغۇن كىشىلەر بۇ مەرىپەتلىك شەھەردە تەلىم ئالغان. خوجىلارنىڭ تەپرىقچىلىكى ھۆكۈم سۈرگەن جاھالەتلىك يىللاردىمۇ خەلقىمىز مازارلاردا كۇتۇپخانىلارنى قۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلگەن.

تارىخىمىزدا قەدىمدىن تارتىپ مەرىپەتپەرۋەر پادىشاھلار ئۆزۈلمەي چىقىپ تۇرغان. كۆڭۈلدىكىدەك بىلىم مۇھىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ جەمئىيەت توسىنى ئالغان ھالدا كەڭ ئومۇملىشىشى ۋە تارقىلىشىدا ھۆكۈمران شەخسلەرنىڭ ئىجابىي رولى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ ھەممىگە چۈشىنىشلىك ئاددىي قائىدە. تارىخىمىزدا قەدىمدىن تارتىپ مەرىپەتپەرۋەر شائىرلار ئۆزۈلمەي چىقىپ تۇرغان ۋە ئۇلار ئالىم ـ ئۆلىمالارنى قەدىرلەپ، ئۇلارنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىشى، تارقىتىشىغا ئىلھام بەرگەن. مەدرىس ـ كاتىباتخانىلارنى تەسىس قىلغان ۋە قۇرغان. كۇسەنلىك ئاقارى پاك يېتىلىق تەرەپدارلىرىدىن بولغان، كۇمراجىۋانىڭ دادىسى كۇمراتان ھىندىستاندىكى ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، پامىرنىڭ شەرقىگە كەلگەندە ئالدىغا بېرىپ ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن كۇچارغا ئېلىپ كېلىپ، دۆلەت ئۇستازى قىلغان. كۇمراجىۋانىڭ تۇتۇق سۆزلىشى ۋە بۇددىزمنى تەشۋىق قىلىشىغا مەدەت بېرىپ، ئۇنىڭغا شىر پۇتلۇق ئالتۇن تەخت ياساتىپ بەرگەن ۋە ئىبادەتخانىلارنى سالدۇرۇپ بەرگەن. بۈۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىنى تەقدىم قىلغان قاراخانىيلار ھۆكۈمدارى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئۇنىڭغا جاۋابەن «خاس ھاجىپ» لىق ئۇنۋانىنى بەرگەن. ئىسلام دىنىنى تۇنجى بولۇپ قوبۇل قىلغان سۇتۇق بۇغراخان تارىخىي كىتابلاردا «ئەدەبىياتخۇمار كىشى ئىدى» دەپ قەيت قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەلى ئارسلانخان، يۈسۈپ قادىرخان، خىزىرخان قاتارلىق ھۆكۈمدارلار ئىلىم ـ مەرىپەتكە ھامىيلىق قىلغان ۋە ئۆزلىرىمۇ ئىلىم بىلەن مەشغۇل بولغان. غەربىي قاراخانىيلار خاقانى خىزىر بىنىنى ئىبراھىم سەمەرقەندتىكى ئوردىسىدا دائىم دېگۈدەك شېئىر مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ تۇرغان. كېيىنكى دەۋرلەردىكى زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ، تاجىدىن ھېكىمبەگ، سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، خوجا جاھان ئەرشى ... قاتارلىقلارمۇ ئەتراپىغا نەچچە ئونلىغان، يۈزلىگەن پەيلاسوپ، ئاسترونوم، يازغۇچى، شائىرلار ۋە تېبابەت ئالىملىرىنى توپلىغان، شۇنداقلا ئۆزلىرىمۇ ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن مەشغۇل بولغان. بۇلار يەنە تەرەققىيپەرۋەر ھۆكۈمدارلاردىن بولۇش سۈپىتى بىلەن جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل ساھەلىرىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە گۈللىنىش مەنزىرىسىنى نامايان قىلغان ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن.

كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەچچە ئەسىرلىك تارىخىي مۇساپىسىدە مەڭگۈ تاشلاردىن باشقا «ئالتۇن يارۇق»، «مايتىرى سىمىت»، «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «خەمسە»، «خەزائىنۇلمەئانى»، «نىزارى داستانلىرى»، «فارابى تەلىماتلىرى»، «گۇل ۋە بۇلبۇل»، «دىۋان مەشھۇرى»، «غەزەلىيات»، «مەسنىۋى خاراباتى»، «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، «كىتابىي غېرىپ»، قىسەسۇل ئەنبىيا»، «دۇررۇلنەجات»، «ئەتەبەتۇلھاقايىق»، «مۇھاكەمەتوللۇغەتەيىن»، «سىددىقنامە»، «لىسانۇتتەيىر»، «چاھار دىۋان»، «دىۋانى گۇمنام» ... سان ـ ساناقسىز بىباھا ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن. ئۇلار تۈرلۈك كىتاب، باياز، دىۋان، كوللىيات، قىسسە نامىدا خەلقىمىزنىڭ ئەدەبىيات بىلىمىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىرگە خەلقىمىزنىڭ ئىلغار بىلىم قاراشلىرىنىمۇ خىلمۇخىل رەۋىشتە ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەدىب ـ سەنئەتكارلار، يازغۇچى ـ شائىرلار ئۆز ئەسەرلىرىدە مەيلى قانداق تېمىلارنى ئەكس ئەتتۈرۈشىدىن قەتئىينەزەر، خەلقىمىزنىڭ بىلىم قارىشىنى ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇل، شەكىل ۋە دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن.

بىلىم ئىگىلەش رىيازەت چېكىش دېمەكتۇر. ئەقىل ئىگىلىرىگە مەلۇمكى، ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قىيىن ئىش ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىشتۇر. مۇئەييەن بىر بىلىمنى ئىگىلەش ئۈچۈن بەلگىلىك دەرىجىدە پۇل، زېھىن، ۋاقىت، مۇھىت ۋە باشقىلار لازىم بولىدۇ. ئەمما ئىلىمگە مۇھەببەت ـ ئىخلاس بار ئادەم رىيازەت ۋە بەدەلدىن باش تارتمايدۇ. قەدىمدىمۇ، ھازىرمۇ شۇنداق. چۈنكى ئاسان ئېرىشكىلى بولمايدىغان نەرسە دەل بىلىمدۇر. ئەجدادلىرىمىزدا ھەتتا بىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن يۇرت ئاتلاپ چىقىپ سەپەر قىلىشتەك ئەنئەنىلەر بولغان. شۇڭا كىلاسسىكلىرىمىز بىلىم ئىگىلەشنىڭ رىيازەتلىك جەريان ئىكەنلىكىنى تۈرلۈك ئەسەرلىرىدە تۈرلۈك شەكىللەردە ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

مۇھەببەت بولمىسا مېھنەت كېرەكمەس،
چېكىپ جان ئەتمەيىن چاك يەرنى دېھقان،
شەجەردە مېۋە يوقتۇر شاخى ئېگىلمەس.
قاچان تازا زىمىنگە پاش ئىتەر دان. (ھىرقەتى)

بىلىم بارلىق گۈزەل پەزىلەتلەرنىڭ ئانىسى. ئەخلاق بىلىم ھېسابلانمايدۇ، ئەمما بىلىم بىر تۈرلۈك گۈزەل پەزىلەتتۇر. بىلىم بىلەن ئەخلاق ئوتتۇرىسىدا زۆرۈرىي شەرتلىك مۇناسىۋەت بولمىسىمۇ، بىلىم ئەقىلنى مەنبە ۋە تىرەك قىلىدىغانلىقى سەۋەبلىك ئەخلاقنىڭ ئاقىلانىلىكى ۋە زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىمەي مۇمكىن ئەمەس. مەيلى مەخسۇس بىلىم ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەر بولسۇن، مەيلى باشقا ئەسەرلەر بولسۇن، ھەممىسىدە بىلىمنىڭ بىر تۈرلۈك پەزىلەت بولۇپلا قالماي، بەلكى پەزىلەتنىڭ ئىپەكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەسىلەن: بۇرۇنقى زاماندا ئىلىم ـ ھېكمەت ۋە پەزىلەت ئىگىلىرى بار ئىدى. ئۇلار جىق نەسىھەت ـ ئۈگۈتلەرنى ئېيتقان ئىدى. بۇلارنى ئەسلىسەم كۆڭلۈم يايراپ كېتىدۇ. (مەھمۇد قەشقەرى)

بىلىم بەخت ـ سائادەتنىڭ مەنبەسى. قايسىلا دەۋردە بولمىسۇن، كىشىلەر ئەقىل ـ پاراسەت ۋە بىلىم ۋاستىسى بىلەن مەقسەت ساھىللىرىغا يېتىپ بەخت ـ سائادەتتىن بەھرىمەن بولغان. ئىززەت ـ ئابرۇي ۋە قەدىر ـ قىممەتكە ئېرىشكەن. تىرىشىپ بىلىم ئىگىلىگەن ۋە ئۆزىدە بەلگىلىك ساپا ـ ئىقتىدار يېتىلدۈرگەن كىشى بۈگۈنمۇ، ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ ئوخشاشلا تېگىشلىك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشەلەيدۇ. ئەجدادلىرىمىز، ئەدىبلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ شاھانە ئەسەرلىرىدە بۇ ھەقتىكى ھېكمەت دۇردانىلىرىنى ئىزچىل چاقنىتىپ كەلگەن. مەسىلەن:

كىشى تۇتسا بەخت بىرلە ئىككى جىھان،
بەختلىك بولۇر بۇ سۆزۈم چىن ھامان.
(يۈسۈپ خاس ھاجىپ)

بىلىمسىزلىك (نادانلىق) ـ يوقلۇقتۇر. ئىنسان سەمەرىلىك ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بەلگىلىك بىلىم ئىقتىدارغا موھتاج بولىدۇ. چۈنكى بىلىش بولغاندىلا قىلىش بولىدۇ. ئىنساننى ئىنساندىن ۋە ھايۋاندىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بىلىم

يەنە مەۋجۇدلۇقىنىڭ كاپالىتى، بەلكى ئەڭ مۇھىم كاپالىتىدۇر. مەيلى قايسىلا زاماندا بولسۇن، بىلىمسىزلىك ئۆلۈم ۋە يوقلۇقتىن دېرەك بېرىدۇ. ئىنسان ئىلىم - مەرىپەتسىز ئىنسانمۇ بولالمايدۇ. شۇڭا دانىشمەن ئاتىلار، ئاقىل كىلاسسىك ئەدىپلەر ۋە ھەقىقەتنى ئەسەرلىرىدە ئىزچىل جاكارلاپ كەلگەن. مەسىلەن:

بىلىمسىز كىشى بارچە ئاغرىق بولۇر،
داۋالانمىسا ئۇ تىرىكلا ئۆلۈر.
كېسەلنى داۋالات بار، ئەي بىلمەگەن،
ئەي ئالىم نادانغا داۋا ئەيلە سەن.
(يۈسۈپ خاس ھاجىپ)

بىلىم ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىگىلىنىدۇ. قانداق ساھەگە ئائىت ئىلىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى ئىگىلەش، ئىشلىتىش ئۇ ئارقىلىق بەلگىلىك قىممەت يارىتىش ئۈچۈندۇر. ئىشلىتىلمىگەن، پايدىلىنىلمىغان بىلىم يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ ياتقان بايلىقتۇر. ئۇنى پەقەت قازغاندىلا ئاندىن پايدىلىق بولىدۇ. كىلاسسىكلىرىمىز ئەسەرلىرىدە بۇ ھەقتىمۇ ناھايىتى ئورۇنلۇق، ۋەزمىن پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن: ساخاۋەتتى يوق باي يامغۇرسىز بولۇتقا، ئىلىمگە ئەمەل قىلمايدىغان ئالىم ئۈستىگە كىتاب يۈكلەنگەن ئېشەككە ئوخشاشتۇر. ئىلىم ئوقۇپ ئەمەل قىلمىغان كىشىنىڭ ئىشى يەرنى ھەيدەپ ئۇرۇق سالمىغانغا، ياكى يەرگە ئۇرۇق سېلىپ ھوسۇل ئالمىغانغا ئوخشاش. كىمكى ئىلىم - مەرىپەتتە ئۆز زامانىسىنىڭ يەككە - يېگانىسى بولسىمۇ، نادان ۋە جاھىللارغا قارشى كۈرەش قىلمايدىكەن، ئۇنداق بىلىمدانلىقنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟! (نەۋايى)

بىلىم كۈچ ۋە بايلىق دېمەكتۇر. بىلىم — ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن جەمئىيەت ۋە ئۆزى ئۈچۈن قىممەت يارىتىدۇ. ئۇ قايسى تەرزدە ئەمەلگە ئاشسۇن، ماددىي ۋە مەنىۋى مەئىشەتلەرنىڭ ھەرقاندىقىنى ئۇنىڭسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى ۋە قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئىنسان ئۆز ۋۇجۇدىدا بولغان ۋە بار قىلالايدىغان بۇ بايلىقتىن مۇۋاپىق پايدىلىنالىسىلا، ھەرقانداق بايلىقنى ئۇ ئارقىلىق ئېرىشەلىشىدە گەپ يوق. بىلىمنىڭ كۈچ ۋە بايلىق ئىكەنلىكىدەك ئۇلۇغ ھۆكۈمنى ئەجدادلىرىمىز بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ ھەقتىكى تەپەككۇر گۆلدۈرمامىلىرىنى كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ھەربىر ئەسەردىن دېگۈدەك ئۆزگە خاس ئاۋاز بىلەن ئاڭلاش مۇمكىن. مەسىلەن:

پەزىلەت كۆپ ئېرۇر بۇ ئالەم ئارا،
ئىلىمدۇر ھەممىدىن ئەلىيۇلئەلا.
ئىلىمدىن غەيرىسى ئەمەستۇر بايلىق،
ئىلىم - كان، قازغانغا تۈگىمەس ئەسلا.
(ئابدۇقادىر داموللا)

بىلىم تەقدىرنى ئۆزگەرتىدۇ. ھەرقانداق بىر جەمئىيەتتە ئادەملەر بىلىم - ئىقتىدارغا قاراپ ئورۇن - مەرتىۋىگە ئېرىشىدۇ. ھېچقانداق يۆلەنچۈكى، مال - دۇنياسى يوق ئادەممۇ ئۆز تىرىشچانلىقى، قان - تەرى بەدىلىگە ئىگىلىگەن بىلىم - ئىقتىدارى بىلەن تېگىشلىك نېسىۋىگە، بەخت - سائادەتكە مۇيەسسەر بولىدۇ. ھەتتا شۇ تۈپەيلى جەمئىيەتنىڭ مۇھىم ئورۇن - قاتلاملىرىدا مۆرىۋۋەتلىك روللارنى ئېلىپ، ئىززەت - ئابروي ۋە قەدىر - قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مەشھۇر ھەربىي ئالىم، دانىشمەن ۋەزىر تونيۇقۇق تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا ۋە ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ ئۈچ خاننىڭ باش ۋەزىرى بولغان. قەدىمكى زاماندىكى مەشھۇر دانىشمەن مەسەلچى ئىزوپمۇ ئەسلىدە قۇل بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ ھۆرلۈككە ئېرىشكەن. بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىلىم ئارقىلىق تەقدىرىدە ئۆزگىرىش ياشىغانلارنى دەۋر ئالقىشلىماقتا. دۇنيانىڭ ئەھۋالىدىمۇ بىلىم بىلەن تەقدىرنىڭ چەمبەرچەس باغلىنىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ۋە يارقىن تۈستە ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. مەسىلەن:

كىشى ئوغلى سۇندى قارا يەرگە قول،
بىلىم بىرلە تاپتى ھەر نەرسىگە يول.

ئەقىل بىرلە ئېسىل ئاتىلۇر كىشى،
بىلىم بىرلە بەگلەر قىلىنۇر ئەل ئىشى.
(يۈسۈپ خاس ھاجىپ)

بىلىم ئېلىش ئۇستازدىن ئايرىلالمايدۇ. بىلىم ئېلىشتا گەرچە ئادەمنىڭ ئىچكى قىزغىنلىقى ۋە تىرىشچانلىقى ئالدىنقى شەرت قىلىنسىمۇ، بىلىمنىڭ مۇكەممەل، تولۇق، ئەتراپلىق، ئوڭۇشلۇق ۋە چۈشىنىشلىك ئىگىلىنىشىدە ئادەم ھامان بىر ئۇستازغا موھتاج بولىدۇ. ئۆمۈر بويى ئۆگىنىشتە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش تەكىتلەنسىمۇ يەنىلا سىستېمىلىق بىلىم ئىگىلەشتە ئۇستاز تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتىن مەلۇمكى، مەلۇم ۋاقىت، ئورۇن ۋە زېھىن سەرپ قىلىنىپ ئۇستازنىڭ ياردىمىدە ئېلىپ بېرىلغان ئۆگىنىشنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى زور بولىدۇ. شۇڭا دانالىرىمىز بۇ ھەقتە ئالاھىدە ئەسكەرتكەن. مەسىلەن:

ھەق يولىدا كىم ساڭا بىر سەرپ ئوقۇتمىش رەنج ئىلە،
ئەيلىمەك بولماس ئانىڭ ھەققىن ئادا يۈز گەنج ئىلە.
(نەۋايى)

ئالىملار ئالەمنىڭ چىرىغىدۇر. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ كۈچى ئۇنىڭ ئالىملىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە باغلىق بولۇپ، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ رولى ۋە قەدرى - قىممىتىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان خەلقلەرنىڭ رىقابەت ئىقتىدارى يۇقىرى بولىدۇ. ئەللامە - ئالىملار خەلققە يول كۆرسىتىدۇ، خەلقنى تەربىيىلەيدۇ. خەلقنى ئويغاق قەلب، ئىلغار پىكىر، پارلاق يول ۋە روشەن كۆز بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. شۇڭا «ئالىملار ئۇلۇغ دەريا سۈيىگە، خەلق ئەتراپتىكى ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە ئوخشىشىدۇ. دەريا سۈيىدە قانداق خاسىيەت ۋە ھالەت بولسا، ئېرىق - ئۆستەڭنىڭ سۈيىدىمۇ شۇنداق خاسىيەت ۋە ھالەت بولىدۇ. ئۇ ئاچچىق بولسا، بۇمۇ ئاچچىق؛ ئۇ تاتلىق بولسا، بۇمۇ تاتلىق بولىدۇ. ئۇ لاي بولسا، بۇمۇ لاي بولىدۇ. ئۇ سۈزۈك بولسا بۇمۇ سۈزۈك بولىدۇ.» (نەۋايى)

ئېنىقكى، ئالىملىرىغا ئىززەت كۆزىدە باقمىغان خەلقنىڭ ئىستىقبالى گۇمانلىق، تەقدىرى قارا بولىدۇ. شۇڭا ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئەدىپلىرىمىز مىللىي مەسئۇلىيەت نۇقتىسىدىن چىقىپ خەلقىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى ساداسىنى سادىق قەلەملىرىدە ماھىرلىق بىلەن ياڭراتتى. مەسىلەن:

ئەھلى دانا مەشئەلى روھى زېمىن،
كىمدە مەشئەل بولسا تۈن خەۋپىدىن ئەمىن.
گەر كىشىنىڭ ئۆمرى بىدانا ئۆتەر،
ئۇل كىشىنىڭ چەشمى بىدانا ئۆتەر.
ھەر دىيارنىڭ چىراغىدۇر ئالىمى،
ھەرقارا تۈنىنىڭكى ماھى ئالىمى. (خاراباتى)

بىلىم ئىگىلەش ۋە بىلىملىكلەرنى ھۆرمەتلەش ھەركىمگە پەرزدۇر. جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش كىشىلەرنىڭ بىلىم ئىگىلىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ھەربىر ئىلگىرىلەش ۋە ھەربىر يېڭىلىق كىشىلەردىن كۈچلۈك ۋە يېڭى بىلىم - ئىقتىدارلارنى تەلەپ قىلىدۇ. قايسىبىر كىلاسسىك ئەدىپىمىزنىڭ «ئەگەر ئالىملار بولمىغاندا ئىدى، دۇنيانى مىغلاپ قۇياشمۇ يورۇتالمىغان بولاتتى.» دەپ قالدۇرغىنىدەك، ئالىملارسىز ئەتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئالىم بولماق (ئىلىم ئىگىلىمەك) ۋە ئالىملار (ئىلىم ئىگىلىرى) نى قەدىرلەش ھەرقانداق بىر ئىنسان زاتىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى ۋە بۇرچىدۇر. مەسىلەن:

مېلىڭدىن بېرىپ تۇر چۈچۈك سۆز بىلە،
يېگۈز ئاش - نېنىڭنى خىزمەت قىل كۆلە.
ئىگىز - پەس سۆز ئېيتما تۈرگىن ئەيمىنىپ،
زەھەردۇر ئۇلارنىڭ گۆشى قال بىلىپ،
قوپال سۆزلىمە ئاش - تۇزۇڭنى يىدۇر،
ئۇلارنى قەدىرلەپ، ئەزىزلەپ كۆتۈر.
(يۈسۈپ خاس ھاجىپ)

ئەنئەنىۋى بىلىم قارشىمىزنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ۋە ئۇنىڭ رېئال ئەھمىيىتى خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇش ۋە ئەدەبىيات ئەنئەنىسىدە

بىلىم مۇقەددەسلىكى يادرو قىلىنغان ئىدىئال ۋە ئاكتىۋال قاراشلار مۇھىم سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، مول ۋە رەڭگارەڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىشىنىڭ مۇستەھكەم مەنىۋى تايانچى بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھەربىر قاتلىمىدا بارلىققا كەلگەن يېڭىلىق ۋە ئىجابىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسىنى خەلقىمىزنىڭ بىلىمنى مۇقەددەس بىلىشتەك ئىلغار ۋە تەرەققىيپەرۋەر ئېڭىدىن ئايرىپ قاراش مۇمكىن ئەمەس. خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ بەدىئىي ئەينىكى بولغان كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا دەۋردىن دەۋرگە يېزىلىپ تۇرغان سانسىزلىغان بۈيۈك ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى ھەتتا مەخسۇس بىلىم ھەققىدە يېزىلدى، بەزىلىرى ئۇنى ۋاستىلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈردى. بەزىلىرىدە مەخسۇس سەھىپە ئاجرىتىلدى. ئىلىم - مەرىپەت ئارقىلىق ئۆز تەقدىرىدە ئۆزگىرىش ياساشنى ئارمان قىلىدىغان مەرىپەتپەرۋەر خەلقىمىزنىڭ رېئال تەلىپى ۋە ئېھتىياجىنى خوجىلار تەپرىقىچىلىكى كۈچەيگەن ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ جاھالەتلىك يىللىرىدا ياشىغان مۇھەممەت سىدىق زەلىلى (1676 - 1755) نىڭ مۇنۇ ئىككى بېيىتىدىنلا يىغىنچاقلاپ چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن:

ئەل دىلىنى بىھۇزۇر ئەيلە پىغانلىق بۇلبۇلان،
خاكىران دەھرىنىڭ ھەرگىز ئىنتىھائى بولمىسا.
ئاپتابى ئاسمانسىز مەرىپەت چەكمەس ئىلىم،
لاماكان سەرھەددىدە بىر شەھسۋارى بولمىسا.

ھەرقانداق دەۋردە ياشىغان ئىنسان ئۆز دەۋر تەلىپىگە ماس بىلىمگە موھتاج بولىدۇ. شەخسنىڭ بىلىشى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈنلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئىشلارنىڭ قىممىتى سەۋەبلىك ئۇ مەنسۇپ بولغان ئىجتىمائىي توپ ئۈچۈندۇر. شەخسلەرنىڭ بىلىمگە ئىنتىلىش قىزغىنلىقى ئەۋج ئالغان خەلقنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇقى يۈكسەكلىكتە قارار تاپقان بولىدۇ. رىقابەت كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان بولىدۇ. چۈنكى كۈنسايىن كەسكىنلىشىۋاتقان دۇنياۋى رىقابەت ماھىيەتتە بىلىم رىقابىتىدۇر. مەيلى قايسىلا دەۋردە بولمىسۇن ئەقىل - پاراسەتلىك خەلقىمىز بىلىم - مەرىپەتنىڭ شەخس ۋە مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە تەقدىرىگە كۆرسىتىدىغان ھەل قىلغۇچ تەسىرىنى چۈشەنگەن. بۇنى ئەلۋەتتە بۇددىزم گۈللەنگەن دەۋرلەردە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشىدىن كېيىنكى چوڭ كۆچۈش يىللىرىدا ياكى قاراخانىيلارنىڭ يىمىرىلىشىدىن كېيىنكى ئۇزاق كۈلپەتلىك دەۋرلەردە، سەئىدىيە دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى جاھالەتلىك يىللاردا بولسۇن ئۈزلۈكسىز قوشۇلۇش، بۆلۈنۈش، كۆچۈش، ئۇرۇش، بېسىۋېلىنىش، گۈللىنىش ۋە خارابلىشىش دەۋرىيلىنىپ تۇرغان ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا خەلقىمىز سىرتتىن بىلىم ئىزدەشنى زادىلا توختىتىپ قويمىغان. باشقا ئەللەرنىڭ ھالىدىن بەۋەردار بولۇپ تۇرغان. ئەينى زامانلاردا تاكى كومراجىۋادىن تارتىپ تەجەللى ۋە ئابدۇقادىر داموللامىلارغىچە سان - ساناقسىز ئەدىب - يازغۇچىلىرىمىز، ئالىم - ئەللامىلىرىمىز بارلىققا كېلىپ ئۆلمەس ئەسەرلەرنى ياراتتى. ھەتتا نەچچە خىل، نەچچە ئون خىل تىل ئىگىلەپ تەرجىمە ئارقىلىق باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆز خەلقىگە تونۇشتۇردى. مەسىلەن: مۇھەممەت سىدىق زەلىلى بىر غەزىلىدە مۇنداق يازىدۇ:

سەن ئۆزۈڭگە تاماشا قىل،
ھەرنە ئاجايىپكى باردۇر ئادەمدە.
ئەقلى كامىل تەنىڭدە جەيھۇندۇر،
نە تىلەرسەن سۇ قەترەئى نەمدە.
ئەرغەنۇنىنىڭ ساداسىدىن كۆيەدىم،
شۇئلە تاشلايدۇ زىر ئىلە بومدە.
قايدا ئەيسا كەبى مەسىھايى،
كۆرگەي ئەسرارى ھەقنى مەريەمدە.
تەشنالىق قانمىغاي لەبىڭ شورماي،
نى شەرابۇ، نە جامى زەمزەمدە.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بىز ئۆز ۋۇجۇدىمىزدىكى مۇمكىنچىلىكنى كۆرەلمىگەچ ۋە تونۇمىغاچ بىھۇدە ئاۋارە بولىمىز ياكى خاراب بولىمىز. ھاياتلىق

دالىسىغا يېگانە تاشلانغان ئىنسان بىلىم ۋە ئەقىل
ئارقىلىق ئۆزىنى تونۇغاندىلا ۋە نامايان قىلغاندىلا
ئاندىن دۇنيا ئۇنىڭغا باغرىنى ئېچىشقا كەلگەن ئاچىدۇ.
پەقەت ئىنساننى، ئۆزىمىزنى چىن مەنىسى بىلەن
سۆيەلىسەكلا ئاندىن ھاياتقا مۇھەببەت ۋە مەسئۇلىـ
يەت بىلەن باقالايمىز. چۈنكى «دۇنيادىكى ھەرقانداق
نەرسىگە بولغان مۇھەببەت بىلىمدىن پەيدا بولىدۇ.
بىلىم قانچە چوڭقۇر بولسا، مۇھەببەتمۇ شۇنچە
چوڭقۇر بولىدۇ.» (داۋىنچى) ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىـ
نى، دۇنيانى ۋە باشقىلارنى چىن دىلىدىن سۆيىدىـ
كەن، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ بىلىمگە ئىشتىياقى چۇشمەي
مۇمكىن ئەمەس. مۇھەببەتتىن مەسئۇلىيەت ۋە مەجـ
بۇرىيەت تۇغۇلىدۇ ھەم ئۇنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تەـ
بىئىي ھالدا بىلىم ئېھتىياجى تۇغۇلىدۇ. شۇندىلا
ئىنسان مۇھەببىتىنى، بەلكى ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇدرىـ
تىنى ۋە قىممىتىنى ھەقىقى ھالدا روياپقا چىـ
قىرالايدۇ. ياشاشنىڭ مەنىسى، ئەھمىيىتى ۋە زۆرۈـ
رىيىتى دەل مۇشۇ يەردە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان
خەلقىمىز ئەجدادلىرىنىڭ ئاشۇ ئۇلۇغۋار روھىنى
ئاز ـ تولا ھېس قىلغان ۋە ئەنئەنە سۈپىتىدە جارى
قىلدۇرۇشنى زۆرۈر بىلگەن بولسا كېرەك، بىلىم
ئىگىلەش قىزغىنلىقى خېلىلا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.
ئالىم ـ ئەدىبلىرىمىز، دوكتور ـ تەتقىقاتچىلىرىـ
مىز يىلسېرى كۆپىيىپ بارماقتا. بىراق، ئوبيېكـ
تىپ ئەمەلىيەت بۇنىڭ يېتەرسىزلىكىنى داۋاملىق
ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. تۇرلۇك سەۋەبلەردىن كۆرە خەلـ
قىمىزنىڭ ئىلىم ـ پەن ساپاسى يەنىلا تۆۋەن. شۇـ
نىڭ ئۈچۈن ھەسسىلەپ تىرىشىشقا، ئەجدادلىرىمىزـ
نىڭ بىلىمنى مۇقەددەس بىلىشتەك ئالتۇنغا بەرگۇـ
سىز، مەڭگۇ ئۆچمەيدىغان ئېسىل ئەنئەنىسىنى ئوـ
مۇمىيۈزلۈك جارى قىلدۇرۇشقا ۋە تېزدىن ئومۇملاشـ
تۇرۇشقا موھتاج بولۇپ تۇرماقتىمىز. «كۈچلۈك مەـ
نىۋى تۈۋرۈك ھاسىل قىلالمىغان مىللەتنىڭ دۇنيا
مىللەتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالالىشى مۇمكىن ئەـ
مەس.» (جياڭ زېمىن) مەيلى قايسىلا زاماندا ياشىـ
مايلى، بىزنىڭ ئىلىم ـ پەندىن باشقا تايىنىش نۇقـ
تىمىز يوق. دەل شۇ رېئال زۆرۈرىيەت تۈپەيلى بولـ
سىمۇ خەلقىمىزنىڭ كىلاسسىكلىرىمىز بۈگۈنگە
يەتكۈزگەن ئاشۇ بىلىم مۇقەددەسلىكى قارىشى ۋە
ئەنئەنىسىنىڭ مېغىزىنى چېقىپ ئۆزىگە، دۇنياـ
غا ۋە كەلگۈسىگە باشقىچە بىر غالىپلىق نەزىرىدە
باقالايدىغان ۋە يۈزلىنەلەيدىغان بولۇشى چوقۇم
مۇمكىندۇر.

---

پايدىلانمىلار:


1. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى

2. ئەلىشىر نەۋايى: «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى

3. مۇھەممەد ئابدۇللا خاراباتى: «مەسنەۋى خاراباتى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى

4. ئابدۇرەھىم سابىت: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (4 توم)، قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى 1982 ـ يىل باستۇرغان نۇسخىسى

5. شەرىپىدىن ئۆمەر: «21 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەـ بىيات تارىخى» (3 توم)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىـ ياتى، 1998 ـ يىل نەشرى

6. شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسـ سىك ئەدەبىيات تارىخى» (2 توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياـ تى، 1996 ـ يىل نەشرى

7. زارىپ دولات باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ پەلسەپەۋى ئىدىيە تارىخىدىكى ئوچىرىكلار»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى

8. غ. ئوسمان، غ. روزى باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «ئۇيـ غۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (2 توم)، شىنجاڭ مائاـ رىپ نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى

9. «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك، 3 ـ توم)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1993 ـ يىل نەشرى

10. ئابدۇقادىر جالالىدىن: «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىـ سىدە بىلىم» (ماقالە)، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 2006 ـ يىللىق 2 ـ سان


مۇھەررىر: ئوسمانجان مۇھەممەت

# تەھرىرلىك ئىلمى توغرىسىدا

دىلنۇر ئەمەت

( شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت نەشرىياتى 830000 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە كىتاب تەھرىرلەش خىزمىتىنىڭ ماھىيىتى، تېما تاللاش، ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇش، خىزمەت ھالقىلىرى ۋە نۇقتىلىرى، تەكشۈرۈپ ئوقۇش، ئىش تەقسىماتى، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ مۇناسىۋىتى، تەھرىرلىك خىزمەت ئۇسۇلى قاتارلىق مەزمۇنلار سۆزلىنىدۇ.

**摘要**: 本文讨论了图书编辑的性质,在选题、组稿、审读等方面的分工，以及图书的社会效益和经济效益的关系等问题。

كىتاب تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ ماھىيىتى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۈرمۇشىنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇ تېما تاللاش، ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇش، تەكشۈرۈپ ئوقۇش، تەھرىرلەش، ئىش قوشۇش، بېزەش قاتارلىق بىر يۈرۈش خىزمەتلەرنى ئىشلەش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. بىر كىتاب ئاپتور، مۇھەررىرنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. ئورگىنال، مۇقاۋا، قىستۇرما سۈرەت تولۇق، ئورگىنال بەت يۈزى ئېنىق، پاكىزە، ئورگىنال قايتا كوررېكتورلۇق قىلىنمايدىغان دەرىجىدە بېكىتىلگەن بولىدۇ. زامانىۋى باسما زاۋۇتى تۈرلۈك ئۈسكۈنىلەرگە، يەنى خەت تىزىش ئۈسكۈنىسى، باسما ئۈسكۈنىسى، تۈپلەش ئۈسكۈنىسى، قەغەز، ماي قاتارلىقلارغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كىتاب ئورگىنالى بىرىنچى ئامىل بولىدۇ. كىتاب ئورگىنالى نەشرىياتتىن باسما زاۋۇتقا تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن تەھرىرلىك خىزمىتى ئاياغلاشقان بولىدۇ. بەزى مۇھەررىرلەر كىتاب باسما زاۋۇتىغا تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن كوررېكتورلۇق قىلىش، كىتابخانلارنىڭ ئىنكاسىنى توپلاش قاتارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىسىمۇ، بۇ جەريان تەھرىرلىك جەريانىغا تەۋە بولمايدۇ

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئېنىق ياكى يوشۇرۇن ئېھتىياجنى، تۈرلۈك پەنلەرنىڭ تارىخى بىلەن ھازىرقى ئەھۋالىنى، يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى چۈشىنىش، نەشر قىلىنىپ بولغان ئەسەرلەرنى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش مەزكۇر كىتابنى نەشر قىلىشنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى پەرەز قىلىش، ئىسپاتلاش، دەلىللەش ئارقىلىق تاللانغان تېمىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئىنكار قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. تەھرىرلەش، ئىش قوشۇش باسقۇچىدا تەييار ئورگىنالنى تەكشۈرۈپ ئوقۇش، ئورگىنالغا سىياسىي، ئىلمىي، بەدىئىي ۋە يېزىق جەھەتتىن ھۆكۈم قىلىشنى، قايسىسىنى ساقلاپ قېلىش، مۇئەييەنلەشتۈرۈش، قايسىسىغا ئىش قوشۇپ ئىشلەش، ئۆزگەرتىش، تولۇقلاش خىزمىتى ئىشلىنىدۇ. فورماتنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بېكىتىلىپ مۇقاۋا لايىھەلىنىدۇ. بۇ باسقۇچ يەنە خەتنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، بەت سانىنىڭ تەرتىپى، قىستۇرما سۈرەتلەرنىڭ سۈپىتىنى

**ئاخبارات - نەشرىيات**

تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ هازىرقى نەق بار بولغان بېسىش هۈنەر - سەنئىتىگە ماسلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

تەھرىرلىك جەريانىدا ھەمىشە تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش، ماقالە ئۇيۇشتۇرۇش، تېما تاللاش، ماقالىنى تەكشۈرۈش، رەتلەش، ئىش قوشۇپ ئىشلەش، كىتابنى ئۆزگەرتىشكە قايتۇرۇش، ئورگىنالنى بېكىتىش، لايىھەلەش، كىتاب ئورگىنالىنى باسما زاۋۇتىغا يوللاش، سېلىشتۇرۇش، بېسىش، دەسلەپكى نەشرى، قايتا نەشرى، نەشر ھوقۇقى، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى، قەلەم ھەققى... دېگەندەك ئۇقۇملار داۋاملىق ئىشلىتىلىدۇ. ھەرقايسى پەنلەرنىڭ قوشنا پەنلىرى بولغىنىدەك، كىتاب تەھرىرلىك ئىلمىنىڭمۇ قوشنا پەنلىرى بولىدۇ. نەشرىيات ئورۇنلىرى تاللانغان تېمىلار بىلەن دەلىللەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆز ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. تاللانغان تېمىلار ئادەتتە ئاۋۋال دەلىللىنىپ، ئەسەرنى ئۇيۇشتۇرغۇچى مۇھەررىر (يەنى پىلانلىغۇچى) تاللانغان تېمىنىڭ ئىلمىي قىممىتى، ئەمەلىي ئىشلىتىلىش قىممىتى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاندىن ئەسەر ئۇيۇشتۇرغۇچى مۇھەررىر، مەسئۇل مۇھەررىر، تارقىتىش خادىملىرى، ئىسكىلاتچى، قاتارلىق كىشىلەرنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ مۇزاكىرىگە قويىدۇ، ئاخىرى باش مۇھەررىر بولۇش - بولماسلىق توغرىسىدىكى قارارنى چىقىرىدۇ. بەزى نەشرىياتلار نۇرغۇن كىتابلارنى ئىشلىگەن بولسىمۇ، نەشرىيات ساھەسىدە پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. شۇڭا ياخشى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىش نەشرىيات ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم.

تەھرىرلىك خىزمىتىدە ئىش تەقسىماتى بولىدۇ. ئاساسلىقى ئەسەر ئۇيۇشتۇرغۇچى مۇھەررىر، مەسئۇل مۇھەررىر، تېخنىك مۇھەررىر، تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭدا ئەسەر ئۇيۇشتۇرغۇچى مۇھەررىر مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. نەشرىياتلار ئەسەر ئۇيۇشتۇرىدىغان مۇھەررىرلەرگە يۇقىرى تەلەپ قويىدۇ. مەسئۇل مۇھەررىر كىتاب ئورگىنالىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئورگىنالنى تەكشۈرۈپ ئوقۇيدۇ، ئىش قوشۇپ ئىشلەيدۇ، ئەسەرنىڭ تىنىش بەلگىلىرىنى، نەقىل - ستاتالىرىنى، ئىسخېما، فورمۇلالىرىنى تۈزىيدۇ، ئەسەر مەزمۇنىنىڭ توغرا، ئېنىق، چۈشىنىشلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، نەشر قىلىنىش ۋاقتى قاتارلىق پىلانلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ؛ تېخنىك مۇھەررىرى مەسئۇل مۇھەررىر تەھرىرلەپ بولغان كېيىنكى كىتاب ئورگىنالىنى گۈزەل سەنئەت، تېخنىكا جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىدۇ. تەھرىرلەش، نەشر قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنى نەشرىياتنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىمى ماسلاشتۇرىدۇ؛ تەھرىر بۆلۈمى ئىچكى قىسمىدىن تەھرىرلەش، نەشر قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىگە قوشۇمچە مەسئۇل بولىدۇ. بۇ يېقىندىن بۇيان دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر خىل يېڭى يۈزلىنىشتۇر. تەھرىر بۆلۈمى ئەسەرنى نەشر قىلىشتىن بۇرۇنقى تۈرلۈك تەييارلىق خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ؛ باسما زاۋۇتى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىدۇ، مۇھەررىرلەر كىتابنىڭ ئاخىرقى تېخنىكىلىق ئىشلىرىنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، باسما زاۋۇتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرىنى ئىزدەپ لايىھەلەش، بېسىشقا ئالاقىدار ۋاقىت تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، زاۋۇت بىلەن توختاملىشىدۇ؛ تەھرىر بۆلۈم يەنە مەخسۇس خادىمنىڭ بازارنى تەكشۈرۈپ، بازار ئەھۋالىنى ئىگىلەش، ئېلان تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، ئوقۇرمەنلەر قۇرۇلمىسىنى ئانالىز قىلىش، كىتابخانىلار بىلەن ئالاقىلىشىش، سېتىشقا تەشكىللەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ. بۇ ئۈچ تۈرلۈك خىزمەتنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىد-

دىلىكى بولىدۇ. بۇنداق ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرنى
ماسلاشتۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋەتلى-
رىنى راۋانلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

تەھرىرلىك خىزمىتىدە يەنە ئىجتىمائىي كۈچ-
لەردىن كەڭ كۆلەمدە پايدىلىنىش كېرەك. خىزمەت
جەريانىدا ھەرقايسى تەرەپلەردىكى كەسپىي خادىملار
بىلەن ماسلىشىشقا توغرا كېلىدۇ. تەھرىرلىك ئەق-
لىي خىزمەت بولغاچقا،شۇنداقلا ۋاقىتقا قويۇلىدىغان
تەلەپ يۇقىرى بولغاچقا بەزىدە ئائىلىدە، بەزىدە
ئىشخانىدا ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. مەيلى قانداق
بولسۇن، ئۆزگە تاپشۇرۇلغان تەھرىرلىك ۋەزىپىسى-
نى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ھەم سان - سۈپەتكە كاپا-
لەتلىك قىلغان ئاساستا ئورۇنلاشقا توغرا كېلىدۇ.

تەھرىرلىك خىزمىتىدە زامانىۋى تېخنىكىدىن،
بولۇپمۇ كومپيۇتېر تېخنىكىسىدىن تولۇق پايدىلى-
نىپ، ئۇنى تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ پۈتۈن جەريا-
نىغا سىڭدۈرۈش كېرەك. كومپيۇتېرنىڭ يېزىقچى-
لىق ۋە نەشرىيات خىزمىتىدە كەڭ قوللىنىلىشى
خىزمەت ۋاقتىنى زور دەرىجىدە قىسقارتتى. ئەنئە-
نىۋى تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ ئىش قوشۇپ ئىش-
لەش شەكلىنىمۇ ئۆزگەرتتى. كومپيۇتېردا يېزىقچى-
لىق قىلغاندا خەتنى ئەركىن ئۆرگىلى، بەتلىرىنى
چىرايلىق لايىھەلىگىلى، مەزمۇننى خالىغانچە قىس-
قارتقىلى، كۆپەيتكىلى، ئاخىرى ئورگىنالنى يۇمشاق
دىسكىغا قاچىلاپ نەشرىياتقا تاپشۇرغىلى بولىدۇ.
نەشرىيات يۇمشاق دىتال دىسكىنى تاپشۇرۇپ ئالغان-
دىن كېيىن ئۇنى يەنە كومپيۇتېرغا سېلىپ، كومپ-
يۇتېردا تەھرىرلەيدۇ، تەھرىرلەپ بولغان يۇمشاق
دىسكىنى باسما زاۋۇتقا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

كونكرېت خىزمەت جەريانىدا تەھرىرلىك خىزمەت
ئۇسۇلى بىلەن تەھرىرلىك ئىلمىنى تەتقىق قىلىش
ئۇسۇلىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈش كېرەك. تەھرىرلىك
خىزمەت ئۇسۇلى تەھرىرلىك خىزمىتىنى ياخشى
ئىشلەش، تەھرىرلىك ۋەزىپىسىنى تاماملاش ئۇسۇ-
لىنى كۆرسىتىدۇ. تەھرىرلىك ئىلمىنىڭ تەتقىقات
ئوبيېكتى بولسا قانداق قىلىپ ياخشى كىتابلارنى
ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىي تەھرىر-
لىك خىزمىتى جەريانىدا نۇرغۇن ئۇسۇل ئىجاد قى-
لىنىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ.

ئومۇمەن، تەھرىرلىك ئىلمىنىڭ تەتقىقات ئۇسۇ-
لى تۈرلۈك كىتابلارنىڭ تەھرىرلىك ئەمەلىيىتىدىكى
تەجرىبىلەرنى يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلاش، ئو-
مۇملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەتقىقات
ئوبيېكتى تەھرىرلىك ئىلمىي سىستېمىسى بولىدۇ.
تەھرىرلىك ئىلمىنى تەتقىق قىلىشتا نورمال لوگى-
كىلىق تەپەككۇر ئۇسۇلىنى پۇختا ئىگىلەش، نەزە-
رىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش، تۈرلۈك يې-
ڭى ئۇسۇللارنى قوللىنىش كېرەك. شۇنداق قىلغان-
دىلا ئاندىن بىر تۈركۈم سۈپەتلىك ئەسەرلەرنى نەشر
قىلغىلى؛ قابىل مۇھەررىرلەر قوشۇنىنى بەرپا قىل-
غىلى؛ تەھرىرلىك ئىلمى تەتقىقات ئورنىنى، كىتاب
تەھرىرلىك بازىسىنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ
بىلەن كىتاب تەھرىرلىك ئىلمىنىڭ ئاساس نەزەرى-
يەسىنى، بازار ئىگىلىكىدىكى شارائىتىدىكى كىتاب
تەھرىرلىك پائالىيىتىنى، زامانىۋى پەن - تېخنى-
كىنىڭ كىتاب تەھرىرلىك پائالىيىتىگە بولغان تە-
سىرىنى تەتقىق قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى
مەدەنىيلىك بىلەن ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى
ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلغىلى بولىدۇ.

مۇھەررىر: ھەزرىتى ئەلى بارات

# تەھرىرلىك خىزمىتى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

دىلمۇرات ئابلىز

( شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 830000 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە تەھرىرلىكنىڭ پۈتكۈل نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى ئىكەنلىكى، شۇڭا مۇھەررىرلەرنىڭ بىلىم قاتلىمى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشى ئوخشاش بولمىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئەتراپلىق بىلىم جۇغلانمىسى ۋە يۇقىرى ساپا يېتىلدۈرۈپ، ئۆزى تەھرىرلەۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيەۋىلىكى، سىياسىۋىلىكى، ئىلمىيلىكىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكى مۇھاكىمە قىلىنغان.

**摘要**: 本文讨论了编辑工作是整个出版工作的中心环节，因此要做好编辑工作，满足读者的需求。作为编辑人员，要不断学习、提高素质、并高度重视自己所编辑的图书的思想内容、政治观点和学术观念等。

بىر كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى مەنىۋى مەھسۇلاتنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇنداق ئەمگەك مېۋىسى ئەسەر يېزىش ئەمگىكى، تەھرىرلەش ئەمگىكى، بېسىش، تۇپلەش ۋە تارقىتىش ئەمگىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق تۇرلۇك ئەمگەكلەر ئىچىدە پەقەت ئەسەر يېزىش ئەمگىكى، تەھرىرلەش ئەمگىكى ۋە تارقىتىش ئەمگىكى دېگۈدەكلا ئىجادىي مەنىۋى ئەمگەك خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ.

ئەسەر ئىجاد قىلىش ئەمگىكى يازغۇچىنىڭ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئىجتىمائىي جەمئىيەتنى تونۇش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق يېزىق، رەسىم قاتارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ بىلىش جەھەتتىكى نەتىجىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ؛ تەھرىرلىك ئەمگىكى مۇھەررىرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئىجادىي تەپەككۇرى ئارقىلىق ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ توپلىغان بىلىملىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ، ئاپتورنىڭ ئەسەر ئىجاد قىلىش ئەمگىكىگە قارىتا پەرقلەندۈرۈش، تاللاش، تونۇشتۇرۇش، قاتنىشىش، رەتلەش، ئۆستۈرۈش، ئىش قوشۇش ئارقىلىق مۇكەممەللەشتۈرۈش خىزمەت ھالقىلىرىنى ئىشلەپ، ئاندىن كېيىن بېسىش، تۇپلەش قاتارلىق قول ھۈنەر سەنئەت ۋاستىلىرى ئارقىلىق جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ؛ تارقىتىش ئەمگىكى بولسا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى تەكشۈرۈش، تەشۋىق قىلىش، ساقلاش، تارقىتىش، تەمىنلەش قاتارلىق ھالقىلار ئارقىلىق كىتاب ئوقۇرمەنلەرنىڭ قولىغا يەتكۈزۈلىدۇ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىش ئارقىلىق بۇنداق مەنىۋى مەھسۇلات ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق مەنىۋى بايلىقىغا ئايلاندۇرۇلىدۇ.

بېسىش بىلەن تارقىتىش كىتاب نەشر قىلىش كەسپىدىكى مۇھىم تەركىبىي قىسىم بولۇپ، بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملار بىلەن ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. تەھرىرلىك ئىلمىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى تەھرىرلىك خىزمىتى بولغاچقا تەھرىرلىك ئەمگىكىنى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىشقا، تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مۇھەررىرلەرنىڭ ئەمگىكى بىلەن يازغۇچىلارنىڭ ئەسەر يېزىش ئەمگىكىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ئوخشىمايدۇ. يازغۇچىنىڭ ئەمگەك مېۋىسى يازغۇچى يازغان ئەسەر نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئوقۇرمەن بىر كىتابنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن ئاپتورنىڭ ئىسمىنى كۆرۈپ، ئاندىن ئاپتورنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى ئېتىراپ قىلىدۇ؛ ئەمما ھازىر

مۇھەررىرنىڭ ئەمگىكى بىلەن ئاپتورنىڭ ئەمگىكى
ئايرىلىپ كەتكەچكە ئۇلارنىڭ ئەمگەك مېۋىلىرىنى
بىۋاسىتە تۈزىتىش سەل قىيىن بولىدۇ. شۇڭا ئو-
قۇرمەنلەر ئادەتتە مۇھەررىرنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى
ئاسان پەرقلەندۇرەلمەيدۇ، شۇنداقلا مۇھەررىرلەرنىڭ
رولىنى ھەمىشە تونۇپ يەتمەيدۇ. كىتابقا مەسئۇل
مۇھەررىرلەرنىڭ ئىسمى يېزىلغان بولسىمۇ، ئوقۇر-
مەنلەر بىر كىتابنىڭ تەھرىرلىك ھالقىسىدىن ئۆت-
كەنلىكىنى چۈشەنسىمۇ، ئەمما مۇھەررىرلەرنىڭ
ئەمگەك سىڭدۈرۈش جەھەتتىكى سان بىلەن سۈپەت
مەسىلىسىنى ئاسان مۆلچەرلىيەلمەيدۇ ھەم مۇھەر-
رىرلەرنىڭ رولىغا ئادىل باھا بېرەلمەيدۇ.

مۇھەررىرنىڭ ئەمگىكىنىڭ سان ـ سۈپىتى ناھا-
يىتى زور ئېلاستىكلىققا ئىگە بولىدۇ. شۇڭا كىتاب-
قا، ئادەمگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇمۇ كىشىلەر-
نىڭ تەھرىرلىك ئەمگىكىنى دېگەندەك ئېتىراپ
قىلمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. كىتابتىن ئىبارەت
بۇ مەنىۋى مەھسۇلات باشقا ماددىي مەھسۇلاتقا ئوخ-
شىمايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا باشقا ماددىي مەھسۇلاتلارغا
ئوخشاش بىر تۇتاش ئۆلچەم ۋە كۆرسەتكۈچ بېكى-
تىشكە بولمايدۇ. ئاپتور بىلەن ئوقۇشلۇقنىڭ
خاراكتېرى ئوخشىمىغاچقا، تۈرلۈك كىتاب ئورگى-
نالى مۇھەررىرنىڭ قولىغا يەتكەندە ئۇنىڭ سۈپىتى-
مۇ ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، بىر دەرسلىك ئۇزۇن يىل
ئوقۇتۇش جەريانىدا پىشىپ تولۇقلىنىدۇ، ئۇنى كى-
تاب قىلىشقا توغرا كەلگەندە، مۇھەررىر ئۇنى ئانچە
جاپا تارتماي تەھرىرلەيدۇ، ئەكسىچە بولسا تەھرىر-
لىك خىزمەت مىقدارى كۆپ بولۇپ كېتىشى مۇم-
كىن. ئەمما شۇ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولى-
دۇكى، مەيلى قايسى خىل ئەھۋال بولسۇن، تەھرىر-
لىك خىزمىتى كىتاب نەشرىياتچىلىقىدا باشتىن ـ
ئاخىر ھالقىلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. تەھرىرلىك
ئەمگىكى يازغۇچىلارنىڭ ئەمگىكىنىڭ داۋامى ۋە
راۋاجى بولىدۇ، شۇڭا بۇنىڭغا ھەرگىز سەل قاراشقا
بولمايدۇ.

تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ تۈپ مەقسىتى — ئى-
دىيە تەشۋىق قىلىش، بىلىم يەتكۈزۈش ۋە مەدەنىيەت
بىلىملىرىنى جۇغلاشتىن ئىبارەت. مۇھەررىر ئىدى-
يە تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن پارتىيە ـ ھۆكۈمەت تار-
ماقلىرى، گېزىت ـ ژۇرنال ئورۇنلىرى بىلەن مۇنا-
سىۋەتتە بولۇپ، نۆۋەتتىكى تەشۋىقات مۇھىم نۇقتى-
لىرى بىلەن پىلانلىرىدىن خەۋەردار بولىدۇ؛ بىلىم
يەتكۈزۈش ئۈچۈن مەدەنىيەت ـ مائارىپ، ئىلمىي
تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، تۈر-
لۈك ئىلمىي تەرەققىياتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بىلەن
يۈنىلىشىنى ئىگىلەيدۇ، كەڭ يازغۇچى، ئوقۇرمەنلەر
بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولىدۇ، ئاپتورنىڭ ئەسەر
يېزىش پىلانى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆرۈش ئېھ-
تىياجىنى نەزەردە تۇتىدۇ. مۇھەررىر جەمئىيەتنىڭ
ھەرقايسى قاتلاملىرى بىلەن كەڭ ئالاقە باغلىغان،
تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان، ھەر-
قايسى تەرەپلەرنىڭ قوللىشى بىلەن ياردىمىنى قولغا
كەلتۈرگەندىلا ئاندىن ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇ-
شىنىڭ ئېغىر ۋەزىپىلىرىنى زىممىسىگە ئېلىپ،
ئىنسانلار مەدەنىيەت مىراسلىرىنى بېيىتىش ئۈچۈن
ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك تۆھپىسىنى قوشىدۇ.

مۇھەررىرنىڭ ئاپتورنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى
پەرقلەندۈرۈش، كىتاب ئورگىنالىنىڭ سىياسىي ئى-
دىيەۋى خاھىشى، ئىلمىيلىكى ۋە بەدىئىيلىكىگە با-
ھا بېرىش جەھەتتە ئوخشاشلا تەھرىرنىڭ ئىجادىي
تەپەككۇر قىلىشقا موھتاج بولىدۇ. چۈنكى كىتاب
ئورگىنالى تېخى خام مەھسۇلات بولۇپ ھېسابلىنى-
دۇ. شۇڭا ئۇ كىتاب بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ
مەزمۇنىنى پەرقلەندۈرۈش، ئۇنىڭغا باھا بېرىش، ئار-
تۇقچىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كەمچىلىك بولسا
تولۇقلاپ تۈزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق تەھرىر-
لىك ئەمگىكى ئىجادىيلىقىنى تېخىمۇ روشەن ناما-
يان قىلىدۇ. مۇھەررىرلەرنىڭ تۆۋەندىكىدەك بەش خىل
رولى بولىدۇ.

بىرىنچى، ئىدىيە ئالماشتۇرۇش، مەدەنىيەت تار-
قىتىش بىلىم توپلاش رولى. مۇھەررىر ئىجتىمائىي
تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، يېڭى ئىدىيە، يېڭى نەزەرىيە-

لەرنى يەتكۈزۈپ، ئىنسانلارنىڭ بىلىم بۇلىقىنى ئاچىدۇ، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئالماشتۇرىدۇ، ئىددىيە، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. تۈرلۈك يېڭى كىتابلارنى نەشرگە ئۇيۇشتۇرىدۇ، ئىنسانلارنى بىلىم بايلىقلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىككىنچى، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولى. جەمئىيەت ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن كىتاب ئورگىنالىنى پىلانلىق ئۇيۇشتۇرىدۇ، بۇ مۇھەررىرلەرنىڭ توپ ۋەزىپىسى. ئەمما ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، چۈنكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ھەر خىل بولىدۇ، ئوقۇرمەن ئوبيېكتىمۇ كۆپ بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىدىيەۋى ھالىتى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى، ئىقتىسادىي كىرىمى، تۇرمۇش ئادىتى، ئوقۇش قىزغىنلىقىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئوقۇشلۇقتا بولغان تەلەپمۇ ئادەمگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مۇھەررىر ئوقۇرمەنلەرنى يېتەكلىگەچكە باش مۇھەررىردىن مۇدىر مۇھەررىر، مەسئۇل مۇھەررىرگىچە سەگەك مېڭە، ئالدىن كۆرەرلىك ئاڭ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش ئېڭى، ئىلمىي تەدبىر بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، مۇھەررىر ئوقۇرمەنلەرنىڭ نۆۋەتتىكى ئوقۇش قىزىقىشى بىلەن ئېھتىياجىغا ئاساسەن تېما تاللاپ، كىتاب نەشر قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە مۇھەررىر ئوقۇرمەن بىلەن يازغۇچىنى ئالاقە ـ مۇلاقەتتە بولۇش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ — مۇھەررىرلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق.

تۆتىنچى، ئۆتكەلنى ساقلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش رولى. مۇھەررىر يازغۇچىنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى خىزمەت ئوبيېكتى قىلىدۇ، بۇنداق ئەمگەك مېۋىسىنى پەرقلەندۈرۈش، تاللاش، ئىش قوشۇش، نەشر قىلىش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. مۇھەررىر كىتاب ئورگىنالىنىڭ تۇنجى ئوقۇرمىنى بولىدۇ. شۇڭا كىتاب ئورگىنالىنى تاللاش، پەرقلەندۈرۈش، ئۆتكەلنى مەھكەم ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ، نەشرىياتقا ۋە ئوقۇرمەنلەرگە يۈكسەك مەسئۇل بولىدۇ. كىتاب ئورگىنالىنى تىل، لوگىكا، ئىشلىتىش جەھەتتىن تەكشۈرۈپلا قالماي يەنە سىياسىي جەھەتتىنمۇ تەكشۈرىدۇ، زىنھار خاتالىققا يول قويمايدۇ، كىتابنىڭ مۇكەممەل نەشر بويۇمىغا ئايلىنىشى ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

بەشىنچى، كىشىلەرنى تەربىيەلەش رولى. مۇھەررىر كىتاب چىقىرىش بىلەن بىرگە يەنە بىر تۈركۈم ئاپتورلارنى تەربىيەلەيدۇ ۋە بايقايدۇ. شۇڭا مۇھەررىرنىڭ كىتاب چىقىرىش، ئادەم تەربىيەلەش رولى بولىدۇ، يۇقىرى سۈپەتلىك كىتاب نەشر قىلىنسا جەمئىيەتكە پايدىلىق بولىدۇ. مۇھەررىر كىتاب چىقىرىپ كىشىلەرنى تەربىيەلەپلا قالماي يەنە كىتابقا مۇجەسسەملەشكەن ئىدىيە، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تارقىتىش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا تەسىر پەيدا قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەۋى تۇيغۇسى بىلەن پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئاشۇرىدۇ، پۈتۈن خەلقنى توغرا يېتەكلەيدۇ. ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى، ئىككى مەدەنىيلىكنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

قىسقىسى، ھازىرقى زامان پەن ـ مەدەنىيەت كەسىپلىرىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، سىياسىيدا قابىل، كەسىپتە پىشقان، ئەخلاقتا دۇرۇس مۇھەررىرلەر قوشۇنى بولغاندىلا ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك مېۋىلىرىنىڭ روھىيىتى بىلەن قىممىتىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ ۋە ئوقۇرمەنلەرگە تونۇتالايدۇ؛ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك نەشرىيات ئىشلىرىنىڭ گۈللەپ ـ ياشنىشى ئۈچۈن پائال رول ئوينايدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشىدۇ.

مۇھەررىر: ھەزرىتى ئەلى بارات

# ئەدەبىي تەرجىمىدىكى مەنە ۋە تىل مۇھىتى توغرىسىدا

ئوسمانجان مۇھەممەت

( «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى 830001 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ئەدەبىي تەرجىمىدىكى مەنىنى پىلانلاش بىلەن مەنىنى گەۋدىلەندۈرۈش، تىل مۇھىتى بىلەن مەنىنى بىر تەرەپ قىلىش، مەنىنى ئەقىلگە ئۇيغۇن پىلانلاش، مەنىنىڭ كۆپ تەرەپكە چېتىلىدىغانلىقىنى نامايان قىلىش ۋە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىرقانچە مەسىلىنى نەزەرگە ئېلىش، تىل مۇھىتىنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى ۋە ئالاھىدە تىل مۇھىتى، تىل مۇھىتىنى تەتقىق قىلىش، كونتېكىستتىكى تىل مۇھىتىنى بىر تەرەپ قىلىش، تىل مۇھىتىنىڭ تەرجىمىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە تىل مۇھىتى ئامىللىرى قاتارلىق مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**摘要**: 本文讨论了文学翻译中的意义筹划与突显和文学翻译中的语境与意义问题。意义的合理筹划，意义突显的诸多方面和需注意的几个问题；语境的分类和特殊性；语境的分析和研究；文本语境的处理；语境对翻译的影响和语境因素等问题。

كىشىلەرنىڭ تىل ئىستېمال قىلىش جەريانىدا ئۈزۈكسىز مەنە ئىجاد قىلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ تىل ئىستېمال ئۇسۇلى ھەر خىل بولىدۇ. بۇ خۇددى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان قورال ـ سايمانغا ئوخشايدۇ. تىل ئىستېمال قىلغۇچى مۇئەييەن تىل مۇھىتى جەريانىدا تىلغا مەنە ئاتا قىلىدۇ. سۆز مەنىسى تىلنى قانداق ئىشلىتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. تىل تىل ئىستېمال قىلغۇچىنىڭ ئارزۇسىنى نامايەن قىلىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئەدەبىي تەرجىمە مۇرەككەپ تىل مۇھىتىغا چېتىلىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمە پائالىيىتى تىل مۇھىتىنى ئانالىز قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئەدەبىي تەرجىمىدىكى مەنە تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا تىل مۇھىتىنىڭ مەنىسى بولىدۇ. تىل مۇھىتى مەنىنىڭ مۇھىم ئامىلى بولىدۇ. مەنىنى ئانالىز قىلىش ۋە قايتا نامايان قىلىش تىل مۇھىتىدىن ئايرىلمىغاچقا، تەرجىمان پەقەت تىل مۇھىتىغا ئاساسەن مۇۋاپىق سۆز تاللايدۇ. دېمەك، تەرجىمىدىكى ھەرقانداق بىر مەنىنى نامايان قىلىش تامامەن تىل مۇھىتىنىڭ ئامىللىرىغا باغلىق. چۈنكى تىل مۇھىتىنىڭ نۇرغۇن تۈرلىرى بولىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمىدىكى تىل مۇھىتى تېخىمۇ مۇرەككەپ بولىدۇ. تەرجىمان ئەدەبىي تەرجىمە جەريانىدا نۇرغۇن مۇرەككەپ تىل مۇھىتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمە بىر خىل تەكرار بەدىئىي ئىجادىيەت، تىل ۋە مەدەنىيەت ھالقىغان ئىستېتىكىلىق پائالىيەت ۋە مەنىنى قايتا ھاسىل قىلىش پائالىيىتى بولغاچقا تەرجىمان مەنىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

تەرجىمان ئەدەبىي تەرجىمىدە ئەسلىي ئەسەرنىڭ مەنىسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە ئۆزگەرتىدۇ. ئەسلىي ئەسەرنىڭ سۆز ـ جۈملىلىرىدىن مەنە ئىزدەپ، مەنىلەرنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن ئۇنى باشقا بىر تىلدىكى ئەڭ يېقىن كېلىدىغان مەنە بىلەن ئىپادىلەيدۇ. بۇ جەريان ئەسلىي ئەسەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. ئەسلىي ئەسەرنىڭ تىل سەنئىتىمۇ تەرجىمە تىل سەنئىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. تەرجىمان ئالاھىدە ئوقۇرمەن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەسلىي ئەسەردىكى مەنىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. تەرجىماننىڭ ئەسلىي ئەسەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشى ئەركىن بولىدۇ. ئەسلىي ئەسەرنىڭ

تىل ـ يېزىق

مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى، ئەسەرنىڭ گۇمانىتار مە-
نىسى ۋە ئېستېتىكىلىق مەنىسىنى ئوقۇرمەنلەرگە
چۈشەندۈرۈشنى ئۆز ۋەزىپىسى قىلىدۇ. ئەسلىي ئە-
سەر تىلى بىلەن تەرجىمە تىلىنىڭ تەڭ قىممەتتە
بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمىغاچقا، تەرجىمان
ئەسلىي ئەسەر تىلى بىلەن تەرجىمە تىلىنىڭ مەنە-
سىنى ئىمكانقەدەر يېقىنلاشتۇرۇش، تەرجىمە تې-
كىستىنىڭ ئەسلىي ئەسەرگە سادىق بولۇش دەرىجە-
سىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ، ئەسلىي ئەسەر
مەنىسىنى تولۇق چۈشەنگەن ئاساستا ئەسلىي ئەسەر-
نىڭ مەنىسىگە يېقىن كەلگەن مەنىنى ئورۇنلاشتۇرى-
دۇ. تەرجىمان ئۆزىنىڭ مەقسەتچانلىق ئارقا كۆرۈ-
نۈشىنى چىقىش قىلىپ، ئەسلىي ئەسەرنىڭ مەنە
ئىزىنى بويلاپ، ئېستېتىكىلىق تۇيغۇ ۋە ئۆزلۈك
چۈشەنچىسى ئارقىلىق مەنىدىن ئىلھاملىنىدۇ.
بۇنداق جەريان مەنىنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەريانى بو-
لىدۇ. تەرجىمان سۇبيېكتىپچانلىقى بىلەن ئىجاد-
چانلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەسلى ئەسەردىكى مە-
نىنى تېپىپ، ئۇ مەنىنى تەرجىمە تېكىستىدە
پىلانلايدۇ. دانا تەرجىمان ئالاھىدە نەزەرى بىلەن كى-
شىلەر سەل قارىغان جايلاردىن يېڭى مەنىنى بايقايدۇ.
گۇمانىتار مەنە ھامان يوشۇرۇن بولۇپ، تەرجىماننىڭ
ئىجادىي تەپەككۇرى جەريانىدا تەتقىق قىلىش ئارقى-
لىق نامايان بولىدۇ. ئەدەبىي تىل يۇكسەك بەدىئىي
ماقامغا يەتكەن شېئىرلەشكەن تىل بولغاچقا ئەدەبىي
ئەسەردىكى گۇمانىتار مەنىنى ئۇدۇل نامايان
قىلغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن: «巧妇难为无米之»
دېگەن بۇ ماقال ـ تەمسىلنى «ھەرقانچە ئۇستا ئايال
بولسىمۇ ئۇنىسىز تاماق ئېتەلمەيدۇ؛ زۆرۈر شەرتلەر-
نى ھازىرلىماي تۇرۇپ ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا
چىقارغىلى بولمايدۇ؛ قۇشنانچىمنىڭ ئېشىنى ئوغ-
شاتقان موللامنىڭ ئوتېيشى» دەپ تەرجىمە قىلىشقا
بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ «چىۋەر ئايالنىڭ گۈرۈچى
بولمىسا قازان ئاسمىقى تەس بولىدۇ» دەپ تەرجىمە
قىلىشقا بولمايدۇ.

ئەدەبىي تەرجىمىدە ئەسلىي ئەسەرنىڭ مەنىسى
ئاساسىدا يېڭى مەنە يارىتىلغاچقا، تەرجىماننىڭ
ھېسسىي بىلىشى، تەسەۋۋۇرى، ھېسسىياتى ۋە چۈ-
شىنىشى مەنىنى پىلانلاشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.
ئەگەر چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بىر ئەسەر تەرجىمە قى-
لىنغاندىن كېيىن ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ئېستېتې-
كىلىق ئۈنۈم ھاسىل قىلالمىسا، ئۇ ئەسەرنى تەرجى-
مە قىلغاندىن قىلمىغان تۈزۈك. مەسىلەن، جىبرا-
نىڭ «ئاسىي روھ» ناملىق ئەسىرى ئۇيغۇر ئوقۇر-
مەنلىرى ئارىسىدا ناھايىتى ياخشى ئىنكاس پەيدا
قىلدى. تەرجىمان ئەسەردىكى تېرەن مەنىنى بەدىئىي
تىل ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ئەسەرنىڭ تەرجىمە تىلى-
دىكى مەنىسىنى ئېستېتىكىلىق ئۈنۈمگە يەتكۈز-
گەن. بىر مۇنەۋۋەر تەرجىمان مەنىنى بىر تەرەپ
قىلغاندا ئەسەرنىڭ ئەڭ ئۇششاق تەپسىلاتلىرىغىمۇ
كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇششاق تەپسىلاتلاردىنمۇ ئەسەرنىڭ
روھىي قىياپىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تەرجىمان
ئاپتورنىڭ روھى بويىچە مەنىنى چۈشىنىدۇ. ئەسلىي
ئەسەرنى چۈشىنىش ئارقىلىق تەرجىمە تىلىدا يېڭى
مەنە ھاسىل قىلىدۇ. تەرجىماننىڭ ئىدىيەۋى تو-
نۇشى ۋە بەدىئىي ئىستېداتى تەرجىماننىڭ ئەدەبىي
تەرجىمىدىكى ئىش ـ پائالىيىتىنى بەلگىلەيدۇ. مە-
سىلەن، «بۆرە تۇتىمى» دېگەن ئەسەرنىڭ تەرجىمى-
سىدە تەرجىمان بۇ نۇقتىنى تولۇق نامايان قىلغان،
ئەسلى ئەسەر تىلىدىكى مەنىدىن يۇكسەك گۈزەللىك
نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئىپادىلىگەن. شۇڭا مەزكۇر ئەسەر
ئانا تىل ئوقۇرمەنلىرىنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇ-
يەسسەر بولغان.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تىلى سەنئەتلەشكەن تىل بول-
غاچقا، يازغۇچى ئۆزگىچە تىل ئۇسلۇبىنى شەكىل-
لەندۈرىدۇ. تىل ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ روھى، جېنى.
بەدىئىي ئۇسلۇبنى ئىپادىلەش جەھەتتە ئەڭ مۇھىم
بولغىنى يەنىلا تىل. تىل ئەسەردىكى ئېستېتىكىلىق
ئامىللارنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمىمۇ
ئوخشاشلا ئەدەبىي تىل ئارقىلىق قايتا ئىپادە قىلى-
نىدۇ. بۇ، ھەربىر تەرجىماندىن بىر خىل سەنئەت-
لەشكەن تىل ئارقىلىق تەرجىمە تېكىستىنى، يەنى
مەنىنى قايتا يېزىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
تەرجىمان ئاپتور ئەسەردە ياراتقان بەدىئىي قاتلامدى-

كى مەنىنى تەرجىمە تىلىدا قايتا بايان قىلىدۇ. ئەسلىي ئەسەردىكى ئوبرازلىق، ئىستىلىستىكىلىق، سەنئەتلىك ئىرسىلەرنى ئىمكانقەدەر تەرجىمە تىلىدا تەڭ قىممەتتە بايان قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. بۇ، ئەدەبىي تەرجىمىگە چېتىلىدىغان ئاپتورنىڭ ئۇسلۇب مەسىلىسى بولۇپ، مەنە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. تەرجىمان بۇ جەھەتتە تىل ئۈستىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن قايتا ئىجادىيەت ئېلىپ بارىدۇ. بۇمۇ ئەدەبىي تەرجىمىدىكى مەنىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق پىلانلاش بولىدۇ. مەنىنى پىلانلاش ئالدى بىلەن بىر خىل ئىجادىي چۈشىنىش بولىدۇ. تەرجىماننىڭ ئەدەبىي ئەسەرنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدىكى مەنىنى پىلانلىشى يېڭى مەنىنى بايقىشىدىكى مۇھىم مەسىلە. تەرجىمان مەنىنى پىلانلىغاندا ئۆزىنى، ئاپتورنى ۋە ئوقۇرمەنلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىجادىيەت بىلەن بايقاشنى بىرلەشتۈرىدۇ. تەرجىمان ئەدەبىي تەرجىمىدە مەنىنى پىلانلىغاندا ئۆزىنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنى سىڭدۈرگەن بولىدۇ. تەرجىمان ھامان ئەسلىي كۆپ نۇقتىدىن چىقىش قىلىپ، ئەسلىي ئەسەردىكى مەنىنى تەرجىمە تېكىستىدە سادىق بولۇش، راۋان بولۇش، پاساھەتلىك بولۇش ئاساسىدا پىلانلايدۇ.

ئەدەبىي تەرجىمىدە مەنىنى پىلانلاپ بولغاندىن كېيىن، يەنە مەنىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمە تاللاش خاراكتېرلىك، سەنئەتلىك مەنە ھاسىل قىلىش پائالىيىتى بولغاچقا، مۇرەككەپ ھەم مۇشكۈل خىزمەتتۇر. تەرجىمان ئەسلىي ئەسەرنىڭ مەنىسىنى ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىش جەريانىدا مۇئەييەن دەرىجىدە مەنىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. تەرجىمە قىلىدىغان ئەسەرنى تاللىغان كۈندىن باشلاپ تەرجىمە تاماملانغىچە مەنىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. مەنىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق ئەسلىي ئەسەرنىڭ مەنىسىنى بايان قىلىش ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، بۇنى مەنىنى ئىزدەش ۋە مەنە ئىپادىلەش تەرجىمە پائالىيىتى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. شۇڭا مەنىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئەدەبىي تەرجىمىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. تەرجىمان مەنىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ قارىشى بىلەن دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش نۇقتىسىغا ئېتىبار بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە مەنىنى گەۋدىلەندۈرۈش ھادىسىسى بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. كىشىلەر گەپ قىلغاندا سۆزنىڭ تامامەن ماسلىشىشىغا دىققەت قىلمىسىمۇ، ھەتتا گىراماتىكىغا چۈشمىسىمۇ مەنىنى بىۋاستە گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. سۆز ـ جۈملىلەر بەزىدە شەيئىلەر بىلەن ئۆزئارا ماسلاشمىسىمۇ يەنىلا مەنىنى ئىپادىلەش ۋە گەۋدىلەندۈرۈشكە تەسىر يەتمەيدۇ، ئەكسىچە تېخىمۇ روشەن، جانلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: «排山倒海» (تاغنى تالقان قىلىش)، «赴汤蹈火» (سۇ كەلسە سۇدىن، ئوت كەلسە ئوتتىن يانماسلىق، خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماسلىق) دېگەن ئىدىيوملاردا ئەسلىدىكى بەرگەن مەنە «تاغنى رەتتىن چىقىرىپ، دېڭىزنى دۈم كۆمتۈرۈۋېتىش»، «قايناق سۇغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئوتتا دەسسەپ مېڭىش» دېگەن مەنە تېخىمۇ ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، «غەيرەت ـ شىجائەت»، «ھېچنېمىدىن قورقماسلىق» دېگەندەك تەرىزدە نامايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇبالىغە قىلىش، پو ئېتىش، سۆز ئويۇنلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى، مەسىلەن، «ئۇنىڭ ئۇستۈن كالپۇكى پېشانىسىگە تېگىپ تۇراتتى، تۆۋەن كالپۇكى تىزىغىچە چۈشۈپ تۇراتتى» (مىڭ بىر كېچە) قاتارلىقلار كۆپتۈرۈلگەن تەغدىردىمۇ، بىز بۇ مۇبالىغە جۈملىنى يەنىلا ئەقىلگە مۇۋاپىق دەپ چۈشىنىۋېرىمىز. بىز بۇنىڭدىن مەنىنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ بىر خىل بىلىش ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمىز. مەنىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئەدەبىي تەرجىمىدە ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا ئۇنى يوللۇق دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمىدە يەنە مەنىنى گەۋدىلەندۈرۈش كۆپ جەھەتتىن ئىپادىلىنىدۇ. ئاساسلىقى مەنىنى قوشۇش، مەنىنى يۇغۇرۇش، مەنىنى تەكىتلەش، مەنىنى تولۇقلاش، مۇھىم نۇقتىنى تەكىتلەپ مەنە تەرجىمىسى قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مەنىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىش، مەنە-

نى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىستېتىكىلىق ئا ـ
مىللارنى ئىگىلەش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئان ـ
دىن ئەدەبىي تەرجىمان تىل ۋە مەدەنىيەت مۇھىتى ـ
دىن ھالقىغان مەنىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تەرجىمە تې ـ
لىدىكى ئۇقۇرمەنلەرنىڭ ئەسلىي ئەسەرنى چۈشىنى ـ
شى ئۈچۈن كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

تىل مۇھىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ. تىل
مۇھىتىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇم ـ ئاتالغۇلارمۇ ئىن ـ
تايىن كۆپ ھەم مۇرەككەپ، بۇ — كۆپىنچە تىلشۇ ـ
ناسلىق كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولسىمۇ ئەمما ئەدەبىي
تەرجىمىدە يەنىلا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەي ـ
دۇ. شۇڭا تىل مۇھىتىسىز ئەدەبىي تەرجىمىدىن
سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. تىل مۇھىتى مەيلى تىلشۇ ـ
ناسلىقتا ياكى تەرجىمەشۇناسلىقتا بولسۇن، ئەدەبىي
تەرجىمىگە نىسبەتەن كەم بولسا بولمايدىغان ئالدىن ـ
قى شەرت ھېسابلىنىدۇ. تىل مۇھىتىنى مۇنداق
تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، كونتېكىستتىكى تىل مۇھىتى. بۇ
كونتېكىستتىكى سۆز، جۈملە، ئابزاسلارنىڭ ئال ـ
دى ـ كەينى باغلانغان، بىر دەك بولغان سۆز مۇھى ـ
تى. سۆز مەنىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش كونتېكىست ـ
تىن ئايرىلالمايدۇ. سۆز بىلەن سۆز، جۈملە بىلەن
جۈملە، ئابزاس بىلەن ئابزاس ھەتتا پۈتۈن ئەسەر ئا ـ
رىسىدا ئىچكى باغلىنىش بولۇشنى، پۈتۈن ئەسەر
نۇقتىسىدا تۇرۇپ سۆز مەنىسىنى، سۆز ۋارىيانتى ـ
نى، ئۇسلۇبىنى، ئەدەبىيات ئۇسلۇبىنى تەتقىق قى ـ
لىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىككىنچى، سۆز ئىشلىتىش مۇھىتى. كىشىلەر
سۆز ئىشلەتكەندە ھامان مۇئەييەن مۇھىت بولىدۇ.
بۇنداق مۇھىت تىل ئىشلىتىش مۇھىتى دەپ ئاتى ـ
لىدۇ. شۇڭا تىل مۇھىتىدا ئالاھىدە ئەھۋاللاردا
سۆز مەنىسىنى بېكىتكىلى بولىدۇ. شۇڭا سۆز بى ـ
لەن سۆز مۇھىتىنى بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قاراشقا
بولىدۇ.

ئۈچىنچى، شەخسىي تىل مۇھىتى. تىل ئالاقى ـ
سىدە تىل بىلەن سۆزلىگۈچى مۇناسىۋەتتە بولىدۇ.
سۆزلىگۈچى تىل بىرلىكىنى تاللايدۇ ھەمدە مۇئەييەن
ئىجتىمائىي گەۋدە ئىچىدىكى بىر يەككە تەنچە سۇ ـ
پىتىدە تىل ئالاقىسىگە قاتنىشىدۇ، بۇلار سۆزلىگۈ ـ
چىنىڭ شەخسىي تىل مۇھىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

تۆتىنچى، ئىجتىمائىي تىل مۇھىتى. سۆزلۈك
ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك شەيئىلەرنى ۋە
كىشىلەرنىڭ بۇ شەيئىلەرگە بولغان قارىشىنى ئە ـ
كىس ئەتتۈرىدۇ. سۆزلۈكنىڭ مەنىسى ئىجتىمائىي
تۇرمۇشقا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، مەسىلەن،
قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يىگىت دېگەن سۆز «چۇۋان»
دېيىلەتتى. ئەمما ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا
«چۇۋان» دېگەن سۆز «يىگىت» دەپ ئاتىلىدۇ، شۇڭا
دەۋر تىل مۇھىتى بىلەن ئىجتىمائىي تىل مۇھىتى ـ
نىڭ سۆز مەنىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتا ـ
يىن زىچ بولىدۇ. سۆزنىڭ قەدىمكى ھەم ھازىرقى مە ـ
نىسىنى تولۇق چۈشەنگەندىلا ئاندىن ئەدەبىي تەرجى ـ
مىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ.

بەشىنچى، ئويدۇرما تىل مۇھىتى. ئەدەبىي ئە ـ
سەرلەردە، بولۇپمۇ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە توقۇلما
بولىدۇ. بۇنداق توقۇلما يەنىلا تىل ئارقىلىق بايان
قىلىنىدۇ. بۇنداق تىل مۇھىتى توقۇلما تىل مۇھى ـ
تى بولىدۇ. توقۇلما تىل مۇھىتى ئەدەبىي تەرجىمى ـ
گە ئىلھام بەخش ئېتىدۇ.

ئەدەبىي تەرجىمە ئادەتتىكى تىل ئالماشتۇرۇشقا
ئوخشىمايدۇ. ئەدەبىي تەرجىمە تىل ۋە مەدەنىيەت
ھالقىغان تىل ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى بولغاچقا
رېئاللىقتىكى تىل ئالماشتۇرۇشتىن روشەن پەرق ـ
لىنىدۇ. رېئاللىقتا بىۋاسىتە تىل ئالماشتۇرۇلىدۇ.
رېئال تىل مۇھىتى بىر ئادەمنىڭ تىل ئالاقە جەريا ـ
نىدا بىر سۆزنى چۈشىنىش بىلەن يەنە تىل ئالماش ـ
تۇرۇش تەلىپىنى ئۆز ۋاقتىدا ئۇنۇملۇك قاندۇرۇش ـ
نى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ئەدەبىي تەرجىمىدىكى تىل
ئالماشتۇرۇش ئىنتايىن مۇرەككەپ ھەم ئالاھىدە بو ـ
لىدۇ. شۇڭا تەرجىمان ئالدى بىلەن ئەدەبىي تەرجى ـ
مىنىڭ تىل مۇھىتى ۋە مەدەنىيەت ھالقىغان تىل
ئالماشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاماملاش ئۈچۈن ئىككى
خىل تىل بىلەن ئالاقىلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈ ـ
رۈشى، يۇقىرى قوش تىل سەۋىيەسى بىلەن ئەدەبىي

تەربىيەلىنىشنى كۈچەيتىشى، كۈچلۈك بەدىئىي تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. چۈنكى تەرجىمان ئاپتور، ئوقۇرمەنلەر بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشمايدۇ. شۇڭا تەرجىماننىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى تۆۋەن، قوش تىل ئىقتىدارى ئاجىز بولسا ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. ئەدەبىي تەرجىمە بىر خىل تىل ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن تەرجىمان ئەدەبىي تەرجىمە ۋەزىپىسىنى تاماملاش ئۈچۈن نۇرغۇن مۇرەككەپ ۋە قىيىن تىل مۇھىتى مەسىلىسىگە دۇچ كېلىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمىنى ئادەتتە تەرجىمان ئۆزى مۇستەقىل تاماملايدۇ. ئەدەبىي تەرجىماننىڭ ئالدىدا تۇرغىنى ئادەتتىكى تىل ئالاقىلىشىش مەسىلىسى بولماستىن بەلكى بىر مۇكەممەل ئەدەبىي ئەسەر بولىدۇ. ئالاھىدە تىل مۇھىتىدىكى دىيالوگ بولمايدۇ. تەرجىمان ئەدەبىي ئەسەرنى تەرجىمە قىلىۋاتقاندا ئەسەردىكى ئادەم، ۋەقە، مەنزىرە قاتارلىقلار تەرجىماننىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولىدۇ، ئۇلار رېئال تۇرمۇشتىكى نەرسىلەر بولماستىن، ئەدەبىي ئەسەر توقۇلما قىلىپ يارىتىلغاچقا، تەرجىمان توقۇلما تىل مۇھىتىدا ئۇلارنى جانلاندۇرۇپ، خۇددى رېئال تۇرمۇشتىكىدەك جانلىق، تەسىرلىك قىلىپ چىقىدۇ. بۇنداق ئويدۇرما تىل مۇھىتىدىكى تەرجىمىنى تاماملاش تەرجىمان ئۈچۈن بىر خىرىس بولىدۇ. شۇڭا تەرجىمان ئەسەرنىڭ كونتېكىستىنى، بەدىئىيلىكىنى توغرا ئىگەللەپ، تەسەۋۋۇرى بىلەن ئېستېتىك زوقلىنىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، ئەسەرنى توغرا ھالدا قايتا زاھىر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەدەبىي تەرجىمە ئېغىز تىلى تەرجىمىسىگە ئوخشىمايدۇ. ئېغىز تەرجىمانى نەق مەيداندىكى تىل ئالماشتۇرغۇچى ۋە ۋاسىتىچى بولۇش سۈپىتى بىلەن تىل ئالماشتۇرۇشقا بىۋاسىتە قاتنىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەرجىماننىڭ ئادەتتىكى پاراڭلاشقۇچىلاردىن ئانچە پەرقى قالمايدۇ. ئەمما ئېغىز تەرجىمانى ئادەتتىكى پاراڭلاشقۇچى ئەمەس. شۇڭا ئېغىز تەرجىمانى نەق مەيداننىڭ ئەھۋالى بىلەن كەيپىياتىنى توغرا ئىگەللىشى، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ گېپىنى ئېنىق چۈشىنىشى، مېڭىسى زېرەك، قۇلىقى ئۆتكۈر، نۇتۇقى ياخشى، تەسەۋۋۇرغا باي، ماسلىشىشچان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەمما ئەدەبىي تەرجىماننىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارىمۇ ئېغىز تەرجىمانىدىن قېلىشمايدۇ. ئەدەبىي تەرجىمىدە سۈرئەت مۇھىم ئەمەس، بەلكى ئەسەرنى چۈشىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمان بىلمىگەن خەتلەرگە ئۇچرىغاندا لۇغەتكە قارايدۇ، ئالىم - مۇتەخەسسىسلەردىن سورايدۇ. پىلان بويىچە تەرجىمە قىلىدۇ. ۋاقتىدا ئارام ئالالايدۇ، ۋاقىت كېچىكسىمۇ تەرجىمىنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتمەيدۇ. ئەدەبىي تەرجىمىدە ئەدەبىي تىل ئىشلىتىلىدۇ، پۈتكۈل ئەدەبىي تەرجىمە ئەسىرى باغلىنىشچان بولىدۇ. يازغۇچىنىڭ تۈرلۈك ئىزگۈ تۇيغۇلىرى ئەسەرگە سىڭگەن بولىدۇ، دىيالوگى بولىدۇ، پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلىدۇ، مۇھىت تەسۋىرى بايان قىلىنىدۇ، كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ئېغىز تەرجىمانى نەق مەيداندىكى تىل مۇھىتىدا تۇرسا، ئەدەبىي تەرجىمان تەسەۋۋۇر، توقۇلما تىل مۇھىتىدا تۇرىدۇ.

ئەدەبىي تەرجىمان ئادەتتىكى ئوقۇرمەنگە ئوخشايدۇ. ئەدەبىي تەرجىمان ئەدەبىي ئەسەرنى ئوقۇپ چۈشىنىش جەريانىدا ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەردىن پەرقلەنمەيدۇ. ئەمما ئەدەبىي تەرجىمان ئادەتتىكى ئوقۇرمەن بولۇپلا قالماي يەنە قايتا ئىجادىيەتچىمۇ بولىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمان ئەدەبىي ئەسەرنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئەسەرنىڭ مەنىسىنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئېستېتىكىلىق ئۈنۈمىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئېنىق ئىگەللەيدۇ ۋە بۇنداق چۈشىنىشنى قايتا ئىجادىيەت جەريانىدا نامايان قىلىدۇ. پۈتكۈل ئەسەرنى ھەر تەرەپتىن ئانالىز قىلىدۇ، تەرجىمە جەريانىدا تىل مۇھىتىدىكى ئالماشتۇرۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقلەرنى تۈگىتىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي تەرجىمان ئەسلىي ئەسەر ئوقۇرمىنى ھەم سادىق تەتقىقاتچى بولىدۇ ۋە يېڭى بىر ئەدەبىيات سەھىپىسىنى قايتا ئىجاد قىلىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمان ھەم ھېسسىي ئوقۇرمەن ھەم ئەقلىي ئوقۇرمەن بو-

لىدۇ. تىلنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق تىل ۋە مەدە-
نىيەت ھالقىغان تىل ئالماشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرى-
دۇ. ئادەتتىكى ئوقۇرمەندە تەرجىمان يېتىلدۈرگەن
ئۇنداق ئىقتىدار بولمايدۇ. شۇڭا تەرجىمان لاياقەت-
لىك تەرجىمە ئەسىرى ئارقىلىقلا تەرجىمە تىلىدىكى
ئوقۇرمەنلەرنى ئانا تىلدىكى ئەسەرنى ئوقۇغاندا
زوقلانغاندەك ئېستېتىكىلىق تۇيغۇغا ئىگە قىلىدۇ.

ھەر بىر ئادەم ئانا تىلدا ئىجاد قىلىنغان ئەسەر-
لەرنى ئوقۇيدۇ، ئۇنىڭغا تىل مۇھىتىنىڭ ئامىللىرى
تەبىئىي تۇيۇلغاندەك قىلىنىدۇ، ئانا تىل مۇھىتىدا
ياشايدۇ، ئانا تىلى تىل مۇھىتى بىلەن بىرلىشىپ،
يۈرىكىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ، ئانا تىلىغا
چوڭقۇر مۇھەببەت باغلايدۇ. ئانا تىل بىلىمى ئۆ-
سۈپ - يېتىلىشىگە ئەگىشىپ بېيىيدۇ، ئانا تىل
ئوقۇرمىنى بىلەن ئانا تىلدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارى-
دىغان يازغۇچى ئورتاق ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تىل
مۇھىتىدا تۇرىدۇ. ئانا تىل ئوقۇرمەنلىرى مۇئەييەن
چۈشىنىش ئىقتىدارى مەدەنىيەت سەۋىيەسى بولسا،
ئەدەبىي جەھەتتىن تەربىيەلەنگەن بولسا، ئانا تىلدا
ئىجادىيەت قىلىنغان ۋە ئانا تىلغا تەرجىمە قىلىنغان
ئەسەرنى ئوقۇشتا ھېچقانداق قىيىنچىلىق ۋە توسال-
غۇ بولمايدۇ. ئەمما تەرجىمان ئوقۇرمەن بولۇش سۈ-
پىتى بىلەن ئانا تىلدىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندىن
سىرت، يەنە ئۆزگە تىلدا ئىجاد قىلىنغان ئەسەرنى
ئوقۇيدۇ. ئۆزگە تىلدا ئىجاد قىلىنغان ئەسەرگە
نىسبەتەن تىل مۇھىتى بىلىملىرىنىڭ كەمچىل بو-
لۇشى ھەرۋاقىت تەرجىماننى قىيىن ئەھۋالغا چۈ-
شۈرۈپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەرجىمان ماتېرىيال
كۆرۈش، لۇغەت ئاختۇرۇش، ئەسلى ئەسەردىكى
سۆز - جۈملىلەرنىڭ لوگىكىلىق ۋە ئوبرازلىق مۇ-
ناسىۋەتلىرىنى چۈشىنىش، ئاخىرى پۈتۈن ئەسەرنىڭ
روھىي ماھىيىتىنى ئىگىلەش ئارقىلىق تەرجىمىدى-
كى تىل مۇھىتى كەمچىل بولۇش مەسىلىسىنى ھەل
قىلىدۇ. شۇڭا تەرجىمان ھەر ۋاقىت تىل مۇھىتى
بىلىملىرىگە موھتاج بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنداق تىل
مۇھىتى پەقەت تىل ئەدەبىيات جەھەتتىكىلا تىل
مۇھىتى بولۇپ قالماي، يەنە ئىجتىمائىي پەننىڭ
ھەرقايسى ساھەسىدىكى تىل مۇھىتى بىلىملىرىگە،
ھەتتا تەبىئىي پەن تىل مۇھىتى بىلىملىرىگە قەدەر
تۇتىشىدۇ. شۇڭا تەرجىمان نادىر بىر تەرجىمە ئە-
سەرنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن ئىجتىھات بىلەن
تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ. ئەسلىي ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى
ھېسسىياتىنى، ئەسلىي ئەسەردە بايان قىلىنغان
مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرنى، تۇرمۇش يوسۇنىنى، ئالى
فورماتسىيەسىنى، تەپەككۇر ئۇسۇلىنى، مىللىي
پسىخىكا قاتارلىقلارنى بىۋاسىتە ھەم ۋاستىلىك
ھالدا ئۆگىنىپ، ئەسلى ئەسەرگە بولغان تونۇشىنى
چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ ۋە ئەسلى ئەسەرنى ئانا تىلدا قايتا
ئىجاد قىلىدۇ.

ئەدەبىي تەرجىمىدىكى تىل مۇھىتى مۇرەككەپ
ھەم كۆپ تەرەپكە چېتىلغاچقا، ئەدەبىي تەرجىمان
تەرجىمە پائالىيىتى نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىپ،
ئەدەبىي تەرجىمە پائالىيىتىدىكى تىل مۇھىتى مە-
سىلىسىنى تەھلىل قىلىشى كېرەك. تەرجىمان بىر
ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشتا ئالدى بىلەن بىۋاسىتە
كونتېكىست بىلەن ئۇچرىشىدۇ، پەقەت تىل مۇھە-
تىدىلا ئاندىن كونتېكىستتىكى سۆز مەنىسىنى چۈ-
شىنىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە يازغۇچى توقۇپ چىققان
تىل مۇھىتى رېئال تۇرمۇشنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى
بولىدۇ. يازغۇچى تۈرلۈك بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسى-
تىلىرى بىلەن تىل مۇھىتى ۋە بەدىئىي ئوبرازلارنى
يارىتىدۇ. ئوقۇرمەنلەرگە ئېستېتىك تۇيغۇ ئاتا قى-
لىدۇ. تەرجىمان ئاپتور ياراتقان تىل مۇھىتى بىلەن
بەدىئىي ئوبرازلارنى تولۇق چۈشەنگەندە، سۆز مەنى-
سىنى توغرا ئىگەللىگەندە، ئاندىن تەرجىمە ۋەزىپى-
سىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىيالايدۇ. تەرجىمە ئەسىرىنى
تەرجىمان ئۆزى ياراتقان يېڭى تىل مۇھىتىدا
داۋاملىق ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. بۇنداق تەر-
جىمە ئەسلى ئەسەرنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. تەرجىمان
ئەسلى ئەسەرنى تەرجىمە قىلىۋاتقاندا ئەسلىي ئە-
سەرنىڭ تىل مۇھىتىنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق
ئەدەبىي تەرجىمە تېكىستىنىڭ تىل مۇھىتىنى يارى-
تىشقا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئەسلىي ئەسەر تىل مۇھىتى
بىلەن تەرجىمە ئەسەر تىل مۇھىتىنىڭ ئىزچىللى-

قىنى ساقلاش ئۇچۇن كۆچىنىڭ بارىچە تىرىشىدۇ. ئەمما تىل ۋە مەدەنىيەت پەرقى تۈپەيلىدىن، ئەسلىي ئەسەر تىل مۇھىتى بىلەن تەرجىمە ئەسەر تىل مۇھىتىنى ئوخشاش چىقىرىش مۇمكىن بولمايدۇ. مەسىلەن، «东一句,西一句» دېگەن ئىدىيومنى «شەرقتىن بىر جۈملە، غەربتىن بىر جۈملە» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ ئىدىيومنى «تاغدىن ـ باغدىن سۆزلەش» دېگەندەك مەنە بىلەن تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ. گەرچە بۇ ئىدىيومنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى تىل مۇھىتى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى تىل مۇھىتىدا ئوخشاشلىق بولمىسىمۇ ئەمما ئىزچىللىق مەۋجۇت، خەنزۇ تىلى مۇھىتىدىكى مەنىسى ئۇيغۇر تىلىغا راۋان، چۈشىنىشلىك يەتكۈزۈلۈپ بېرىلگەن. شۇڭا تىل مۇھىتى مەسىلىسىنى ئانالىز قىلغاندا تەرجىمان ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ھوكۇمىنى تەرك ئېلىپ، ئەسلىي ئەسەرنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئوقۇرمەنلەرگە سادىق بولۇش، راۋان بولۇش، پاساھەتلىك بولۇش ئاساسىدا يەتكۈزۈپ بېرىشى، ئۆزى ياراتقان تىل سەنئىتى مۇھىتىدا ئوقۇرمەنلەرنى ئېستېتىك زوققا ئىگە قىلىشى، تەسىرلەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشى توغرا كېلىدۇ.

تىل مۇھىتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى يازغۇچى ۋە تەرجىمان ياخشى بىلىدۇ. تالاش ـ تارتىش بولغان بىر سۆز ـ ئىبارىنى چۈشەندۈرۈشتە تىل مۇھىتى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. تىل مۇھىتىغا ماسلىشىش تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇشنىڭ بىر ئاساسىي پىرىنسىپى. مەنە كونكرېت كونتېكىستتا مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن، خەنزۇچىدىكى «打» دېگەن خەتنىڭ 22 خىل مەنىسى بار: 1، ئۇرماق، قاقماق؛ 2، چەكمەك؛ 3، تاقىلداتماق، چالماق؛ 4، زەربە بەرمەك؛ 5، ئېلىپ بارماق؛ 6، سوقماق، ياسىماق، سالماق؛ 7، تەييارلىماق، ئەتمەك؛ 8، يۆگىمەك، باغلىماق؛ 9، تاقىماق، قادىماق؛ 10، توقۇماق، ئۆرۈمەك؛ 11، بەلگە قويماق، سىقماق، باسماق؛ 12، ئويماق، كولىماق؛ 13، تاپماق؛ 14، تۇتماق؛ 15، ئاتماق، تاشلىماق؛ 16، بەرمەك، ئۇرماق؛ 17،ئالماق، سېتىۋالماق، ئۇسۇپ ئالماق؛ 18، تەپمەك، خامان تەپمەك؛ 19، تۇتماق، ئۆۋۈلىماق؛ 20، تۈزمەك، ھېسابلىماق؛ 21، ئوينىماق؛ 22...باشلاپ، ...دىن تارتىپ قاتارلىقلار.390 سۆزلۈك بىلەن ماسلىشىپ كەلگەن «打» خېتى تىل مۇھىتىغا كىرگەندىلا ئاندىن ئۇنىڭ كونكرېت مەنىسىنى بېكىتكىلى بولىدۇ. «打暗号» ئىشارە قىلماق؛ «打草» چۆپ ئورماق؛ «打望» قارىماق، باقماق، نەزەر تاشلىماق؛ «打开窗户说高话» گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتماق؛ «打肿脸充胖子» يۈزىنى ئۇرۇپ ئىششىتىۋېلىپ ئۆزىنى سېمىز كۆرسەتمەك ـــ ھالىغا باقماسلىق دېگەندەك، بۇنداق بىر سۆزنىڭ كۆپ مەنىسىنى پەقەت كونتېكىستتىلا ئاندىن مۇۋاپىق بېكىتكىلى بولىدۇ. بىر سۆزنىڭ كونكرېت مەنىسى شۇ سۆزنى ئەمەلىي ئىشلىتىش جەريانىدا بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي تەرجىمىدە سۆزنىڭ سۆز مۇھىتىدىكى مەنىسىنى پەقەت كونتېكىستقا قاراپ ھۆكۈم قىلىشقا، بېكىتىشكە بولىدۇ. تەرجىمە تىلى مۇھىتىدىكى سۆز مەنىسىگە پەقەت تەرجىمانلا ھۆكۈم قىلىدۇ. سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسىدىن پەقەت پايدىلىنىشقىلا بولىدۇ. نوقۇل سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسىگە ئېسىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئەمما سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسىدىن تامامەن چەتنەپ كېتىشكىمۇ بولمايدۇ.

ئەدەبىي تەرجىمانىنىڭ تەرجىمە قىلىدىغىنى بەدىئىي ئەدەبىيات بولغاچقا، بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى سۆز ـ جۈملىلەر كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان، زوقلاندۇرىدىغان، ئېستېتىكىلىق تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. يارقىن، گۈزەللىك ئۇنۇمى نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئۇنۇم پۈتكۈل ئەسەرگە سىڭىپ كەتكەچكە چوڭقۇر، تېرەن كۆچمە مەنىلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. تەرجىمان بۇنداق تىل مۇھىتىدىكى مەنە ئۇنۇمىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، كۆڭۈل بۆلىدۇ. بۇنداق مەنىنى ئالاھىدە تەرجىمە تىلى بىلەن زاھىر قىلىدۇ. تەرجىمان ئەدەبىي تەرجىمە تېكىستىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەسلىي ئەسەرنى ئاساس قىلىپ، ئەسلىي تېكىستتىكى ئالاھىدە مەنىلەرنى تەرجىمە تېكىستىدە ئەسلىي ئەسەرگە يې-

قىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن تەرجىمە تىلىدىكى ئوقۇرمەنلەرگە ئالاھىدە مەنىلىك سۆزلەرنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئەگەر ئەدەبىي تەرجىمان بۇ نۇقتىنى ئورۇندىيالىسا تەرجىمە تىلىدىكى ئوقۇرمەنلەر تەرجىمە ئەسىرىدىن بەدىئىي زوق ئالالايدۇ. مۇنەۋۋەر تەرجىمە ئەسىرى ئوقۇرمەنلەردە ياخشى تەسىر پەيدا قىلىدۇ. ناچار تەرجىمە ئەسەرنى بىر قانچە بەت ئوقۇپ قويۇپلا تاشلاپ قويىدۇ. شۇڭا مەنىنىڭ قايتا تەشكىللىنىشى، ئالاھىدە مەنىلىك سۆزلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى، پېرسوناژلار ئوبرازىنى، تەبىئەت تەسۋىرلىرىنى سادىقلىق بىلەن زاھىر قىلىش، ئەسلىي ئەسەرنىڭ تىل مۇھىتىدىكى مەنىسىنى توغرا ئىگىلەشتىن ۋە قايتا نامايان قىلىشتىن ئايرىلمايدۇ. مەسىلەن، كىشىلەر نىمە ئۈچۈن ئەرەبلەرنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «مىڭ بىر كېچە» نى، خەنزۇلارنىڭ كىلاسسىك ئەسىرى «سۇ بويىدا»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانلىرىنى شۇنچە قىزىقىپ ئوقۇيدۇ؟ چۈنكى بۇ ئەسەرلەردە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئالاھىدە سۆز مەنىلىرى ئاجايىپ چىرايلىق بىر تەرەپ قىلىنغان.

تەرجىماننىڭ خاس تىل مۇھىتى تەرجىمە خىزمىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. چۈنكى تەرجىماننىڭ سۇبيېكتىپچانلىقى، ئىجادچانلىقى ۋە كاللىسى ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس تىل مۇھىتى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. تەرجىماننىڭ خاس تىل مۇھىتى تەرجىمان تەرجىمە قىلىۋاتقان تەرجىمە ئەسىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ـ بولماسلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. تەرجىماننىڭ خاس تىل مۇھىتى تەرجىمىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ مەنبەسى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەنە تەرجىمىنىڭ خاس ئۇسلۇبىنى يارىتىدۇ. بىر ئەدەبىي تەرجىمە ئەسىرىدە تەرجىماننىڭ خاسلىقى بىلەن خاس ئۇسلۇبىدىن خالىي بولالمايدۇ. چۈنكى ئۆزگىچە تەرجىمانلارنىڭ ئۆزگىچە تىل مۇھىتى، ئۆزگىچە تەرجىمە ئۇسلۇبى بولىدۇ. بۇ ئەدەبىي ئەسەرنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى ئىپادىلەشكە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. تەرجىمە جەريانىدا پۈتكۈل ئەدەبىي ئەسەر تەرجىماننىڭ خاس تىل مۇھىتى شارائىتىدا چۈشىنىلىپ بايان قىلىنىدۇ. تەرجىماننىڭ سۇبيېكتىپ قارىشى مۇجەسسەملەشكەن ئۆزگىچە ئۇسۇل ئارقىلىق ئەسلىي ئەسەر تەرجىمە تىلىدا بايان قىلىنىدۇ. ئاپتور بىلەن تەرجىماننىڭ تۇرمۇش كەچۈرمىشى، شەخسىي تەربىيەلىنىشى، سۆز مەنىسىنى چۈشىنىشى ئوخشاش بولمىغاچقا ھامان تەرجىماننىڭ سۇبيېكتىپ تۈسى نامايان بولىدۇ. ئۆزگىچە سۇبيېكتىپ پىسخىك تۇيغۇ سۆز مەنىسىنى چۈشىنىشكە تەسىر يەتكۈزىدۇ. تەرجىماننىڭ باھاسى ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ پىسخىكىسىنىڭ ئىنكاسى بولىدۇ. خاس يەرلىك شىۋە بىلەن تىل ئۇسلۇبىمۇ بىر خىل شەخسىي تىل مۇھىتى بولىدۇ. شىۋە ئاساسى ئوخشاش بولمىغاچقا، شىۋە سۆزنى ئىشلىتىش ۋە چۈشىنىشمۇ ئوخشاش بولمىغاچقا، تىل ئۇسلۇبىمۇ ئۆزگىچە بولغاچقا سۆز ئىشلىتىش ۋە تەرجىمە قىلىشتىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا تەرجىماننىڭ خاس تىل ئۇسلۇبى ئۇنىڭ خاس تىل خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇنداق خاس تىل ئۇسلۇبى بىلەن تەرجىماننىڭ خاسلىقىنى ئوخشاش بىر ئەسەرنىڭ كۆپ خىل تەرجىمە نۇسخىسىدا نامايان بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى» نىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈچ خىل تەرجىمە نۇسخىسى بۇنىڭ مىسالىدۇر. تەرجىماننىڭ خاسلىقى ئاساسلىق قىلىپ ئۇنىڭ تەرجىمە تىلىدا نامايان بولىدىغان خاسلىقى بولىدۇ. تەرجىمىنىڭ ماھىيىتى تەرجىماننىڭ خاسلىقىنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى بەلگىلەيدۇ. تەرجىماننىڭ خاسلىقى مەۋجۇت بولغاچقا تەرجىمىدە مەنىنىڭ ئازچە ـ مۇنچە قېيىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. تەرجىمە تېكىستى ئەسلىي ئەسەرنىڭ روھىي ماھىيىتىگە ئىمكان قەدەر يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ. ئەمما تامامەن تەڭ قىممەتكە ئىگە قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ.

دېمەك، ئەدەبىي تەرجىمىدە تەرجىماننىڭ ۋەزىپىسى ئەسلىي ئەسەرنىڭ مەنىسىنى تىل ۋە مەدەنىيەت ھالقىغان ھالدا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. تەرجىمان كۆپ خىل مەنە مۇناسىۋەتلىرىدە ھالقىلىق ئورۇندا تۇرى-

دۇ. ئەسلىي ئەسەر مەنىسى بىلەن تەرجىمە تىلىدىكى مەنىنى يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ ۋە ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ ئەدەبىي قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمان مەنىنى گەۋدىلەندۇرۇشتە ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپچانلىقىدىن خالىي بولالمايدۇ. بۇنداق سۇبيېكتىپچانلىقنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق مەنىنى گەۋدىلەندۇرۇش تەرجىمە تىلىدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەسلىي ئەسەرنى چۈشىنىشى ئۈچۈن كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ. بىر ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەنە چېكى بولمايدۇ. بولۇپمۇ كلاسسىك ئەسەرلەردە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مەنە تۇيغۇسى ۋە ئۇنى چۈشىنىش بىقارار بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنى ھەر بىر ئوقۇغاندا كىشىگە يېڭى تۇيغۇ بېرىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي تەرجىمە جەريانى ئەسلىي ئەسەردىكى مەنە ئىزنى بويلاپ يېڭى مەنە ھاسىل قىلىش جەريانى بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەردىكى مەنە ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن قېزىپ چىقىلىپ، ئەسلىي ئەسەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى قايتىدىن نامايان قىلىنىپ، مەنە تۇيغۇسى مۇجەسسەملەشكەن تىل مۇھىتى ئاملى قايتىدىن ھاسىل قىلىنىدۇ. مانا بۇ ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدىكى ئۈنۈملۈك يولدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىي تەرجىمان ئەدەبىي تەرجىمىدىكى مەنىنى پىلانلاش بىلەن مەنىنى گەۋدىلەندۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى، تىل مۇھىتى بىلەن مەنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي ئانالىز قىلىپ ، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل تېپىپ چىقىپ ئەل سۆيۈپ ئوقۇيدىغان نادىر تەرجىمە ئەسىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشى كېرەك.

پايدىلانمىلار:


1. «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2013 ـ يىل

2. «ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى لۇغىتى»، بېيجىڭ سودا نەشرىياتى، 2012 ـ يىل (خەنزۇچە)

3. «خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، ئۇيغۇرچە ماقال ـ تەمسىللەر لۇغىتى» ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012 ـ يىل

4. ئارسلان ئابدۇللا، ئابدۇرېھىم راخمان، يارى ئەبەيدۇللا: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012 ـ يىل

5. جاۋشياۋبىڭ: «ئەدەبىي تەرجىمە توغرىسىدا» بېيجىڭ، خەلق نەشرىياتى، 2011 ـ يىل (خەنزۇچە)

6. چېن جيانىڭ: «تىل پەلسەپىسى» بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003 ـ يىل

7. گېگىل: «ئېستېتىكا»، جۇ گوڭچيەن تەرجىمە قىلغان، سودا نەشرىياتى، 1979 ـ يىل

8. چېن زوڭمىن: «لوگىكا ۋە تىلنىڭ ئىپادىلىنىشى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل (خەنزۇچە)

9. لى چى: «سىمانتىكا» شاڭخەي چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇش نەشرىياتى، 2005 ـ يىل (خەنزۇچە)

10. تاۋ دوڭفېڭ: «ئەدەبىيات نەزەرىيەسىدىكى ئاساسلىق مەسىلىلەر»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2004 ـ يىل (خەنزۇچە)

11. خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: «تىلشۇناسلىق»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008 ـ يىل

12. جىڭ خېيلىڭ: «ئەدەبىي تەرجىمەشۇناسلىق»، بېيجىڭ، ۋېنشىن نەشرىياتى، 2000 ـ يىل (خەنزۇچە)

13. چېڭ يوڭشېڭ: «تەسۋىرىي ئالاقە سۈپىتىدىكى تەرجىمەشۇناسلىق»، ئەنخۇي ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003 ـ يىل (خەنزۇچە)

14. چېن يۈنيۈ: «ئەدەبىيات شەرھشۇناسلىقى»، شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىل (خەنزۇچە)

15. ۋاڭ جېڭلوڭ: «ئەدەبىي مەنە تەتقىقاتى»، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 ـ يىل (خەنزۇچە)


**مۇھەررىر: ھەزرىتى ئەلى بارات**

# تەرجىمىدىكى چۈشىنىش ۋە ئىپادىلەش مەسىلىسى

مەدىنە سېيت

( مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى ماگىستىر ئاسپىرانتى 100081 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە نۆۋەتتىكى تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان «سادىق» لىقنى دەپ گەپنى قاتمال، پەلەپەتىش قىلىپ قويىدىغان، «راۋان» لىقنى دەپ مەنانى قاچۇرۇپ قويىدىغان، «سادىق بولۇش» بىلەن «راۋان بولۇش» نى ئۆزئارا زىتلەشتۈرۈپ قويىدىغان ئىللەت تەھلىل قىلىنىپ، بۇ ئىككى نۇقتىنىڭ بىر - بىرىگە قارشى كۆشەندىلەر ئەمەس، بەلكى بىر - بىرىنى تەقەززا ۋە شەرت قىلىدىغان ئورگانىك بىرلىك ئىكەنلىكى يورۇتۇپ بېرىلگەن.

**摘要**: 本文主要论述了目前翻译实践当中存在的一些问题，即过分追求对作品内容原意的“忠诚”(信)而忽视译文语句的通顺和逻辑的严密；过分追求译语句的“通顺”(达)而忽视原作品内容的准确转换，结果这两点之间产生矛盾。文中用三点来重新概括“信”与“达”并非彼此矛盾，而是互为条件并相制约的有机组合。

تەرجىمە — قايتا ئىجادىيەت دېمەكتۇر. تەرجىمە ئىككى تىلدا ئىپادىلەنگەن ئۇقۇملار ئارىسىدىكى كۆۋرۈك بولۇش سالاھىيىتىدە ئالدى بىلەن ئۆزگىنى ئۆزلەشتۈرىدۇ، يەنى بىر تىلدا ئىپادىلەنگەن ئۇقۇمنى باشقا بىر تىلدا يورۇتىدۇ. يەنە بىر نۇقتىدىن ئالغاندا، ئەسلىي تىلدىكى مەزمۇن تەرجىمىنى چەكلەيدۇ. يەنى تەرجىمان ئەسلىي ئەسەر ئاپتورىنىڭ تەپەككۇر دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. دېمەك، تەرجىمىدە يولۇققان قىيىن نۇقتىنى چوقۇم بۆسۈپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. تەرجىمىنىڭ ئىجادىيەتتىن قىيىن تۇرىدىغان يېرى دەل مۇشۇ. تەرجىمە توغرىلىق گەپ بولغاندا تەرجىمە پرىنسىپى ھەققىدە سۆز ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ.

تەرجىمە پرىنسىپى ئۈستىدە توختالغاندا ئالدى بىلەن جۇڭگو يېقىنقى زامان تەرەققىيپەرۋەر مۇتەپەككۇرى، كاتتا تەرجىمشۇناس يەن فۇ ئوتتۇرىغا قويغان «信达雅» (سادىق بولۇش، راۋان بولۇش، پاساھەتلىك بولۇش) پرىنسىپىنى تىلغا ئالىمىز. چۈنكى مەزكۇر پرىنسىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاز كەم بىر ئەسىردىن بۇيان ئۇ تەرجىمە خىزمىتىنىڭ مىزانى، تەرجىمىنىڭ سۈپىتىگە قويۇلغان ئۆلچەم ۋە تەرجىمە تەتقىقاتىنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلدى. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتمەي بولمايدۇكى، يەن فۇ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ئۈچ سۆزلۈك تەرجىمە پرىنسىپى ئىچىدىكى «雅»، يەنى «پاساھەتلىك بولۇش» پرىنسىپىدا خەنزۇلارنىڭ ئەينى زامانىدىكى كونا ئەدەبىي تىلى نەزەردە تۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن، زامانىمىزدىكى نۇرغۇن تەرجىمشۇناسلار خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە ئارىسىدا بولىدىغان تەرجىمىگە قانداقتۇر «سادىق بولۇش» بىلەن «راۋان بولۇش» نى تەتبىقلىسا بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئەمما تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە، بولۇپمۇ ئەدەبىي تەرجىمىدە پاساھەتلىك بولۇش يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئۈچ سۆزلۈك پرىنسىپ ئىچىدە ھەممىدىن مۇرەككەپ، چېتىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭرى، تەرجىماننىڭ ھەقىقىي ماھارىتىنى سىنايدىغان قىيىن پرىنسىپ، ھەتتا ئۇنى تەرجىمىدىكى تارماق سىستېما دېيىشكىمۇ بولىدۇ. شۇڭا بۇ ماقالىمىزدىكى قىسقىچە مۇلاھىزە پەقەت «سادىق بولۇش» بىلەن «راۋان بولۇش» ئۈستىدىلا بولىدۇ.

ئۇزاق تارىختا بولۇپ ئۆتكەن تالاش - تارتىشلارنى قويۇپ تۇرۇپ، دىيارىمىزدا تەرجىمە ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان يېقىنقى مەزگىلنى مىسالغا ئال-

ساقلا شۇ نەرسە مەلۇم بولىدۇكى، سادىق بولۇش، راۋان بولۇش، پاساھەتلىك بولۇش پىرىنسىپى خىلمۇ خىل نۇقتىلاردىن ئىزاھلاندى؛ بەزىدە تەرجىمىگە مۇكەممەل ئىلىم سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى كىم ئۆز خاھىشى ۋە مۇددىئاسى بويىچە نېمە دېسە بولۇۋېرىدىغان بىر تۈرلۈك «بوزەك» ۋە «يۇمشاقباش» ۋاسىتە سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىندى. بەزىدە ھەتتا: «تەرجىمە شۇنداق بولۇشى كېرەككى، بىر تىلدىن يەنە بىر تىلغا تەرجىمە قىلىنغان مەزمۇننى ئەسلىي تىلغا قايتۇرۇپ تەرجىمە قىلغاندا ھەتتا ئەسلىدىكى پەش ـ چېكىتلىرىمۇ ئۆز ئەينى چىقىشى كېرەك» دېگەندەك ئىلمىيلىككە يات «ئۆلچەم» لەر كېلىپ چىقتى. ئالايلۇق، «广大员工» دېگەن بىرىكمىنىڭ «كەڭ خادىملار» دەپ، «农民群众» دېگەن بىرىكمىنىڭ «دېھقانلار ئاممىسى» دەپ، «医务人员对我的肝脏进行认真治疗» دېگەن جۈملىنىڭ «تېببىي خادىملار جىگىرىمگە قارىتا ئەستايىدىل داۋالاش ئېلىپ باردى» دەپ تەرجىمە قىلىنىۋاتقانلىقى، «ئىجتىمائىي رايون» （社区）، «كىچىك رايون» （小区） دېگەندەك ئۇيغۇر تىلىنىڭ خاس ئادىتىگە مۇخالىپ بەزىبىر سۈنئىي ئىبارىلەرنىڭ ھەتتا دېھقانلارنىڭ ئاغزىغىمۇ رام بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئىلمىيلىككە خىلاپ، قاتمال «ئۆلچەم» لەرنىڭ ئاسارەتلىك تۇغۇندىلىرىدۇر.

**1. «سادىق بولۇش» بىلەن «راۋان بولۇش» نىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى ئېنىق چۈشىنىش**

«سادىق بولۇش» ـــ تەرجىمىدە ئەسلىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇسلۇبىنى توغرا ۋە تولۇق چىقىرىش دېگەنلىكتۇر. «راۋان بولۇش» ـــ تەرجىمىنىڭ تىلى چۈشىنىشلىك، راۋان، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىل ئادىتى ۋە ئىپادىلەش خاسلىقىغا چۈشكەن بولۇش دېگەنلىكتۇر. «سادىق بولۇش» بىلەن «راۋان بولۇش» قانداقتۇر زىددىيەتلىك ئۇقۇم بولماستىن، بەلكى بىر-بىرىنى شەرت ۋە تەقەززا قىلىدىغان ئورگانىك بىرىكمە. چۈنكى ئەسەرنىڭ ئەسلىي روھىنى توغرا ۋە تولۇق ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن تەرجىمىنى چوقۇم راۋان، چۈشىنىشلىك قىلىش كېرەك. يەنە بىر نۇقتىدىن ئالغاندا، راۋان قىلىش ئۈچۈن ئەسلىي تېكىستنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى ۋە ئۇسلۇبىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئۇنىڭغا قاتتىق ئەمەل قىلىش شەرتى بىلەن ئاندىن راۋان ئىپادىلەشكە تىرىشىش لازىم. راۋان بولمىغان تەرجىمىنىڭ ئەسلىي ئەسەرگە سادىق بولالىشى ناتايىن. چۈنكى تەرجىمە راۋان بولمىسا، ئۇنى ئوقۇغان ئادەم تەرجىماننىڭ زادى نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمايدۇ ـ دە، بۇنىڭ بىلەن تەرجىمىدە ئەسلىي ئەسەرنىڭ روھىنى يەنە بىر تىلدا تولۇق ئىپادىلەش مەقسىتىگە ھەرگىز يەتكىلى بولمايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، تەرجىمىنى راۋان قىلالماي تۇرۇپ «ئەسلىگە سادىق بولىمەن» دېيىش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن شۇنى بىلىش كېرەككى، تەرجىمىنى ئەسلىگە سادىق بولماي تۇرۇپمۇ ناھايىتى راۋان چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ. تەرجىمىدە روھ بىرلەمچى، شەكىل ئىككىلەمچى ئورۇندا تۇرىدۇ، شەكىل چوقۇم روھ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭا «سادىق» لىقتىن چەتنەپ كەتكەن «راۋانلىق» نىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق. بىز بايان قىلىۋاتقان «راۋانلىق» ـــ ئەسلىي ئەسەرنىڭ مەزمۇننى يادرو، ئاشۇ مەزمۇننى تولۇق چىقىرىشنى تۈپكى شەرت قىلغان راۋانلىق، يەنى سادىقلىق ئاساسىدا ۋۇجۇدقا چىقىدىغان راۋانلىقتۇر. «سادىق بولۇش» تەرجىمىنىڭ ئەسلىي ئەسەرگە شەكىل جەھەتتىن ئەمەس، بەلكى روھ، يەنى مەزمۇن جەھەتتىن ئوپئوخشاش چىقىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەزمۇن دېگىنىمىز ـــ ئەسەرنىڭ روھى ۋە ئىدىيەسىنى، شەكىل دېگىنىمىز ئاشۇ مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان سۆز، جۈملە ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. مەزمۇن بەلگىلىك شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، ئاشۇ شەكىل بولسا مەزمۇن ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭا تەرجىمىدە مەزمۇننى تولۇق ۋە توغرا چىقىرىش شەرتى بىلەن شەكىلگىمۇ ئىمكانقەدەر ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مەزمۇن بىلەن شەكىل ئارىسىدا زىددىيەت تۇغۇلۇپ، شەكىلنى ئۆزگەرتمىسە، مەزمۇننى توغرا ۋە تولۇق چىقىرىشقا تەسىر يېتىدىغان

ئەھۋالدا، شەكىلنى مەزمۇنغا بويسۇندۇرۇش شەرتى بىلەن شەكىلدىن ۋاز كېچىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، تۆۋەندىكى جۈملىدىنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى:

进一步加大清收力度，对不良资产进行妥善处置。

بۇنىڭدىكى «进一步»، «加大力度»، «对»، «行» «进» دېگەن تېرمىنلار خەنزۇ تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان شەكىل ئامىللىرىدۇر. لېكىن، بەزىدە «سادىقلىق» ئېھتىياجى بىلەن ئۇنداق شەكىل ئامىللىرىغا ئېسىلىۋالغاندا تەرجىمە «بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىقلاپ يىغىۋېلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، سۈپەتسىز مۇلۇكلەرگە قارىتا مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش ئېلىپ بېرىپ،...» دېگەنگە ئوخشاش ھەم چۈشىنىكسىز ھەم داڭقان پۈتى چىقىپ قالىدۇ - دە، مەزمۇننى ئەينەن ۋە تولۇق ئىپادىلەشكە نۇقسان يېتىدۇ، ھەتتا بەزى ھاللاردا مەزمۇن بۇرمىلىنىپ كېتىدۇ. بەزى تەرجىمە پېشىۋالىرىنىڭ «قۇللارچە سادىقلىقتىن ئاخىرى قۇللارچە ئاسىيلىق كېلىپ چىقىدۇ» دېگىنى دەل مۇشۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە ئەسلىدىكى شەكىلنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىپ، ئۇنى «ئېنىقلاپ يىغىۋېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سۈپەتسىز مۇلۇكلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ ...» دېگەندەك شەكىلدە راۋان ئىپادىلەش كېرەك.

### 2. ئەسلى ئەسەرنىڭ روھىي ماھىيىتىنى تولۇق ئىگىلەش

چۈشىنىش — تەرجىمىنىڭ بىرىنچى ھەم زۆرۈر قەدىمى. چۈنكى توغرا ۋە تولۇق چۈشەنگەندە توغرا ھەم تولۇق ئىپادىلەپ، «سادىق بولۇش» تىن ئېغىز ئاچقىلى بولىدۇ. خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە ئارىسىدىكى تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەرجىمان خەنزۇچىغا ئائىت ساۋات، ئىپادىلەش ئادىتى ۋە خەنزۇلارنىڭ تىل مەدەنىيىتىگە ئائىت بەزىبىر زۆرۈر ئۇقۇملارنى بىلىش بىلەن بىرگە، سۆزلەرنىڭ كونتېكستىكە كىرگەندىن كېيىنكى لۇغەت مەنىسىدىن باشقا مەنىلىرىنىمۇ چوقۇم ئىگىلىشى لازىم. ئەگەر بۇ شەرتنى ھازىرلىمىغاندا سۆز - ئىبارىلەرنىڭ كونتېكستتىكى مەزمۇنىنى تولۇق ئاڭقىرالماي، لۇغەت مەنىسىگىلا باغلىنىپ قالىدىغان گەپ. تېكستنى چالا - پۇلا چۈشىنىپلا قولغا قەلەم ئالغان تەرجىمان ھەربىر ئىبارىنىڭ مەنىسىنى چىقىرىشتا پەقەت لۇغەتتىكىلا باغلىنىپ قالىدۇ - دە، ئەركىن سۆز تاللاشقا جۈرئەت قىلالماي، ئاخىرى تېكست روھىنىڭ تولۇق ۋە توغرا ئىپادىلىنىشىگە نۇقسان يەتكۈزىدۇ. بەزى تەرجىمىلەرنىڭ سۆز - جۈملىلىرى يوچۇن، يا خەنزۇچىغا، يا ئۇيغۇرچىغا ئوخشىمايدىغان بولۇپ چىقىشى دەل شۇ ۋەجىدىندۇر. چۈشىنىش بىلەن ئىپادىلەش — بىر پۈتۈن تەرجىمە جەريانىنىڭ ئىككى مۇھىم ھالقىسى. ئۇلار بىر-بىرىگە سىڭىشكەن بولغاچقا، چۈشىنىش باسقۇچىدا ئىپادىلەشنىڭ بەزى ئامىللىرى شەكىللىنىدۇ، ئىپادىلەش جەريانىدا چۈشەنچە تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ. ئەسلىي ئەسەرنىڭ روھىي ماھىيىتىنى تولۇق ۋە توغرا چۈشەنگەن تەرجىمان ئىپادىلەشتە ئەركىن سۆز تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ - دە، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەرجىمىسى ھەم سادىق ھەم راۋان چىققان بولىدۇ.

### 3. ئىپادىلەش ماھارىتىنى تاۋلاش

چۈشىنىش — تەرجىمىنىڭ ئاساسى ۋە بىرىنچى قەدىمى. ئىپادىلەش — چۈشىنىشنىڭ راۋاجى، چوڭقۇرلىشىشى، پىشىشى ۋە ئەمەلدە كۆرسىتىلىشى. دۇرۇس، چۈشىنىش ھەممىدىن مۇھىم. ئەمما چۈشەنگەننى لايىقىدا ئىپادىلەش ئۇ باشقا گەپ. شۇڭا ئەسلىي ئەسەرنىڭ تىلىنى تولۇق چۈشەنگەن تەرجىماندا مول سۆز بايلىقى، ئۆز تىلىنىڭ ئىپادىلەش جەھەتتىكى نازۇك ئەۋزەللىكلىرىدىن پايدىلىنالايدىغان ماھارەت بولمىسا، ئۇنىڭ كاللىسىدىكى سۆز دېڭىزىدىن شۇ تەرجىمىگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان سۆزلەرنى مۇۋاپىق تاللاپ پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ - دە، تەرجىمىسى خاتا دېسە خاتا ئەمەس، ئەمما ئەسلىي مەنا تولۇق ۋە راۋان ئىپادىلەنمىگەن، يېقىمسىز بىر نېمىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئالايلۇق، ھازىر نۇرغۇن تەرجىمانلار ئىپادىلەشتە ئىبارىلەرنى ئاشۇ تېكستنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن لايىق

ۋە ئەركىن تاللاپ ئىشلەتمەي، ھە دېسىلا لۇغەتتە كۆرسىتىلگەن بىر نەچچە تۈپ مەنىسىگە ئېسىلىۋالىدۇ، شۇنداقلا ھەربىر خەنزۇچە خەتكە بىردىن ئۇيغۇرچە سۆزنى توغرىلىۋېلىپ، ئاشۇ خەنزۇچە خەتنىڭ قانداق يەردە، قانداق مەنىدە كېلىشى بىلەن كارى يوق، لۇغەتتىكى بىر نەچچە مەنىسى بىلەنلا ئىپادىلەشكە ئۇرۇنىدۇ. مىسالەن، نۇرغۇن تەرجىمانلار «社区»، «住宅区» دېگەن ئىبارىلەر ئۇچرىغان ھامان ئۇلارنىڭ «تور چوت (تور ئارقىلىق ھېسابلاش)»، «قورۇ»، «مەھەللە» دېگەن مەنىلىرىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، كونتېكستتا ماسلاشسۇن ــ ماسلاشمىسۇن قارا ــ قويۇق «ئولتۇراق رايونى»، «ئىجتىمائىي رايون» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. يەنە مىسالەن، «加大力度» نىڭ ھەرقانداق ئورۇندا «سالماقنى ئاشۇرۇش» دەپ ئېلىنىشى، «大» خېتىنى تەرجىمە قىلىشتا «چوڭ»، «زور» دېگەن مەنىلىرى بىلەن چەكلىنىپ قېلىش، «实事求是» دېگەن بىرىكمىنىڭ ئۇچرىغانلىكى يەردە «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» دېگەن كەلىمە بىلەنلا قارىغۇلارچە بىر تەرەپ قىلىۋېتىش بۇنىڭ تىپىك مىسال بولالايدۇ. بۇ دەل تەرجىماننىڭ ئاشۇ سۆز ۋە كەلىمىلەرنىڭ ئۆزى ئىشلىتىپ كۆنۈپ كەتكەن لۇغەتتىكى تۈپ مەنىسىدىن باشقا يەنە «كۆچەيتىش، كۈچ چىقىرىش، ئەھمىيەت بېرىش، زورايتىش ...»، «ئۇلۇغ، يېتۈك، كۆرۈنەرلىك، ناھايىتى ...»، «راستچىللىق، گەپنىڭ پوسكاللىسى، گەپنىڭ راستى، ئېنىق ...» دېگەن نۇرغۇن مەنىلىرىنىڭمۇ بار ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكىدە. تەرجىمان ياكى تەرجىمە تەھرىرى ئىپادىلەش ماھارىتىدە چېنىقىشقا سەل قاراپ ئۆزىنى تاۋلىمىسا، ئەسلىي ئەسەرنىڭ روھىي ماھىيىتىنى سۇدەك ئىچىۋالغان بىلەنمۇ ئۇنىڭ تەرجىمىسى ئۇيان ئايلىنىپ ــ بۇيان ئايلىنىپ بىر نەچچە سۆزنىلا تەكرارلايدىغان، باشقىلار چايناپ مەززىسىنى قويمىغان قاتمال جۈملە شەكىللىرىگىلا ئۆلۈك باغلىنىپ قالىدىغان، كونا قېلىپتىن نېرى كېتەلمەيدىغان، قىزىقى يوق يېقىمسىز بىر نېمىگە ئايلىنىپ قالىدۇ ــ دە، ئۇنداق تەرجىمىنى ھېچكىمنىڭ ئوقۇغۇسى كەلمەيدۇ. بىر قىسىم داڭلىق تەرجىمىشۇناسلارنىڭ «ئىلگىرى نۇرغۇن كىشىلەر خەنزۇچە بىلمەيتتى، لېكىن ئىشلىگەن ئەسەرلىرى ئادەمنى قىزىقتۇرالايدىغان يېتۈك تەرجىمانلار خېلى بار ئىدى؛ ھازىر ھەممە ئادەم خەنزۇچە بىلىدۇ ــ يۇ، لېكىن تەرجىمە ئەسەرلەر ھەم پۇچەك ھەم تەمسىزلىشىپ كەتتى» دەپ ئاغرىنىشلىرى ئاساسسىز ئەمەس. خەنزۇچىنى تولۇق چۈشىنىدىغان ئادەمنىڭ ھەممىسىنىڭلا ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەرجىمە قىلالىشى ناتايىن. چۈنكى تەرجىمىنى چۈشىنىش بىر گەپ، ئۇنى قانداق ئىپادىلەش جەھەتتىكى نازۇك ماھارەت ئۇ باشقا گەپ.

### 4. تەرجىمىدە دادىل بولۇش

بىر دوستۇمنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ مەلۇم بىر نەشرىياتقا يېڭىدىن خىزمەتكە كەلگەن چاغلىرىدا ئۇ يەردە پېشقەدەم تەرجىمە تەھرىرىدىن بىرى بار ئىكەندۇق. ھېلىقى دوستۇم تەرجىمە قىلغان بىر ئەسەرنى ئاشۇ تەھرىر تەھرىرلىمەكچى بوپتۇ. ئۇ كىشى دوستۇمنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، تەرجىمىنى خەنزۇچىغا قاراپمۇ قويماي ئوقۇپ تەھرىرلىگىلى تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن دوستۇم: «ئەسلىي ئەسەرنى كۆرمەي تۇرۇپ قانداق تەھرىرلەيسىز؟» دەپ سورىغانىكەن، ئۇ كىشى كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ: «بىر پارچە ئەسەرنى تەرجىمە قىلىپ بولغاندىن كېيىن خەنزۇچىسىنى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ، ئۆزىڭىزنى مەزكۇر ئەسەرنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلدىم، دەپ ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئۇيغۇر تىلىدا باشقىدىن يېزىپ چىقتىم، دەپ قىياس قىلىڭ، ئاندىن ئۇنى ئوقۇرمەن سۈپىتىدە ئوقۇپ چىقىڭ. شۇ چاغدىلا ئەسىرىڭىزدىكى سۆزلەر جايىدا تاللانمىغان، جۈملە مۇجمەل بولۇپ قالغان، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش خاسلىقىغا چۈشمىگەن نۇقسانلىق جايلىرىنى ئۇچرىتىسىز.»

بۇنىڭدىن شۇنى چۈشىنىش مۇمكىنكى، تەرجىمان بىرەر ئەسەرنى تەرجىمە قىلماقچى بولۇپ، ئۇنى ئوقۇپ تولۇقى بىلەن چۈشىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئەسەرنىڭ روھىي ماھىيىتىنى تولۇق ئىپادىلەشكە

خىزمەت قىلىدىغان سۆزلەرنى تاللاشتا لۇغەتكىلا باغلىنىپ قالماي، دادىللىق بىلەن ئىزدىنىشكە جۈرئەت قىلىشى لازىم. چۈنكى بەزى ئەسەرلەردىكى قىسمەن تېرمىنلارنىڭ كونتېكستتىكى مەنىسى لۇغەتتىكىگە يېقىنمۇ كەلمەيدۇ. ناۋادا ئۇنى لۇغەتتىكى ئاشۇ تۈپ مەنىسى بىلەنلا بىر تەرەپ قىلىۋەتكەندە ئاشۇ كەلىمىنىڭ كونتېكستتىكى مەنىسى تولۇق ئىپادىلەنمەي قالىدۇ، ھەتتا خاتا مەنا بېرىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەسلىي تېكستنى تولۇق چۈشىنىش ئاساسىدا، ئۇنى قانداق ئىپادىلەش ئۈستىدە دادىللىق بىلەن كاللا ئىشلىتىپ، ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ئىبارىلەرنى لۇغەت ياكى كېزىتتىنلا ئىزدىمەي، مۇھىمى تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن، خەلقنىڭ ئېغىز تىلىدىن ئىزدەش لازىم. مەسىلەن، خەلق تىلىدا «手扶拖拉机»نى «سوپەك»، «地龙薄膜» نى «يالتىراق»، «出租车» نى «تاكسى» دەپ ئاتايدىغان ئادەت بار. خەلق تىلىدىكى بۇ تېرمىنلارنى قىسقا، چۈشىنىشلىك، راۋان ئاتالغۇلار دېيىشكە بولىدۇ. تەرجىمىدە بىر قىيىن كەلىمىگە دۇچ كەلگەندە، ئۇنىڭ خەنزۇچە خەت مەنىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئاشۇ ئۇقۇمنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا، بولۇپمۇ خەلق تىلىدا نېمە دەپ ئىپادە قىلىدىغانلىقى ئۈستىدە ئويلىنىش كېرەك. ئەسلىي ئەسەرنىڭ سۆز-جۈملىلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىشقا، ھەربىر خەنزۇچە خەتنىڭ لۇغەت مەنىسىنى ئۇيغۇرچە لۇغەتتىكىسى بىلەن ئۇدۇللاپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. چۈنكى كونتېكستتىكى سۆزلەرنىڭ خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە لۇغەت مەنىلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇدۇللاپ قويغاندا تەرجىمە قاتمال، يېقىمسىز، ھەتتا چۈشىنىكسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئومۇمەن، تەرجىمىدە «سادىق بولۇش» بىلەن «راۋان بولۇش» بىر - بىرىنى چەتكە قاقىدىغان زىددىيەتلىك ئامىللار ئەمەس. ۋەھالەنكى، تەرجىمىدە «سادىق بولۇش» نى دەل ئەسەرنىڭ روھىي ماھىيىتىنى تولۇق ۋە توغرا ئىپادىلەشتە قارار تاپقۇزالايدىغان تەرجىمان «ئەسلىگە قايتۇرۇپ تەرجىمە قىلغاندا ھەتتا پەش - چېكىتىمۇ ئۆزگەرمەسلىك» تەك ئۇلۇك شەكىلنىڭ ئىسكەنجىسىدىن تامامەن قۇتۇلۇپ، مەنىنى ئۆزىدە بار ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىش ئارقىلىق توغرا ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. تەرجىمە قىلىشتىن مەقسەت — مەنىنى تولۇق يەتكۈزۈش. ھەربىر مىللەتنىڭ تىلى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇقۇملارنى ئىپادىلەش شەكلىمۇ پەرق قىلىدۇ. لېكىن، تەرجىمىدە بۇ خىل شەكىل چوقۇم مەنىنى تولۇق ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەككى، ئەسلىي ئەسەرنىڭ قۇرۇق شەكلىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىشنى ھەرگىزمۇ «سادىق بولۇش» دەپ چۈشىنىۋالماسلىق لازىم. چۈنكى تەرجىمىدىكى ھەرقانداق نۇقسان دەل ئاشۇنداق شەكىلۋازلىق، لۇغەتۋازلىق ۋە خەت قوغلىشىشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

مۇھەررىر: ھەزرىتى ئەلى بارات

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى ھەر قايسى جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ، جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ، توپ ۋە پارچە سېتىشنى ئۈرۈمچى «ئىزچىلار» كىتابخانىسى ئۈستىگە ئالىدۇ. كىتاب - ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ ئۈرۈمچى «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشنى سورايمىز.

ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرى: 0991 - 2850601

# ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىكا ساغلاملىق تەربىيەسى توغرىسىدا

مېھرىئاي تۇرسۇن

( شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ئىنستىتۇتى 830011)

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە 21 ـ ئەسىردىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەر ھەر خىل توسالغۇلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەندە، ئاندىن ساغلام ئۆسۈپ ـ يېتىلەيدىغانلىقى، تۇرمۇش ۋە خىزمەتلەردە مۇستەھكەم قەدەم بىلەن ئالغا باسالايدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

**摘要**: 本文讨论了青少年的心理健康问题引起了广泠争议 21 世已青少年的要努力排除困难、开拓前进、才能健康成长，生活和工作才会有更大进步等问题。

ئۆرۈق بىخلىنىپ ئۆسۈپ چىقىش ئۈچۈن چوقۇم تۇپراق ئاستىدىكى تىرمىششىنى باشتىن كەچۈرگەندىلا ئاندىن يەرنى يېرىپ چىقىپ تۇنجى يورۇقلۇقنى كۆرەلەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، توسالغۇلارنى يېڭىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈنمۇ يەنىلا جاپاغا چىداپ، قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەندىلا ئاندىن ئۇتۇق قازانغىلى بولىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. 21 ـ ئەسىردىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەر ھاياتلىق يولىدىكى ھەر خىل توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەندىلا ئاندىن ئۆگىنىش، خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا مۇستەھكەم قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ. ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە رىقابەت بارغانسېرى كەسكىنلەشمەكتە، ھەم بۇ خىل رىقابەت مەكتەپلەرگە قاراپ يۆتكەلمەكتە. گەرچە ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىك مەسىلىسى بارغانسېرى كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى تارتىش بىلەن بىرگە پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بىر كۈنلۈك جىددىي مەكتەپ ھاياتى ئاخىرلىشىپلا، ھارغىنلىق بىلەن ئۆيىگە قايتىپ تاماق يېيىشكە ئۈلگۈرمەيلا تاپشۇرۇق ئىشلەشكە باشلايدىغان، ھەممە ھەپتە ئاخىرىدىكى دەم ئېلىش كۈنلىرىدە چوڭلار ئائىلىدە خالىغانچە تېلېۋىزور كۆرۈپ دەم ئالسا، ئالدىراش ـ تېنەش چوڭلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن ھەر خىل تولۇقلىما تەكرارلاش سىنىپلىرىغا قاتنىشىش بىلەن ئۆتۈۋاتقان ئاشۇ سەبىي باللار بۇ خىل جىددىي ئۆگىنىش، تۇرمۇش بېسىمىنى كۆتۈرەلمەي، پسىخىكا ساغلاملىق جەھەتتە ھەرخىل مەسىلىلەر كېلىپ چىقماقتا.

## 1. ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىكا ساغلاملىق خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى

ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى ھالقىلىق مەزگىل بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ئوقۇغۇچىلار فىزىيولوگىيەلىك ھەم پسىخىكا جەھەتتە بىر قاتار مۇھىم ئۆزگىرىشلەرنى بېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ مەزگىلدە باللارنىڭ ئىجادچانلىقى كۈچلۈك بولغاچقا، تەربىيەنى قوبۇل قىلىشتىكى ئەڭ ياخشى ۋاقتى، ياخشى بولغان تەربىيە مۇھىتى — ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكا ساغلاملىقىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈشكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا ياخشى بولمىغان مۇھىت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى بولمىغان پسىخىك ساپاسىنىڭ ئاسانلا يېتىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ھەتتا تەرەققىي قىلىپ پسىخىكا كېسەللىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا پسىخىك

ساغلاملىق تەربىيەسىنى ئەستايىدىل كېڭەيتىپ، يامان تەسىرلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم، بۇ — ساغلاملىق تەربىيەسىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى.

ھازىر دۆلىتىمىزدە مەكتەپلەرنىڭ پسىخىك تەربىيە خىزمىتى يېڭىلا يولغا قويۇلغاچقا، بىر قىسىم قاراش جەھەتتىكى چەكلىمىلەر سەۋەبىدىن مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلار ھەم ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكا ساغلاملىقىغا بولغان ئەھمىيەت بېرىشى، ئۆگىنىش نەتىجىسىگە ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ دەرىجىسىگە ئىزچىل يېتەلمىدى. بەزىدە ھەتتا ئوقۇغۇچىلار نەتىجىسىنى دەپ پسىخىكا ساغلاملىقىنى ۋە جىسمانىي ساغلاملىقىنى قۇربان قىلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى. ئوقۇتقۇچىلار ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى ئوقۇغۇچىلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراش تۈپەيلىدىن، ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى ئوقۇغۇچىلاردا بىرخىل مەغرۇرلۇق ۋە تەكەببۇرلۇق ئىدىيەسى شەكىللىنىپ، ئۆگىنىش نەتىجىسى سەل ناچارراق ئوقۇغۇچىلارنى ئېيىبلەش، كەمسىتىش، باشقىچە ئېيتقاندا، «ناچارلىرى بەرىبىر ياخشى بولالمايدىغۇ» دەيدىغان قاراشلار كۆپىنچە ئەھۋاللاردا «ئۆگىنىشتە ناچار» ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى كەمسىتىش ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش پسىخىكىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. پسىخىكا ساغلاملىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ خىل قاراش ۋە ئۇسۇل دەرستە ياخشى ئوقۇغۇچى ۋە ناچار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىپ تەرەققىي قىلىشىغا زىيانلىق ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

تەكشۈرۈش ۋە ئىستاتىستىكا نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا ھەر خىل پسىخىكىلىق مەسىلىلەر ساقلانماقتا. مەسىلەن، ماسلىشىش جەريانىدا توسالغۇغا ئۇچراش، ئۆگىنىشتە قىيىنىلىش، ھېسسىيات جەھەتتە زەربىگە ئۇچراش، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلەردە چەكلىمىگە ئۇچراش، فىزىيولوگىيەلىك ئۆسۈپ - يېتىلىشتىكى قىيىنچىلىق، جىنسىيەت جەھەتتىكى ساغلام بولماسلىق، ئاتا - ئانىلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولۇش، ئىجتىمائىي مۇھىتقا ماسلىشىشتا قىيىنلىش، ياخشى بولمىغان ئادەتلەر قاتارلىقلار. پسىخىك ساغلاملىق تەربىيەسىنى ياخشى ئېلىپ بارغاندىلا پسىخىك مەسىلىسى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتكىلى، ساغلام گۈزەل بولغان كىشىلىك ھاياتنى ياراتقىلى بولىدۇ.

**2. ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىكا ساغلاملىق تەربىيەسىنى قانداق قانات يايدۇرۇش كېرەك**

پسىخىكا ساغلاملىق تەربىيەسى — پسىخىك پائالىيەت قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، ھەر خىل ئۇسۇل ۋە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ كىشىلەرنىڭ پسىخىكا ساغلاملىقىنى قوغداش ھەم ياخشى بولغان پسىخىك ساپاسىنى يېتىلدۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ مەزمۇندىن قارىغاندا، پسىخىكا ساغلاملىق تەربىيەسى، پسىخىك ساپاسىنى يېتىلدۈرۈش ۋە پسىخىكا ساغلاملىقىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پسىخىكا ساپاسىنى يېتىلدۈرۈش ئاساسلىقى كىشىلەردە ھەر خىل ياخشى بولغان پسىخىك ساپاسىنى تەربىيەلەش ۋە يېتىلدۈرۈپ چىقىش بولۇپ، ئۆگىنىش ۋە خىزمەتنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىغا ياردەم قىلىدۇ. پسىخىك ساغلاملىقىنى قوغداش، ئاساسلىقى كىشىلەردە نورمال بولغان پسىخىكىلىق ھالىتىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ساقلاپ قېلىش، ھەمدە جەمئىيەتكە ماسلىشىپ نورمال ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە تەرەققىي قىلىش، بۇ ئىككى ۋەزىپىنىڭ دەرىجىسى ئوخشىمايدۇ. پسىخىكا ساپاسىنى يېتىلدۈرۈش ئاساسلىقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يارامىلىق بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرسە، پسىخىكا ساغلاملىقىنى قوغداش بولسا ئاساسلىقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشى، ماسلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ساغلام تەربىيە مۇھىتى يارىتىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئادەتتە

خەتەرلىك ھالەتكە كىرىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پسخىكىلىق ھالەتنىڭ نورمال ئاكتىپلىقىنى ساقلاپ قېلىش، بۇ پسخىك ساغلاملىق تەربىيەسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسلىق نىشانى. بۇ ئاساسىي نىشانغا يېتىش بەك مۇھىم.

ساپا مائارىپىنى قانات يايدۇرۇپ ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ مۇۋاپىق بولغان تەربىيە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئىناق بولغان ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىق ۋە ئاتا - بالىلىق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش ھەمدە بۇ خىل ياخشى بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈكسىز داۋاملاشتۇرۇش، شۇنداقلا مەكتەپ پسىخىك ساغلاملىق خىزمىتىدە ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى بولغان پسخىك ساپاسىنى يېتىلدۈرۈش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسخىك ساغلاملىقىنى قوغداش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، پىلانلىق، مەقسەتلىك، باسقۇچلۇق پسخىكا ساغلاملىق تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسخىكا ساپاسىنى ئۈزۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش، پاسسىپ بولغان پسخىك ھالەتكە قارشى تۇرۇش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىپ، خاتا بولغان پسخىك ھالىتىدىن بالدۇرراق قايتۇرۇپ چىقىپ، ساغلام ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدىغان پسخىكىنى قانات يايدۇرۇشىغا ياردەم قىلىشىمىز كېرەك.

پسخىكا ساغلاملىق تەربىيەسىنىڭ نىشانىنى ياخشى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پسخىكا ساغلاملىق تەربىيەسىنى مەكتەپنىڭ ھەر تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە سىڭدۈرۈپ، كۆپ خىل يول ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. پسخىكا ساغلاملىق تەربىيەسىدىكى پسخىك مەسلىھەت بېرىش-پسخىكىلىق داۋالاشتىكى مەخسۇس يول، ئەمما پەقەت مۇشۇ مەخسۇس يولغىلا تايانغاندا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. پسخىكا ساغلاملىق تەربىيە خىزمىتىنى ئوقۇ - ئوقۇتۇشنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا سىڭدۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلار ئۆزىنىڭ دەرس مەزمۇنى ۋە ئۆگىنىش پائالىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس ھالدا پسخىك ساغلاملىق تەربىيەسىنى مەكتەپنىڭ ھەر تۈرلۈك خىزمەتلىرى، سىنىپ مەسئۇلى مەسئۇل بولۇش خىزمىتىنى كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە سىڭدۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، مەكتەپلەرنىڭ پسخىكا ساغلاملىق تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

**3. ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ پسخىكا ساغلاملىق تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار**

ئاساسىي پسخولوگىيە پىرىنسىپلىرىنى ئىگىلەش ھەم ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ پسخىك ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىش كېرەك. ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ پسخىك ئالاھىدىلىكى خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشىمىزنىڭ چىقىش نۇقتىسى، پسخولوگىيە پىرىنسىپى بولسا خىزمەتنى قانات يايدۇرۇش ئۇسلۇبىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ياش - ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى 11 - 12 ياشتىن 17 - 18 ياشقىچە بولغان مەزگىلنى، ئومۇمەن ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىنى كۆرسىتىدۇ. ياش - ئۆسمۈرلۈك شەخسنىڭ بالىلىقتىن پىشىپ يېتىلىپ تەرەققىي قىلىشتىكى ئۆتكۈنچى باسقۇچ، ھەمدە كىشىلىك ھاياتتىكى ۋاقتى ھەم ئەقلىي تەرەققىياتى ئەڭ تېز ۋاقىت بولۇپ، ئۇرغۇن زىددىيەتلەرگە تولغان باسقۇچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ياش - ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدە ياش - ئۆسمۈرلەردە فىزىيولوگىيە، پسخىكا، زېھنىي جەھەتتە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئۆزلۈك تەدرىجىي يېتىلىدۇ، ئەمما شەخسنىڭ يەنى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىق مەزگىلى كەيپىيات ۋە ھېسسىياتنىڭ ئۆزگىرىشى ئىنتايىن چوڭ بولغان مەزگىل بولۇپ، كەيپىيات بىلەن ھېسسىياتنىڭ ئىككى قۇتۇپلىشىشى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، بېكىنمىچىلىك ۋە ئوچۇقچىلىق. ياش - ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى چوڭلارغا بېكىنمە، ھەمراھلىرىغا ئوچۇق - يورۇق، ئەنئەنىنى ياقتۇرماي، يېڭىلىقنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسخىك مەسىلىسىنى ئوبيېكتىپ ئىلمىي پەرق ئېتىشىمىز كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسخىك مەسىلىسىنى پەرق ئەتكەندە ئىلمىي بولغان پسخىك ساغلاملىق ئۆلچىمى بىلەن ئوبيېكتىپ ئىلمىي بولغان پسخىك نورمالسىزلىقنى پەرق ئېتىش ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. بۇ پرىنسىپ بىلەن توغرا بولغان باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نورمال پسخىك ئالاھىدىلىكى ۋە تەرەققىيات ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى ئىگىلەش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر خىل ھەرىكەت ئىپادىلىرىگە توغرا قاراش لازىم. مەسىلەن، ھەرىكەتچان، دىققىتى ئاسان چېچىلىدىغان، ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارى تۆۋەن بولۇش ـــ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بولۇپمۇ تۆۋەن يىللىق باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ھەرىكەتچان بولۇشنى ئاددىيلا مەسىلە دەپ قارىماستىن، كۆپ ھەرىكەت قىلىش كېسىلى دەپ قاراش لازىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇغۇچىلارنى چوڭقۇر ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسخىك مەسىلىسىنى بايقاش، پەرق ئېتىش ـ پسخىك مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسخىك مەسىلىسىنى چوڭقۇر ئېنىق ئايرىش ۋە مۇئامىلە قىلىش، قالايمىقان سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئىشلىتىش، ئۆزى بىلگەنچە مۇھاكىمە قىلىدىغان ئەھۋاللارنى تۈگىتىش كېرەك. بەزى ئوقۇتقۇچىلار يېنىكلىك بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى «دۆت»، «غەيرىي»، «نورمالسىز» دەپ ئەيىبلەيدۇ. بۇ ئېنىقلا مەسئۇلىيەتسىزلىك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسخىك مەسىلىسىگە مۇئامىلە قىلىشتا ئالدىراپ ھۆكۈم چىقارماسلىقىمىز، ئەڭ ياخشىسى پسخىكا مۇتەخەسسىسلىرىگە دىئاگنوز قويدۇرۇشىمىز لازىم. ئەڭ ئاخىرىدا پەرق ئەتكەن ۋاقىتتا تۆۋەندىكى بىر قانچە خاتالىقنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك، ئادەتتىكى پسخىك توسالغۇغا ئۇچرىغاندا پسخىك توسالغۇ مەسىلىسى دەپ قاراش، ئاساسىي جەھەتتىن پسخىك توسالغۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان مەسىلىنى ـــ ئاساسىي جەھەتتىن ياكى پۈتۈنلەي فىزىيولوگىيەلىك ئامىل كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ قاراش، ئاساسلىقى ئوقۇتۇش نورمال بولماسلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان پسخىك مەسىلىنى ـــ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆزىدىكى ئامىللار ياكى باشقا ئىجتىمائىي ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ قاراش، شەخسىي ئەخلاق پەزىلىتى ياخشى بولماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان پسخىك توسالغۇنى ـــ ئەقلىي ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان پسخىك توسالغۇ دەپ قاراش قاتارلىقلار.

پسخىكا ساغلاملىق تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇمۇ بىر تۈرلۈك ئىلىم ـ پەن ۋە تەتقىقات خىزمىتى. بىز ئىلمىي بولغان پوزىتسىيەدە چىڭ تۇرۇپ پسخىكا تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ ھەم توغرا بولغان مائارىپ ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە پسخولوگىيە پرىنسىپى ۋە ئىلمىي بولغان ئۇسۇللارنى ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي مەسىلىسىنى چوڭقۇر ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن پسخىكا ساغلاملىق تەربىيەسىنى مەكتەپنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پىلانلىق ھالدا پسخىكا ساغلاملىق تەربىيەسىنى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. قارىغۇلارچە سېلىشتۇرماسلىق، بەك يۇقىرى ياكى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولمايدىغان نىشاننى تۈزمەسلىك كېرەك، بۇنداق بولغاندا پسخىكا ساغلاملىق تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا پايدىسىز، شۇڭا ئىلمىي بولغان مائارىپ قارىشىنى تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك.

مۇھەررىر: مەرۇپجان مەتمىن

# سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ توغرىسىدىكى بايانلاردىن ئۇنىڭ ياشاپ ئۆتكەن دەۋرىگە نەزەر

ئىسرائىل مۇتىللا

( ئۈرۈمچى كەسپى ئۇنىۋېرسىتېتى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى 830002 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى داڭلىق تەرجىمەشۇناسى، بۇددا ئۇستازى سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ھەققىدە توختىلىپ ئۆتۈلۈپ، سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەردىكى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك، چەت ئەللەردە ساقلىنىۋاتقان ۋە تەتقىق قىلىنىۋاتقان ماتېرىياللار ئاساسىدا ئۇ ياشىغان دەۋر ھەققىدىكى كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要**: 本文论述了古代维吾尔族著名翻译家、佛教大师僧古萨里的事迹。在僧古萨里所翻译的作品中，及国外所保存的材料和研究的基础上，他所生活的一些情况也展现了出来。

ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى تۇرپان رايونىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇپ چىققان قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋردە ياشاپ ئۆتكەن ۋە غەربىي يۇرت توغرىسىدا قىممەتلىك تارىخىي ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان تارىخچىلەرنىڭ ئىچىدە مەشھۇر تەرجىمان، تىل ئۇستىسى سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ تارىخ جەھەتتىكى تۆھپىسى مۇ ئالاھىدە بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردىكى تارىخچىلارنىڭ غەربىي يۇرتنىڭ، ھىندىستاننىڭ يەر - جاي ناملىرىنى، تىل - يېزىقى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئۇنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىدە بەرگەن ئۇچۇرلىرى، ئىزاھاتلىرى ناھايىتى قىممەتلىك ۋە مۇھىم روللارنى ئويناپ كەلمەكتە.

## 1. سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ توغرىسىدا قىسقىچە بايان

مەشھۇر تەرجىمان، تىل ئۇستىسى، تارىخچى سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ياشىغان دەۋرى ۋە ئېنىق ئىسمى توغرىسىدا ھازىر ھەرخىل كۆز قاراشلار مەۋجۇت. ئومۇملاشتۇرغاندا ئۇ قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىدە (850 ~ 1270) ياشاپ ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ياشاپ ئۆتكەن دەۋرىنى ئېنىقلاشتا ئۇ تەرجىمە قىلغان «ئالتۇن يارۇق» ۋە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسەرلەرگە كۆپرەك مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ زادى قاچان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشلار مەۋجۇت. گېرمانىيەلىك تۈركولوگ موللېر ئالتۇن يارۇقنىڭ تۇرپان نۇسخىسى بىلەن ۋېنشۇگۇ نۇسخىسىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق مىلادىيە 8 ـ ئەسىرلەردە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنرەك تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. ئا. ۋون گابائىن «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى بىر قىسىم ئۇچۇرلارغا ئاساسەن كېيىنكى تاڭ دەۋرىدە (923ـ936) تەرجىمە قىلىنغان، دەپ قارايدۇ. پىروفېسسور فېڭ جياشىڭ بولسا شىمالىي سۇڭ دەۋرىدە (690 ـ 1127) تەرجىمە قىلىنغان، دەپ قارىغان. رۇسىيەلىك رادلوف بىلەن مالوف بۇ ئەسەرنى 13 ـ 14 ئەسىرلەردە تەرجىمە قىلىنغان دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىدىكى گىراماتىكىلىق قائىدىلەر ۋە ئىشلەتكەن سۆزلەرنىڭ دەۋر خۇسۇسىيىتىگە قاراپ 8 ـ، 9 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنى يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ يىل ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوخشاشلىقىغا ئىگە، دەپ قارايدۇ. ھەمدە ئالتۇن يارۇقتىكى تىلىنىڭ 9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەردىكى پىشقان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. يۇقىرىقى كۆزقاراشلار ئىچىدە ئېتىراپ قىلىنىپ تەكىتلىنىۋاتقىنى 10 ـ ئەسىر ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن تەرجىمە قىلىنغان، دېگەندىن ئىبارەت.

سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ تەپسىلىي ھاياتى توغرۇ-

قامۇسچاق

لۇق تېخى ئىشەنچلىك، تولۇق ماتېرىيال يوق، ئۇنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق قالدۇرغان ئۇچۇرلىرى «ئالتۇن يارۇق» ۋە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن تەرجىمە ئەسەرلىرىدە ساقلىنىپ قالغان. 1908 - يىلى موللېر تەرجىمە قىلغان «ئالتۇن يارۇق» نىڭ 56 V.III T - نومۇرلۇق ۋارىقىنى، 1910 - يىلى مالوۋ تەرجىمە قىلغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن تېپىلغان نۇسخىسىنىڭ خاتىمىسىنى، گېباڭ شىمىن 1958 - يىلى تەرجىمە قىلغان «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ تۇرپاندىن تېپىلغان نۇسخىسىنىڭ 7-بۆلۈمىنى، تۈركىيەلىك شىناس تېكىن تەتقىق قىلغان 1965 - يىلى گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازمىلار ئىچىدىن سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان نوم ۋارىقىنى، 1985 - يىلى پىچاندىن تېپىلغان سىڭقۇ سەلى تەرجىمە قىلغان نوم ۋارىقىنىڭ نۇسخىسىنى كۆرگىنىمىزدە ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە «... بەشبالىقلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ... تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان ...» دېگەن قىممەتلىك ئۇچۇر ئۇچرايدۇ. بىز بۇ ئۇچۇر ئارقىلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يازلىق پايتەختى بەشبالىق شەھىرىدە ياشاپ ئۆتكەن شەخس ئىكەنلىكىنى، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ دېگەن ئۇنىڭ ئىسمى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بۇ توغرىسىدىمۇ ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار بار. دەسلەپكى ئىزدىنىش ماتېرىياللىرى ۋە خەنزۇچە مەنبەلەردە قالدۇرۇلغان قىسمەن خاتىرىلەردە «سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ئەسلى ئىسمى سىڭقۇ بولۇپ، سەلى ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى بولۇشى مۇمكىن» دېيىلگەن. تۇتۇڭ ئۇنىڭ راھىبلىق مەرتىۋىسىگە بېرىلگەن نام ئىكەن. يەنە بىر قىسىم ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، سىڭقۇ ئۇنىڭ ئۆز ئىسمى، سەلى تۇتۇڭ ئۇنىڭ راھىبلىق نامى ياكى راھىبلىق مەرتىۋىسىدۇر دېيىلگەن. يەنە بىر خىل كۆز قاراشتىكىلەر سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىماننىڭ دىنى نامىنىڭ تولۇق ئاتىلىشىدۇر، دەپ قارايدۇ. 1975 - يىلى گىئورگى خازاي سىڭقۇ سەلى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان «تەننى، كۆڭۈلنى كۆرمەك» ئاتلىق نومنىڭ 5 - ۋارىقىنى ئېلان قىلغاندا كۆرۈلگەن. «胜光法师» دېگەن خەنزۇچە خەتكە ئاساسەن «سىڭقۇ» ئىسىم بولماستىن، بەلكى دىنى لەقەم دەپ تونۇيدۇ. فرانسىيىلىك خاملتون «سەلى» نى سانسكرىتچە( arraca ئۇستاز) نىڭ خەنزۇچە قىسقارتىلغان ئاھاڭ تەرجىمىسى ① دەپ ھېسابلايدۇ. يۇقىرىقى قاراشلار سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ئۇنىڭ ئىسمى ياكى راھىبلىق ئەمەل نامى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ تۆھپىلىرى يەنىلا بىر ئۇلۇغ تەرجىمان، تىلشۇناس، تارىخچىنىڭ نامىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ تۇرماقتا. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ تەرجىمە پائالىيەتلىرى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىمۇ زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگىدۇر.

**2. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر ۋە مەلۇماتلار**

سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ زادى قايسى دەۋردە ياشىغانلىقى توغرىسىدىكى بايانلار ھەرخىل. ئەمەلىيەتتە ئۇ تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەرنىڭ تەخمىنى يىلى مۆلچەر قىلىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ياشىغان دەۋرىگە بېرىلگەن باھالار ئاساسى ئورنىدا تۇرۇۋاتىدۇ. موللېر: سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان «ئالتۇن يارۇق» نىڭ تۇرپان نۇسخىسى بىلەن سۇجۇ نۇسخىسىنى سېلىشتۇرۇپ، مىلادى 8 - ئەسىر ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ؛ ئا.ۋۇن گاباتىن: سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان «شۈەنزاڭ تەزكىرىسى» نى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق كېيىنكى تاڭ دەۋرى (923 — 936) تەرجىمە قىلىنغان دەپ قارايدۇ؛ فىڭ جياشىڭ: بۇ ئەسەر شىمالى سۇڭ دەۋرىدە (960 — 1127) تەرجىمە قىلغان دەپ قارايدۇ.

بۇلاردىن باشقا يەنە ئىلمىز ئالىملىرىدىن گىڭ شىمىن، ياپونىيەلىك خويافۇ، روسىيەلىك توگاشېۋا، مىنشكوۋ، تۈركىيەلىك شىناس تىكىن قاتارلىقلارمۇ تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، يەنىلا يۇقىرىقى ئەسەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ، ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى ۋە سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ياشىغان دەۋرىگە ھۆكۈم

چىقارغان. بۇ يەكۇنلەر ئاساسەن «ئالتۇن يارۇق» ۋە «شۋەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى تىل ۋە ئىسىم ئۆزگىرىشلەرنى ئاساس قىلىپ چىقىرىلغان.

ئالتۇن يارۇق: گېرمانىيەنىڭ 3 ـ قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى (1906 ـــ 1907) تۇرپان مورتۇقتىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق» نىڭ ئۇنچە ۋارىقىنى تېپىۋېلىپ ئېلىپ كەتكەن. 1910 ـ يىلى رۇسىيەلىك مالوف گەنجۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاڭ شىگۇ دېگەن كەنتىدىن «ئالتۇن يارۇق» نىڭ كاڭشىنىڭ 62 ـ يىلى (1687 ـ يىلى) غا تەۋە بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ياغاچ باسما نوسخىسىنىڭ 397 ۋارىقىنى ئېلىپ كەتكەن. گېرمانىيەلىك موللېر 1908 ـ يىلى تۇرپاندىن «ئالتۇن يارۇق» نىڭ بەزى نۇسخىلىرىنى ئېلىپ كېتىپ «ئالتۇن يارۇق» تىن پارچىلارنى ئېلان قىلغان. گېرمانىيەلىك فون لېكوك تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن ئالتۇن يارۇقنىڭ ئانچە تولۇق بولمىغان ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى ۋە سانسكرىتچە، تىبەتچە ۋە موڭغۇلچە، خەنزۇچە نۇسخىلىرىنى ئېلىپ كەتكەن.

شۋەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى: 1930 ـ يىلى چىڭخۇا داشۆسىنىڭ پىروفېسسورى يۈەن فۇلى ئۈرۈمچىدە بىر سودىگەردىن مەزكۇر كىتابنىڭ بىر قىسمىنى يەنى 242 ۋارىقىنى سېتىۋالغان. يوسۇف خاكىن يەنى سەككىز ۋارىقىنى سېتىۋېلىپ گابائىن خانىمغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. فىرانسىيەنىڭ «گۇيمېت مۇزېخانىسى» پ . فىللىوتىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بىر سودىگەردىن 123 ۋاراق كېلىدىغان قىسمىنى سېتىۋالغان.

بۇ ئىككى ئەسەر 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىدە چەت ئەللەرگە ئېلىپ كېتىلگەن بولۇپ، تېپىلغان دائىرىلىرى تۇرپان، گەنسۇ قاتارلىق كەڭ جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇبھىسىزكى، بۇ ئىككى ئەسەر ھەرگىزمۇ سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان تۇنجى نۇسخا ئەمەس. ئەينى دەۋر تۇرپان رايونىدىكى گۈللەنگەن بۇددا دىنى مەدەنىيىتىدە كىتاب كۆچۈرۈش، نوملارنى بېسىش ۋە تارقىتىش ئىنتايىن ساۋابلىق ئىش دەپ قارىلىدىغان بولغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەر بۇددا نوملىرىنى ۋە باشقا بۇددا نوملىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەرنى كۆپلەپ كۆچەرتىپ بۇددا دىنىغا بولغان ئىخلاسىنى ئىپادىلىگەن. نەچچە يۈز يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزگىرىش ياساۋاتقان تىل ۋە باشقا قىسمەن ئامىللارنىڭ تەسىرىدە بۇ ئىككى ئەسەر كۆچۈرۈلگۈچىلەر تەرىپىدىن ئۆز دەۋرىدىكى تىل بويىچە كۆچۈرۈلۈپ، ئەسلىي نۇسخا ۋە ئەسلىي مەزمۇندىن ئاز ـ تولا چەتنىشى تەبىئىي ئەھۋال. «ئالتۇن يارۇق» نىڭ نۇسخىلىرىنىڭ شۇنچە كۆپ بولۇشى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ، مۇشۇنداق ئەھۋالدا سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان تۇنجى نۇسخا ياكى شۇ دەۋردىن قالغان بىرەر نۇسخا بولمىغان ئەھۋالدا، كېيىنكىلەر تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىدىكى ئەكس ئەتكەن تىل ۋە باشقا ئالاھىدىلىكىنى تۇتقا قىلىپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى ياكى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ياشىغان دەۋرىگە ھۆكۈم قىلىش بىر تەرەپلىمە قاراشلاردىن خالىي ئەمەس. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ زادى قايسى دەۋردە ياشاپ ئۆتكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتا ئۇ توغرۇلۇق يېزىپ قالدۇرغان بايانلارغا ئاساسەن ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىش زۆرۈر.

يۇقىرىقى ئەسەرلەر ئىچىدە سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ توغرۇلۇق بايانلار ئوخشاش بولمىغان جايلادا بولۇپ، ئەسەرلەرنىڭ خاتىمىسى، بابلارنىڭ ئاخىرى، ھەتتا مەزمۇنى ئاخىرلاشمىغان بىر قىسىم بەتلىرىدە تىلغا ئېلىنغان. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇلارمۇ سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ توغرۇلۇق مەنبەلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىلا بولۇپ، يەنە نۇرغۇن ماتېرىياللاردا سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ توغۇرلۇق ئوخشاش مەزمۇندىكى ماتېرىياللار خاتىرىلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ بايانلارنى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ئۆزى قالدۇرۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس. بەلكى دەسلەپكى نۇسخا ئاساسىدا سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ھاياتى بىلەن پىششىق تونۇش كىشلەر، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ شاگىرتلىرى ۋە كىتاب كۆچۈرگۈچىلەر تەرىپىدىن ئەسلىدىكى

ياكى كونا نۇسقىدىن كۆچۈرۈلگەن بايانلاردىن ئىبارەت، كېيىنكى دەۋرلەردە مەزكۇر ئەسەرنى كۆچۈرگۈچىلەر دەسلەپكى بايانغا ئاساسەن ئۆزلىرى كۆچۈرگەن ئەسەرلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان جايلىرىغا قىستۇرۇپ، بۇ ئۇلۇغ تەرجىماننى ياد ئېتىپ كەلگەن.

### 3. سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار

سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارئۇ تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەردە قىستۇرما شەكلىدە بايان قىلىنغان. بۇلار تۇرپاندىن 1907 ـ، 1906 ـ يىللىرى ئېلىپ كېتىلگەن «ئالتۇن يارۇق» نىڭ ئۈنچە ۋارىقى ئىچىدىكى TIII. V. 65 ـ نومۇرلۇق ۋاراقىدا ۋە مالوۋ 1910 ـ يىلى گەنجۇدىكى ۋاڭ شىگۇدىن ئېلىپ كەتكەن «ئالتۇن يارۇق» نىڭ خاتىمىسىدە تىلغا ئېلىنغان. تۆۋەندە سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان «ئالتۇن يارۇق» تىكى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بايانلار: «يەنە قۇتلۇغ شەرقتىن ئۇلۇغ تاۋغاچ ئېلىدە، ماھايانا، ھىنايانا (مەزھەپىنىڭ) بارلىق شاستىرلىرىنى ھەممە نوملىرىنى پۇتونلەي ئۆزلەشتۈرگەن بۇدساتۋا گىتسو سامىتسو ئاتلىق ئۇستاز ئەنەتكەك تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان؛ يەنە بۇ بەش (تۇرلۇك) پاسكىنىچىلىق كېلىپ بولغانغان ياۋۇز زاماندا ،كېيىن ئىلىملىك بولغان بېشبالىقلىق سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ خەنزۇ تىلىدىن تۈرك، ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئالتۇن رەڭلىك نۇرلۇق ـ يالتىراقلىق ھەممىدىن ئۇستۇن تۇرىدىغان نوم پادىشاھى ئاتلىق نوم پۈتۈك تاماملاندى.»

يۇقىرىقى بايانلار سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ قايسى دەۋردە ياشىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىسپات. بۇنىڭدا ئېنىق، كونكرېت ۋاقىت بولمىسىمۇ، بىرقانچە جۈملە سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ياشىغان دەۋرگە ھۆكۈم چىقىرىشتا قىممەتلىك يىپ ئۇچى بولالايدۇ. بولۇپمۇ ئەڭ دىققەتنى تارتىدىغىنى «. . . بەش خىل پاسكىنىچىلىق قىلىپ بولغانغان قەبىھ زاماندا ياشىغان ...» دېگەن بۇ جۈملە سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تىلغا ئېلىنغان باشقا ئەسەرلەردە يوق. بۇ جۈملە سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ياشىغان دەۋرگە ھۆكۈم چىقىرىشتىكى ئەڭ مۇھىم يىپ ئۇچىدىن ئىبارەت. بەش خىل پاسكىنىچىلىق نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ بەش خىل پاسكىنىچىلىق قىلىپ بولغانغان قەبىھ زامان زادى قايسى ۋاقىت؟

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان بەش خىل پاسكىنىچىلىق بۇددا دىنىدىكى بەش خىل پەرھىزنىڭ بۇزۇلۇشىغا قارىتا دارىتمىلاپ ئېيتىلغان سۆز بولۇشى مۇمكىن. بىز بۇ سۆزدىن بۇددا دىنى تەلىماتلىرى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، نىسپىي تىنچ بولغان قوچۇغا نىسبەتەن سىرتتىن كەلگەن ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تەسىر سەۋەبىدىن كۆرۈلگەن داۋالغۇش ۋە بۇددا دىنى ئۇچرىغان كۈچلۈك خىرىس قىلىنغان ئەھۋالىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز. سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ياشىغان دەۋردە بۇ بەش پەرھىز ئىلگىرىدىكى دەۋرلەرگە قارىغاندا، ئەمەل قىلىپ بولغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بۇزۇلغان. بۇزۇلمىغان دەرىجىدىمۇ ئېغىر خىرىسقا ۋە باشقا تۇرلۇك توسالغۇلارغا يولۇققان، بىر سادىق بۇددا مۇخلىسىنىڭ ئۆز ئېتىقادىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ جەمئىيەتكە باھا بەرمەكى، ئۆز نارازىلىقى ۋە كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلىمەكى تەبىئىيلا بولۇپ، يۇقىرىقى بىر جۈملە بايان سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل قوچۇنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى تارىخىنى ئىنتايىن زىل ھالەتتە بايان قىلىنىشىدۇر.

سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ توغرىسىدىكى يەنە بىر بايانلار شۇكى «... كېيىن ئىلىملىك بولغان بېشبالىقلىق سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ...» بۇ بايان «ئالتۇن يارۇق» ۋە بىر قىسىم نوم پارچىلىرىدا ئۇچرايدۇ. «... بېشبالىقلىق سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ...» دېگەن ناھايىتى ئىشەنچ ۋە پەخىرلىنىش ھېسسىياتىنى نامايان قىلىدىغان بۇ جۈملە سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ئەجدادلىرىنىڭمۇ بېشبالىقتا ياشاپ ئۆتكەن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

### 4. قوچۇ خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار بىلەن سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ توغرۇلۇق بايانلارنى سېلىشتۇرۇش

قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى تەخمىنەن 850 ـ يىلدىن 1278 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان خانلىق بو-

لوپ، تاشقى جەھەتتە ئېغىر بېسىم ۋە داۋالغۇشقا ئۇچرىغان دەۋرنى تەخمىنەن تۆت دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرىنچى دەۋرى، يەنى 840 ــ يىلدىن 880 ــ يىللارغىچە بولغان خانلىقنىڭ قۇرۇلۇشى، تىبەتلەر ۋە قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇپ خانلىقنى مۇستەھكەملىگەن دەۋرى؛ ئىككىنچى دەۋرى تەخمىنەن 950 ــ يىلدىن كېيىن باشلانغان قاراخانىيلارنىڭ ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىش مەقسىتىدىكى قوچۇ بىلەن ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى قوچۇغا داۋالغۇش ئېلىپ كەلگەن دەۋرى؛ ئۈچىنچى قېتىم قوچۇ خانلىقى ئۇچرىغان بېسىم قىتانلاردىن كەلگەن بولۇپ، 1130 ــ يىللاردىن 1218 ــ يىلغىچە داۋاملاشقان دەۋرى؛ تۆتىنچى دەۋر بولسا چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى ئارىسىدىكى ماجىرالاردىن كەلگەن بولۇپ، بۇ خىل بېسىم ئىدىقۇت خانلىقىنى قوچۇدىن گەنسۇغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇش بىلەن خۇلاسىلەنگەن دەۋرى. چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ 1260 ــ يىللاردىن كېيىنكى تەخت ماجىرالىرى قوچۇ خانلىقىغا كۆچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن، قوچۇ خانلىقىنىڭ غۇلاپ چۈشۈشىگە سەۋەب بولغان بولسىمۇ، قوچۇ خانلىقىنىڭ بۇ تارىخى دەۋرنى سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ توغرۇلۇق خاتىرە قالدۇرۇلغان «... بەش تۇرلۇك پاسكىنىچىلىق بىلەن بۇلغانغان قەبىھ ياۋۇز زاماندا ياشىغان ...» دېگەن ئۇچۇر بىلەن بۇ دەۋر دېيەلمەيمىز.

بىرىنچى قېتىملىق داۋالغۇشنىڭ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا ئېلىپ كەلگەن بېسىمى كۆپ ئەمەس بولۇپ، بۇ كۈرەش ئارقىلىق قوچۇ خانلىقى ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىگەن. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئۇچرىغان ئىككىنچى قېتىملىق داۋالغۇشى قاراخانىيلارنىڭ زېمىن كېڭەيمىلىكى ۋە دىن تارقىتىش يولىدا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا قارىتا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى بىلەن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، 10 ــ ئەسىرنىڭ 50 ــ يىللىرىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا سۇلتان سوتۇق بۇغراخان قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا قاراشلىق كۇچا، كورلا قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالغان. ئەمما، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ناھايىتى زور كۈچ بىلەن قارشى تۇرۇپ قاراخانىيلار قوشۇنىنى قارا شەھەردىن شەرققە ئۆتكۈزمىگەن.② ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دەۋر فىڭ جىيا شىڭ ئەپەندىنىڭ سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ياشىغان دەۋرى توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرى 1127 ــ960 ــ يىللىرىغا توغرا كەلمىدۇ. ئەمما تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قاراخانىيلار قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى، سىياسىي تۈزۈملىرى، دىنىي ئېتىقادى، ياشاش شەكلى، ئۆرپ ــ ئادەتلىرىگە قىلچە قول تەگكۈزمەي، ئۇلارنىڭ توختام بويىچە تاپشۇرىدىغان باج ــ سېلىقىغىلا قانائەتلىنەندى، ③ تۇرپاندىن تېپىلغان بىر قىسىم يازما ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا قاراخانىيلارنىڭ ھۇجۇملىرى قوچۇ خانلىقىنىڭ ئىقتىسادى، سىياسى ۋە جەمئىيەت تۈزۈلمىسىگە ھېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمىگەن بولۇپ، بۇ دەۋرگە مۇناسىۋەتلىك يازما ھۆججەت قوچۇ خانلىقىنىڭ گۈللەنگەن بىر دەۋردە تورۇۋاتقانلىقى ناھايىتى ئېنىق گەۋدىلەنگەن. بۇ دەۋردىكى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىدىن ئۇچۇر بېرىدىغان يازما يادىكارلىقلار يەنە خەنزۇچە مەنبەلەردىمۇ بار بولۇپ، ۋاڭ يەندىنىڭ «ئۇيغۇر قوچۇ ئېلىگە سەپەر» دېگەن ئەسىرىدە: «بۇ يەردە كەمبەغەل ئىنسان يوق. ئۇلار ئېھتىياجى بارلارغا يېمەك ــ ئىچمەك ياردەم قىلىدىكەن. ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەن. ئومۇمەن يۈز ياشتىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرىدىكەن. ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى ئۇچرىتىش ھېچ مۇمكىن ئەمەسكەن» ④ دېگەن بايانلار بار. ۋاڭ يەندى قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىگە مىلادى 981 ــ يىلى بارغان، ئۇنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا قوچۇ ئېلى گۈللەپ ياشنىغان بىر دەۋردە تورۇۋاتقان بولۇپ، سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ مۇشۇ دەۋردە ياشىغان بولسا، «... بەش تۇرلۈك پاسكىنىچىلىق كېلىپ بۇلغانغان قەبىھ زاماندا ياشىغان» دېگەندەك بايانلار ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولاتتى.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۈچىنچى قېتىم داۋالغۇشتا توغرا كەلگەن دەۋرى 1125 ــ يىلدىن كېيىنكى قارا قىتانلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆز خانلىقىنى تىكلەپ، ئۆز ئەتراپىدىكى ئەللەرگە قارىـ

تا ئېلىپ بارغان ھەربىي ھەرىكەتلىرى خېلى مەز-
گىل داۋاملاشقان، جۇملىدىن قوچو ئۇيغۇر خانلىقى-
مۇ قاراقىتان خانلىقى ئاغزىغا قارايدىغان بولۇپ قال-
غان چاغ ئىدى. ئەمما بېشبالىق قاتارلىق قوچو ئۇي-
غۇرخانلىقى تېررىتورىيەسى قاراقىتانلارنىڭ بىۋا-
سىتە دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقى توغرۇلۇق مە-
لۇمات يوق. شۇ سەۋەبتىن، سېكىز سەلى توغرۇلۇق
يۇقىرىقى بايانلارنى بۇ دەۋر بىلەن باغلاپ چۈشەندۇ-
رۈشكىمۇ ئامالسىزمىز.

سېكىز سەلى تۇتۇڭنىڭ ياشىغان دەۋرىگە ھۆكۈم
قىلىشتا پايدىلىنىشقا تېگىشلىك يەنە بىر بايان
1985 - يىلى پىچاندىن تېپىلغان ئون ئۈچ پارچە
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئىچىدىكى سېكىز سەلى تۇ-
تۇڭ تەرجىمە قىلغان نوم ۋارىقى بار. «بارلىق شاس-
تىرلارنى ھەممە نوملارنى ئۈزلەشتۈرگەن چەكسىز
بىلىش- ئوقۇشتا يۇقىرى قابىلىيەتكە ئېرىشكەن
بۇدساتۋا تايتۇ سامتسۇ ئاتلىق ئۇستاز، ئەنەتكەك
تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان. خەنزۇ تى-
لىدىن يەنە كېيىن ئوقۇمۇشلۇق بولغان بېشبالىقلىق
سېكىز سەلى تۇتۇڭ تەڭرىكەن تۈزمىش توغرىل
تەڭرى ... تەلىپىگە ئاساسەن تۈرك، ئۇيغۇر تىلىغا
تەرجىمە قىلدى (ئاسمان بىلەن زېمىندا سەككىز
تۈرلۈك يورۇغان - يالتىرىغان مۇقەددەس دارنى تەق-
ۋىپ ئاتلىق سۇترا نوم پۈتۈك)»

يۇقىرىقى «... سېكىز سەلى تۇتۇڭ تەڭرىكەن تۈز-
مىش توغرىل تېكىن تەڭرى .... تەلىپىگە ئاسا-
سەن...» دېگەن بايانىدىكى تەڭرى ئاتالغۇسى مۇھىم
بولۇپ، قوچو ئۇيغۇر خانلىرى ئاساسەن ئىدىقۇت نا-
مىنى كۆپ قوللانغان. ۋاڭ يەندىنىڭ مەلۇماتىغا قا-
رىغاندا 981 - يىلدىن كېيىن قوچو خانلىرى
ئارسلانخان دەپ ئاتالغان. تەڭرى سۆزى ئارقىسىدىكى
بوش چېكىتلىك يەرنىڭ ئورنىنى پەقەت قاغان ئاتال-
غۇسى بىلەن تولۇقلاپ، يەنى «تەڭرىكەن تۈزمىش
توغرىل تېكىن تەڭرى قاغان...» دېيىلگەن بولسا
توغرا بولىدىغاندەك قىلىدۇ. قوچو خانلىرىنىڭ ئى-
چىدە قاغان دەپ ئاتالغانلىرىدىن بىرىگە مەلۇم بول-
غىنى پان تېكىن بىلەن بۆكۈگۈن ئىككىسى بولۇپ،
تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنزاڭ خانى لى چېن سەلتەنە-
تىنىڭ 10 - يىلى يەنى 856 - يىلىدىكى «ئۇيغۇر
خانىغا ئۇتۇغات ھەدىيە قىلىش يارلىقى» دا پان تې-
كىنگە «تەڭرىدىن بولمىش كۈچلۈك بىلگە قاغان»
دېگەن نامنى ھەدىيە قىلغان. ئەمما بۇ ئەمەلگە ئاش-
مىغان. بۇ توغرىسىدا «ۋاڭ دۈنجاڭ قاتارلىقلار قو-
رۇلىدىن چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا قارا ھارۋىلىقلار
يولنى توسۇۋالغانلىقى سەۋەبلىك يېنىپ كەلدى⑤
دېگەن بايان چۈشەنچە بېرىدۇ. پان تېكىن ئۆزىنى
قاغان دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن تاكى ۋاڭ يەندى
981 - يىلى قوچو ئۇيغۇر ئېلىگە ئەلچىلىككە
كېلىپ، قوچو خانلىرىنىڭ نامىنىڭ ئارسلانخان دەپ
ئاتىلىشىغا باشلانغانلىقىدىن ئۇچۇر بەرگۈچە بولغان
ئارىلىق قوچو خانلىرىنىڭ ئىدىقۇت، ئارسلانخان
ناملىرىنى قوللىنىپ، قاغان ئاتالغۇسىنىڭ بۇرۇن-
قىدەك كۈچلۈك ئەمەسلىكىنى ۋاستىلىك ھالدا
بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ.

سېكىز سەلى تۇتۇڭ توغرىسىدىكى بايانلار ئارى-
سىدىكى سېكىز سەلى تۇتۇڭغا نوم تەرجىمە قىلىشنى
تەلەپ قىلغان تەڭرىكەن تۈزمىش توغرۇل تېكىن
زادى قاچان ياشىغان كىشى، ئۇ كىم دېگەن بۇ مە-
سىلىگە كۆرە ئېنىق ئىزاھات ۋە جاۋاب يوق بولسى-
مۇ، بۇ كىشىنىڭ تەڭرىكەن دەپ ئاتالغىنىغا نىسبە-
تەن ئورقۇن خانلىقى ۋە ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرلىرى-
دىكى تەڭرى ئاتالغۇسىنى قوللانغان قاغانلار ۋە تەڭ-
رى سۆزىنىڭ بۇ خاندانلىقلاردا مەرتىۋە نامى بو-
لۇشقا باشلىغان ۋە ئاخىرلاشقان دەۋر بىلەن سې-
لىشتۇرۇپ بېقىشقا، يەنە بۇنىڭغا سېكىز سەلى تۇتۇڭ
توغرۇلۇق تىلغا ئېلىنغان مۇناسىۋەتلىك دەلىل -
ئىسپاتلارنى تولۇقلاش ئارقىلىق سېكىز سەلى تۇ-
تۇڭنىڭ ياشىغان دەۋرىگە ھۆكۈم چىقىرىشتا پايدى-
لىنىشقا بولىدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇيغۇر قاغانلىرى
ئارىسىدا تۇنجى قېتىم تەڭرى قاغان دەپ ئاتالغىنى
مۇيۇنچۇر قاغاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى بىلگ تارخان
(毗加可汗) بولۇپ، بۇ جۇڭگو مەنبەلىرىدە ئىدىگەن
مۇيۇي قاغان (移地健牟羽可汗) دەپ كۆرسىتىل-
گەن. ⑥ قوچو ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدە تەڭرى قا-

غان دەپ ئاتالغانلىرى ۋە ئۇنۋان ئالغانلىرى پان تەكىن بىلەن بۆگۈگون بولۇپ، ئۇلاردىن كېيىنكىلەرى ئاساسەن ئىدىقۇت دەپ ئاتالغان. بۇ خانلىق تەۋەسىدە تەڭرى قاغان دەپ ئاتىلىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەۋرى تەخمىنەن 980 ـ يىللار بولۇپ، بۇنىڭغا ۋاڭ يەندىنىڭ قوچۇ خانلىرىنىڭ ئارسلان دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى خاتىرە قالدۇرۇپ قويۇشى دەلىل بولالايدۇ.

سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ كىم ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى بايانلارنىڭ يەنە بىرى گېرمانىيەنىڭ مايىنىز شەھىرىدە ساقلىنىۋاتقان قولىيازمىلار ئىچىدە سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان نومنىڭ بىر ۋارىقىلا ساقلانغان. بۇ قولىيازمىلار ئارىسىدىكى بىر مەزمۇننى 1955 ـ يىلى توركىيەلىك شىناس تىكىن تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان: «يەنە قۇتلۇق تاۋغاچ ئېلىدە... ئاتلىق ئىبادەتخانىدىكى ئۈچ غەزىنىلىك نومنى ئۆزلەشتۇرگەن...سامتىسۇ (ئۈچ غەزىنىلىك) ئاتلىق ئۇستاز سانسكرىت تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان. يەنە مەدھىيلەنگەن ئون ئۇيغۇر ئېلىدە كېيىن ئوقۇمۇشلۇق بولغان بېشبالىقلىق سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ خەنزۇ تىلىدىن ئىككىنچىلەپ تۇرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان مىڭ كۆزلۈك مىڭ قوللۇق ئاۋالوكېتېشۋارا بودساتۋانىڭ قىلمىش... بىلەن ئۇختۇرۇپ نوملىماق ئاتلىق ئۈچىنچى جىلد تۈگىدى.»

بۇ ئۇچۇردا باشقا ئۇچۇرلاردىن پەرقلىق ھالدا سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ توغرۇلۇق «ئون ئۇيغۇر ئېلىدە كېيىن ئوقۇمۇشلۇق بولغان» دېيىلگەن بايانلار بار. بۇ ئون ئۇيغۇر ئېلىدە زادى قەيەرنى كۆرسىتىدۇ، ئۇيغۇر قايسى دەۋردىن باشلاپ ئون ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان دېگەن سوئاللارنىڭ جاۋابى سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ياشىغان دەۋرگە ھۆكۈم چىقىرىشتا پايدىلىنىش رولىنى ئۆتەيدۇ. ئون ئۇيغۇر ئېلىدە دېگەن بۇ ئوقۇم ئەڭ ئاۋۋال تۇرك، رونىك يېزىقىدا پۈتۈلگەن باياغۇر قاغان مەڭگۈ تېشىدا كۆرۈلىدۇ، يەنى «تەڭرىدىن بولغان ئەل ئەتمىش بىلگە خاقان .... تولىس .... ئۆتۈكەن ئەتراپى ئېلى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرىدىكەن. سۈيى سېلىنگا (دەرياسى) ئىكەن. ئۇ يەردە... ئېلى ئەركىن ياشايدىكەن .... سۇ ... ئۇ يەردە قالغان خەلق ـ ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز ئۈستىدە يۈز يىل ئولتۇرۇپ .... ئورخون دەرياسى ... تۇرك ـ قىپچاق (خەلقى ئۈستىدە) ئەللىك يىل ئولتۇرغان ئىكەن. تۇرك يېرىگە يىگىرمە ئالتە يىشىمدا... بەردى. ئۇ چاغدا بويلا... يەنە چۈشتى. توققۇز ئوغۇز خەلقىنى تېرىپ ـ يىغىپ ئالدىم. ئاتام كول بىلگە خاقان قوشۇن ...ئەۋەتتى».⑦ ئون ئۇيغۇر توغرىسىدا، يەنى فەزلۇللا رەشىدىن تەرىپىدىن يېزىلغان «جامىئۇل تاۋارىخ» دېگەن ئەسەردە «... قۇتتاغ دېگەن بىر تاغ بار، بۇ تاغنىڭ بىر يېرىدىن ئون دەريا، يەنە بىر يىرىدىن توققۇز دەريا ئېقىپ چۈشىدىكەن. قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئەنە شۇ دەريا ۋادىلاردىكى تاغ ۋە تۈزلەڭلىكتە ياشايدىكەن. ئون دەريا ۋادىسىدا ياشايدىغانلار ئون ئۇيغۇر، توققۇز دەريا ۋادىسىدا ياشاپ دېھقانلار توققۇز ئۇيغۇر دەپ ئاتىلىدىكەن. ئون دەريا ۋادىسىدا ياشايدىغانلار يەنە ئون ئارغۇت ياكى ئون ئورقۇن دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدىكەن».⑧ بۇ ئۇچۇردىن ئون ئۇيغۇر يېرىنىڭ ئورخون ۋادىسىنى ئاساس قىلىدىغان ئەل ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلەيمىز. ئون ئۇيغۇر توغرىسىدا ئەبۇلغازى باھادىرخان تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى شەجەرى تۇرك» دېگەن ئەسەردە «مۇغۇل يۇرتىدا يەنە بىر تاغ بولۇپ، قوتتاغ دەپ ئاتىلىدىكەن، بۇ تاغلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر جايدا سۇ ئېقىپ چۈشىدىغان ئون ساي، يەنە بىر يىرىدە توققۇز ساي بار ئىدى. بۇ سايلارنىڭ ھەممىسىدىلا چوڭ دەريالار بار ئىدى... ئون سايدا ئولتۇرغانلارنى ئون ئۇيغۇر، توققۇز سايدا ئولتۇرغانلىرىنى توققۇز ئۇيغۇر دەپ ئاتايتتى. ئۇلارنىڭ شەھەرلىرى، كەنتلىرى ۋە ئىكىن مەھسۇلاتلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى.... شۇنىڭدىن باشلاپ ئون ئۇيغۇرلارغا تۆرە بولغانلارنى ئېل ئىلتەر دەپ ئاتىدى.⑨ بۇ ئۇچۇرلارمۇ تارىختىكى جامئول ئۇچۇرلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بۇ ئاساسەن ئورخون ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئون ئۇيغۇر ئېلى ئورخوننى ئاساس قىلغان خانلىق بولۇپ، بۇ خانلىق زېمىنى كېيىنكى مەزگىللەردە

بېشبالىق قاتارلىق تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ئون ئۇيغۇر ئېلىلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قانداقتۇ 839 - يىلىدىن كېيىن ئورخون ۋادىسىدىن تۇرپان ۋادىسىغا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى تۇرپان ۋە بېشبالىق ئەتراپىنىڭ ئورخون خانلىقىغا تەۋە ۋاقىتلىرى ئىكەنلىكىنى، بېشبالىقلىق سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ئورخون خانلىقىنى ئۆز ئېلى دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يۇقىرىقى ئۇچۇرلارغا ئاساسەن سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ئۇيغۇر ئورخون خانلىقى دەۋرىدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە بۇ خانلىقنىڭ زېمىنىدا ياشىغان كىشى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

يۇقىرىقى بىر قانچە ئۇچۇرلارغا ئاساسەن شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ قوچۇ خانلىقى دەۋرىدە ئەمەس، بەلكى ئورخون خانلىقى دەۋرىدە بېشبالىقتا ياشاپ ئۆتكەن شەخستۇر. ئورخون خانلىقى دەۋرىدە بېشبالىق بىر قانچە قېتىم بۇ خانلىقنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولغان بولۇپ، كېيىن تۈبۈتلەر، قارلۇقلار، تۈركەشلەر بۇ جاينى ئورخون ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قولىدىن تالاشقان. تۇرپان ۋادىسى دائىرىسىدە ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنلا ئۆز پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغان. ئورخون ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە تۇرپان ۋە بېشبالىق قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇرلار ياشاپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ بۇ جايدا ياشىشى ئورخون خانلىقى دەۋرىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن خېلىلا بۇرۇن بولغان. سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ مۇشۇ جايدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادىدۇر.

## 5. سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ياشىغان دەۋر

سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ئون ئۇيغۇر، يەنى ئورخون ئېلىلىك ئىكەنلىكىنى ئاساس قىلىشتىن باشقا يەنە «بەش خىل پاسكىنىچىلىق كېلىپ بولغانغان قەبىھ زاماندا ياشىغان» دېگەن ئۇچۇرى بىلەن ئون ئۇيغۇر يېرىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۇنىڭ يۇرتى بېشبالىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەھلىل قىلىپ بېقىشقا بولىدۇ. سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ياشىغان، بەش تۈرلۈك پاسكىنىچىلىق كېلىپ بولغانغان زامان ئۇنىڭ يۇرتى بېشبالىقنىڭ مۇئەييەن داۋالغۇش ھالىتىگە قارىتا ئېيتىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل داۋالغۇش توغرىسى ئورخون خانلىقى دەۋرىدە يۈز بەرگەن. سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭغا نوم تەرجىمە قىلىشقا ھاۋالە قىلغان تەڭرىكەن تۈزمىش توغرىل تىكىن تەڭرى دېگەن كىشىنىڭ كۆرۈلۈشى بېشبالىق ئەتراپىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان خاقان ئوغۇللىرى، يەنى تىكىنلەرنىڭ بارلىقىنى ھەمدە بۇ خاقان ئوغۇللىرىنىڭ دۆلەتنىڭ مۇھىم يەرلىرىدە خانلىقتا ۋاكالىتەن ئىش باشقۇرۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئورخون ئۇيغۇر خانلىقى زادى قاچان بېشبالىق ئەتراپىغا كىرىپ بۇ جاينى كونترول قىلغان، بېشبالىقنىڭ بۇ دەۋردىكى ئەڭ داۋالغۇشلۇق دەۋرى زادى قاچان بولغان دېگەن مەسىلىلەرگە جاۋاب تاپقاندىلا سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ياشىغان دەۋرىگە تېخىمۇ ئېنىق جاۋاب تاپقىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئورخون خانلىقى دەۋرىدە بېشبالىق تەۋەسىدە يۈز بەرگەن جەڭگى - جېدەللەر توغرىسىدا «توققۇز ئۇيغۇر قاغان» مەڭگۈ تېشىدا مەلۇماتلار بىر قەدەر گەۋدىلىك. بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ 15 - قۇرىدا «. . . بېشبالىقنى قايتا - قايتا قورشاۋغا ئالدى . . . تەڭرى قاغان شەخسەن ئۆزى زور قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىپ رەقىبلىرىنى يەر چىشلەتتى ۋە شەھەرنى قايتۇرۇۋالدى» دېگەن ئۇچۇرلار شۇ دەۋردىكى تارىختىن قالغان ئېنىق يازما مەلۇماتتىن ئىبارەت. تەڭرى قاغاننىڭ زادى نېمە سەۋەبتىن بېشبالىق شەھىرىگە ھۇجۇم قوزغاپ قايتۇرۇۋالغانلىقى ئالاھىدە بۇ مەڭگۈ تاش تىلىغا ئېلىنمىدۇ؟ بۇ مەسىلە ئۇيغۇر ئورخون خانلىقىنىڭ ئۆزىگە تەۋە جايلاردىكى يۈرگۈزگەن سىياسەتلىرى ۋە تىبەتلەرنىڭ قول تىقىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان قارلۇق قەبىلىلىرىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بېشبالىق ئەتراپىدىكى شاتۇ، قارلۇق ۋە باشقا تۈركىي قەبىلىلەر ئۇيغۇرلارغا قارشى كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن تىبەتلىكلەر بېشبالىقنى ئىگىلىۋالدى. لېكىن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي باش ۋەزىر ئەل ئۈگەسى قوماندانلىقىدا قوشۇن ئەۋەتىپ بېشبالىق شەھىرىنى قايتۇرۇۋالدى. ئەل ئۈگەسى

تىبەتلىكلەرگە قارشى يەنە بىر قېتىم ھەربىي يۈرۈش قىلدى. ئەمما بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈش ئۇتۇقسىز بولمىدى. نەتىجىدە تىبەتلەر ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بېشبالىق شەھىرىنى قايتا ئىگەللىۋالدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئەل ئۇگەس بېشبالىقنى قايتۇرۇۋېلىشقا يەنە ئۇرۇندى.ئۇ مۇشۇ مەقسەت بىلەن بىر قانچە مىڭ ئەسكەر توپلىدى ۋە تاڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، تىبەتلەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئەمما ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى.⑩ ئورخۇن قوشۇنلىرى تىبەتلەر بىلەن قارلۇقلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، بېشبالىقنى قايتىدىن ئىگەللىۋالدى. بۇ يىللاردا بېشبالىق شەھىرى بىر قانچە كۈچلەرنىڭ تەڭلا قول تىقىشى نەتىجىسىدە قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ، شەھەر ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان بولۇپ، تارىختىكى گۈللەپ ياشنىغان يىپەك يولىنىڭ بۇ تۈگۈنى زور داۋالغۇشقا دۇچ كەلگەن. كېيىن بۇ رايوندىن تىبەتلەر چېكىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، قارلۇق ۋە باسمىل قەبىلىلىرىنىڭ ئورخۇن خانلىقىغا قارشى پائالىيەتلىرى توختاپ قالمىغان. كېيىن تەختكە چىققان تەڭرى قاغان دەۋرىدە زور قوشۇن باشلاپ، غەربكە يۈرۈش قىلىپ، سارت، باسمىل قەبىلىلىرىنى قايتا بويسۇندۇرۇپ بېشبالىق رايونىنى يەنە تارتىۋېلىپ، تالاس ۋە سىر دەريا ۋادىلىرىغىچە ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شەرقىي زېمىنىدىكى تاتابىي، قىتان قەبىلىلىرىنىڭ قوزغىلاڭلىرى تۈپەيلىدىن، ئۇ كەينىگە قايتىپ، شەرقتىكى ئەللەرنى باستۇرۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى⑪، بېشبالىق ھەرقايسى خانلىقنىڭ ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلىنىپ، تارىختىكى سەلتەنەتلىك دەۋرى ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كەلگەن. سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تۇغرىسىدىكى «... بۇ بەش تۇرلۇك پاسكىنچىلىق كېلىپ بولغانغان قەبىھ زامانىدا ياشىغان بېشبالىغلىق سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ...» دېگەن بايانلار ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە باشقا تەرەپلەردىن داۋالغۇشقا دۇچ كەلگەن بېشبالىق شەھىرىنى كۆرسەتسە كېرەك.

يۇقىرىقى بايانغا يەنە ئورخۇن خانلىقىنى كۆرسىتىدىغان «ئون ئۇيغۇر ئېلىدە ياشىغان سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ...» دېگەن ئېنىقلىما بىلەن «... تەڭرىكەن تۈزمىش توغرىل تىكىن تەڭرى تەلپىگە بىنائەن...» دېگەن بايانلاردىكى ئورخۇن قاغانلىرىنىڭ ئاتاق ناملىرى بولمىش تەڭرى ۋە تەڭرىكەن دېگەن ناملار بىلەن بىرلىكتە مۇلاھىزە قىلغاندا سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە، يەنى 8 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بېشبالىق شەھىرىدە ياشىغان شەخس ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

---

### ئىزاھلار


① ئىسرائىل يۈسۈپ: «سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ»، «تارىم» ژۇرنىلى، 1986 ـ يىل 2 ـ سان 154 ـ بەت

②③ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1999 ـ يىل 2 ـ نەشرى 600 ـ، 601 ـ بەتلەر

④ ئۆزقان ئىزگى: «ۋاڭ يەندېنىڭ ئۇيغۇرئېلىگە سەپەر خاتىرىسى ھەققىدە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2003 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 19 ـ بەت

⑪⑤ خۇاتاۋ: «غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2002 ـ يىل 1 ـ نەشرى 18 ـ، 14 ـ بەتلەر

⑩⑥ س.گ.كىلياشتورنىي قاتارلىقلار: «مەركىزىي ئاسىيا تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2000 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 861 ـ ، 174 ـ بەتلەر

⑦ ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسرائىل يۈسۈپ قاتارلىقلار تۈزگەن: «قەدىمى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 114 ـ بەت

⑨ ئەبۇلغازى باھادىرخان: «شەجەرەئى تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 1 ـ نەشرى 43 ـ بەت

⑧ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1999 ـ يىل 2 ـ نەشرى، 450ـ، 489 ـ بەتلەر


مۇھەررىر: ئوسمانجان مۇھەممەت

# بابارەھىم مەشرەپنىڭ قەشقەردە ساقلىنىۋاتقان ئەسەرلىرى

ھاجى ئابدۇراخمان باقى

( قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى 844000 )

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە شائىر مەشرەپنىڭ ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمىي ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان دىۋانلىرى، مەشرەپ ئەسەرلىرىنىڭ دىۋان بولۇپ شەكىللەنگەن دەۋرى، بەت سانى قاتارلىق مەسىلىلەر تونۇشتۇرۇلىدۇ.

**摘要**: 本文介绍了诗人麦西热甫及其在喀什地区古籍办现存的诗集,并对麦西热甫的诗集的创作年代,页数等问题。

ئاجايىپ نەپىس ھەم ئاشىقانە غەزەللىرى ئۇيغۇر خەلقى تەرىپىدىن ئاھاڭغا سېلىنىپ، ئون ئىككى مۇقام تېكىستىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئەسىرلەردىن بېرى سۆيۈپ ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان، نامى ئوتتۇرا ئاسيادىن مەركىزىي ئاسىيادىكى كەڭ خەلق ئارىسىغىچە يادلىنىپ كېلىۋاتقان شائىر بابارەھىم مەشرەپ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلەر تارىخىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بابارەھىم مەشرەپ 1641 - يىلى (بەزى مەنبەلەردە 1657 - يىلى) ئەنجاندا بىر ھۈنەرۋەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. بالىلىق مەزگىلىدىن باشلاپ شېئىرىيەتكە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان. يىگىرمە ياشقىچە بولغان مەزگىلدە ئەرەب، پارس تىللىرى، شېئىرىيەت نەزەرىيەلىرى، مۇزىكا ۋە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى ئەتراپلىق ئىگەللىگەن، كېيىن قەشقەردىكى ئاپپاق غوجىغا شاگىرت بولۇپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا يەتتە يىل تۇرغان، بۇ مەزگىلدىمۇ سوپىلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى، ئاچكۆزلۈكىنى، ساختىپەزلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. مېھنەتكەش خەلقنىڭ فېئوداللىق زۇلۇم ئاستىدا قالغان، ئېزىلگەن خۇراپاتلىق ھالىتى، نادانلىقىغا قاراپ قەلبى ئۆرتەنگەن شائىر بىر تەرەپتىن ھەقىقىي ئىشقتا بولغان مۇھەببىتىنى، ئادالەت، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ھالاللىق، خەلقنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ھەر خىل مەجازى ۋاسىتىلەر بىلەن ئىپادىلىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، سوپى - ئىشانلارنىڭ ئاچكۆزلۈكى، ئالدامچىلىقى، تەمەخورلۇقىنى ماھىرلىق بىلەن تەنقىد قىلىپ، ئاممىنىڭ زۇلمەتتىن قۇتۇلۇشقا ئىنتىلىشتەك يۈكسەك قەھرىمانلىق ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى خەلقنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، سوپى - ئىشانلارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەچكە، قەشقەردە تۇرۇشقا ئامال قىلالماي خوتەن، ئاقسۇ، تۇرپان، تاشكەنت ۋە بۇخارالاردا سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، ئاخىرى بەلخ شەھىرىگە بارغان. كېيىنكى مەزگىلدە بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ روھانىيلار سوپى - ئىشانلارنىڭ تۆھمەت چاپلىشى بىلەن بەلخ شەھىرىدە 1711 - يىلى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن. بابارەھىم مەشرەپنىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرى «دىۋان مەشرەپ» ۋە «مەتدەئى نۇر» (نۇر مەنبەسى) قاتارلىق ئەسەرلىرى بولۇپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەر دىن ئىشلىرى كومىتېتى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا يىغىپ توپلانغان تۆت پارچە

ئەسەر ۋە بۇ ئەسەرنىڭ ئومۇمىي كاتولوگى تۈزۈلدى. كىنچە:

**1. دىۋان مەشرەپ.** تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 171 ـ بەت، 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى بابارەھىم مەشرەپ چاغاتاي ئۇيغۇرتىلى بىلەن تەئلىق خەت نۇسخىسىدا يازغان. بابارەھىم مەشرەپ غەزەل، مۇخەممەس، مۇستەھزادلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شېئىرىي توپلامنى خەلقپەرۋەرلىك ۋە گۇمانىستىك قاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن زالىملار، ئالدامچىلار، ئىككى يۈزلىمچى، رىياكار سوپى ـ ئىشانلارنى قامچىلاش مەقسىتىدە يازغان. كىتاب مەشرەپنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى قىسسە شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا شائىرنىڭ جاھان كېزىش جەريانىدا يازغان لىرىك شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ شېئىرلاردا شائىرنىڭ يالقۇنلاپ تۇرغان چىن ئىنسانىي مۇھەببەت تۇيغۇلىرى، خەلقپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلىرى، زالىملارغا ۋە ئالدامچىلارغا بولغان نەپرىتى، زامان قىلمىشلىرىدىن چەككەن ئاھۇ ـ پىغانلىرى ئورۇن ئالغان. بۇ دىۋان مەشرەپنىڭ باشقا نۇسخىدىكى دىۋانلىرىغا قارىغاندا بىرقەدەر مۇكەممەل بولۇپ، شائىرنىڭ ئىجادىي ۋە دۇنيا قارىشىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە. بۇ دىۋان 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت شەھىرىدە سامان قەغەزگە بېسىلغان، رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 16 × 23 سانتىمېتىر، خەت چۈشكەن بەت يۈزى 13 × 5.15 سانتىمېتىر، يان سىزىقى ئۈچ سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەربىر بەتتە 17 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزى ئاق، مۇقاۋىسى قاتۇرما قەغەزدىن ئىشلەنگەن، كىتابنىڭ بېشىدىن ئىككى بەت، ئاخىرىدىن ئىككى بەت، يوقالغان. قەشقەر ۋىلايىتى يېڭىسار ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا 140GXQ نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا. رەتلەنمىگەن، تەتقىق قىلىنمىغان.

**2. دىۋان مەشرەپ.** تومغا بۆلۈنمىگەن. بىر قىسىم، 157 بەت. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بابارەھىم مەشرەپ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن رۇقئە خەت نۇسخىسىدا يازغان، غەزەل، مۇخەممەسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شېئىرىي توپلام. شائىر بۇ دىۋانىدا ئۆزىنىڭ خەلقپەرۋەرلىك ۋە گۇمانىستىك قاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىللە زالىملار، ئالدامچىلار، ئىككى يۈزلىمچى خۇشامەتچىلەرنى قاتتىق تەنقىد قىلغان. كىتاب مەشرەپنىڭ ھاياتىنى قىسسە شەكلىدە بايان قىلىش ئۇسۇلى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، شائىرنىڭ جاھان كېزىش جەريانىدا يازغان شېئىرىي مىسرالىرى سىڭدۈرۈلگەن. ئۇنىڭدا ئەنجان، نەمەنگان، پەرغانە، قەشقەر، ئوش، خوتەن، بەلخ شەھەرلىرىگە بېرىپ، شۇ دەۋردىكى غوجا ـ ئىشانلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىكىنى كۆرۈپ ئۇلارغا بولغان كۈچلۈك ئۆچمەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. بۇنىڭ مەشرەپ شېئىرلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك قىممىتى بار. بۇ دىۋان ھىجرىيە (1324 ـ مىلادىيە 1906 ـ 1907 ـ يىللىرى) تاشكەنت ئالىكسۇر پورتوپ مەتبەسىدە بېسىلغان، تاش باسما نۇسخا، ماتېرىيالى سامان قەغەز، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 5.16 × 26 سانتىمېتىر، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 12 × 22 سانتىمېتىر، يان سىزىقى قوش سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەربىر بەتتە 12 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزى ئاق، مۇقاۋىسى قاتۇرما قەغەزدىن ئىشلەنگەن. قاتتىق مۇقاۋىلىق، باش ـ ئاخىرى تولۇق، بەتلىرى ئاجراپ كەتكەن. بۇ دىۋان قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 224QGX نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا، رەتلەنگەن، تەتقىق قىلىنغان.

**3. دىۋان مەشرەپ.** تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 156 ـ بەت. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بابارەھىم مەشرەپ چاغاتاي

ئۇيغۇرتىلىدا تەئلىق خەت نۇسخىسى بىلەن يازغان. بابارەھىم مەشرەپنىڭ غەزەل، مۇخەممەس ۋە مۇستەھزادلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شېئىرىي توپلام. شائىر بۇ دىۋانىنى ئۆزىنىڭ خەلقپەرۋەرلىك ۋە گۇمانىستىك قاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىللە زالىملار، ئالدامچىلار ۋە ئىككى يۈزلىمچى رىياكارلارنى قامچىلاش مەقسىتىدە يازغان. كىتاب مەشرەپنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى قىسسە شەكلىدە يېزىلغان، بۇ دىۋان مەشرەپنىڭ باشقا نۇسخىدىكى دىۋانلىرىغا قارىغاندا بىرقەدەر مۇكەممەل بولۇپ، شائىرنىڭ دۇنيا قارىشىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە. دىۋان 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا تاشكەنتتە سامان قەغەزگە بېسىلغان، تاش باسما نۇسخا، يىپلىق تۇپلەنگەن، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 5.15 × 62 سانتىمېتىر، خەت چۈشكەن بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 12 ×23 سانتىمېتىر، يان سىزىقى ئۈچ سىزىقلىق رامكا شەكلىدە. خەتسىز بەت يۈزى ئاق، لاتا رەختتىن تاشلانغان قاتتىق مۇقاۋىلىق. ئىچ مۇقاۋىسى نەقىش، ھۆسنخەت بىلەن زىننەتلەنگەن. شېئىرلار رامكا ئىچىگە ئېلىنغان، تولۇق، ياخشى ساقلانغان. قەشقەر ۋىلايىتى يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزا 4 ـ كەنت 2 ـ مەھەللىدىكى غولام رۇسۇل تۆرەمنىڭ ئۆيىدە 192QGX نومۇرلۇق تىزىملىكتە ساقلانماقتا. بۇ كىتاب 2002 ـ يىلى مۇھەممەد پولاتنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

**4. مەتدەئى نۇر (نۇر مەنبەسى).** تومغا بۆلۈنمەگەن، بىر قىسىم، 464 بەت. 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن تەئلىق خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان. مەشرەپنىڭ غەزەل، مۇستەھزادلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. تەسەۋۋۇپ پەلسەپەسى يېزىلغان شېئىرىي ئەسەر بولۇپ، مەشرەپنىڭ ھاياتى ۋە شېئىرلىرىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈش مەقسىتىدە يېزىلغان. بۇ كىتابتا شائىر مەشھۇر تەسەۋۋۇپ ئۇستازى جالالىددىن رۇمىنىڭ ئىزىدا مېڭىپ، ئۇنىڭ مەسنەۋىلىرىنى ئىزاھلاپ شەرھلىگەن، كىتابتا قىسقا ـ قىسقا ھېكايەتلەرنى قىستۇرۇش ئارقىلىق تەسەۋۋۇپ پەلسەپەسىنىڭ ئاساسىي تەلىماتلىرىنى ئەمەلىي چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. كىتابتا مەشرەپنىڭ خېلى كۆپ غەزەل ۋە مۇستەھزادلىرى قىستۇرۇلغان بولۇپ،ئۇنىڭدا مەشرەپنىڭ يۇقىرى قاتلام ئەزگۈچىلەرگە بولغان نارازىلىقى، ئالدامچى سوفى ـ ئىشانلارنىڭ ئاچكۆزلۈكىگە بولغان نەپرىتى، خەلققە بولغان ئىشەنچ ـ ھۆرمىتى، ئاجىزلارغا بولغان ھېسداشلىقى، ئادالەت، ھەققانىيەت، ۋاپا ـ ساداقەت توغرىسىدىكى ئىلغار كۆزقاراشلىرى بايان قىلىنغان. بۇ، مەشرەپنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال بولالايدۇ. بۇ دىۋان ھىجرىيە 1328 ـ يىلى، مىلادىيە 1910 ـ يىلى تاشكەنت (غۇلامىيە) مەتبەسىدە بېسىلغان. تاش باسما نۇسخا، ماتېرىيالى سامان قەغەز، تۇپلىنىشى كېپىنەك شەكىللىك، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 5.5cm × 71cm.72، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 32cm × 11.5، يان سىزىقى قوش سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەر بىر بەتتە 22 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزى ئاق، كىتاب مۇقاۋىسى قاتۇرما قەغەزدىن ئىشلەنگەن بولۇپ، مۇقاۋا ئۈستىگە نەقىش چېكىلگەن. كىتاب ماۋزۇلىرى چوڭ ھۆسنخەت بىلەن يېزىلغان، تولۇق، ياخشى ساقلانغان، قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 490GXQ تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا، رەتلەنمەگەن، تەتقىق قىلىنمىغان.

مۇھەررىر: ھەزرىتى ئەلى بارات

# نۇتۇق ۋە ناتىقلىق توغرىسىدا

تۇرغۇن تالىپ

( پەيزاۋات ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 844300 )

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە نۇتۇق سۆزلەشتە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپ-قائىدىلەر، مۇكەممەل بولغان ناتىق ئوبرازىنى يارىتىش ھەمدە ئاڭلىغۇچىلارنى ھۆرمەتلەشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدىكى مەسىلىلەر قىسقىچە بايان قىلىنغان.

**摘要**: 本文论述了演讲应遵循的礼仪规定、如何塑造一个完美的演讲形象以及演讲中尊重听众的重要性等方面的问题简要。

نۇتۇق — خىزمەت، مەسىلە، ئەھۋاللار توغرىسىدا، يىغىنلاردا، جامائەت ئالدىدا بېرىلگەن دوكلات، لېكسىيەدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئېغىزچە ۋە يېزىقچە دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئېغىزچە نۇتۇق ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ، نۇتۇق سۆزلەشكە ماھىر، تىل سەنئىتىگە ئۇستا، كىشىلەرنى قايىل قىلىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولغان كىشىلەر ناتىق دەپ ئاتىلىدۇ. ناتىقلىق كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرنى ئىپادىلەش ئىقتىدارى ۋە سۆز سەنئىتىنى جارى قىلدۇرۇش قابىلىيىتىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ سۆزلىگۈچىنىڭ ئەدەبىي ساپاسى، ئىنكاس سۈرئىتى، ماسلىشىشچانلىقى قاتارلىق ئۇنىۋېرسال ساپاسىنىڭ ئىنكاسىدۇر. ئوخشاش بىر ئورگىنالدىكى نۇتۇقنىڭ ئۈنۈمى بەزىلەر سۆزلىگەندە، ۋەزنى ياخشى چىقىپ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلسا، يەنە بەزىلەرنىڭ ئاغزىدىن چىققاندا ئۈنۈمى ئادەتتىكىچە بولۇپ، ئاڭلىغۇچىلار ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ، يەنە بەزىلەر سۆزلىگەندە كىشىلەرنىڭ قۇلىقىغا ياقماي، زېرىكىشلىك ھېس قىلىدۇ، ھەتتا بىزار بولۇپ سۆزلىگۈچىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقى بىلەن چاتىقى بولمايدۇ. ئوخشاش بىر مەزمۇننىڭ ئوخشاشمىغان كىشىلەرنىڭ نۇتۇقىدىكى تەسىرى ۋە ئۈنۈمىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، ياخشى ياكى ناچار بولۇشى، سۆزلىگۈچىلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىغا باغلىق بولۇپلا قالماستىن، مۇھىمى يەنە ئۇلارنىڭ سۆز مېتودى ۋە سۆز سەنئىتىگە ماھىر بولۇش - بولماسلىقىغا باغلىق. ناتىق كىشىلەر ئۆزىنىڭ مەقسەت - مۇددىئاسى، ئىدىيە ۋە ھېسسىياتىنى تەبىئىي، روشەن، ئىخچام ۋە ئوبرازلىق ھالدا ئىپادىلەپ، ئاڭلىغۇچىلارنى ئاغزىغا قاراتالايدۇ، دىققىتىنى جەلپ قىلىپ كۆڭلىنى مايىل قىلالايدۇ. قىلماقچى بولغان ئىشى ۋە يەتمەكچى بولغان نىشانىغا ياخشى ئۇل ھازىرلاپ مۇۋەپپەقىيەت يولىنى كېڭەيتىدۇ ۋە راۋانلاشتۇرالايدۇ.

### 1. نۇتۇقنى ياخشى سۆزلەش ئۈچۈن ئۇنىۋېرسال ساپا يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

نۇتۇقنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى ناتىقنىڭ ئەخلاقىي ساپاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىر كىشىنىڭ تۈرلۈك سورۇنلاردىكى نۇتۇقىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى شۇ كىشىنىڭ ئەخلاق سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ تىلى بىلەن دىلى بىر دەك بولماسلىق، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىر خىل بولماسلىق، ھەتتا «تىلى شېكەر، دىلى زەھەر» بولۇشقا ئوخشاش ئەخلاق مىزانىغا يات قىلىقلىرى، شۈبھىسىزكى خەلق كۆڭلىگە ياقمايدۇ، كىشىلەرنىڭ ئېيىپلىشىگە، قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ. ئادەمنىڭ پىسخىكا ساپاسى گەرچە قول بىلەن تۇتقىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ شۇ كىشىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارى ۋە ئىنكاسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ، «گې-

چىنىڭ تۇتامى يوق»، «ئالدىراڭغۇ سۆز تالىلماس» دېگەن ئىبارىلەر ئادەم جىددىيلەشكەندە، ھودۇقۇپ كەتكەندە ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئاسانلا ئۇچراپ، ئۆزىنى تۇتالماي تەييارلاپ قويغان گېپىنىمۇ جايىغا چۈشۈرەلمەي تېڭىرقاپ قېلىشى، گېپىنىڭ ئورامىنى يوقىتىپ قويۇشى، پىسخىكا جەھەتتىن تەربىيەلىنىش ۋە چېنىقىشنىڭ يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بىر مەيدان نۇتۇقنى بىر توپ گۈلگە ئوخشاتساق، ئۇنىڭ ھەرسال ساپا شۇ گۈلنىڭ يىلتىزى بولسا، تىل سەنئىتى ئۇنىڭ ياپرىقى ۋە غۇنچىسىغا ئوخشايدۇ. نۇتۇقنىڭ نادىر بولۇشىدا تاۋۇشنىڭ روشەن، ئېنىق بولۇشى، سۆزنىڭ توغرا، ئىنتوناتسىيەنىڭ يېقىملىق ۋە تەسىرلىك بولۇشى ئاساسىي شەرت قىلىنىدۇ.

**2. نۇتۇقنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدا تەييارلىق پۇختا بولۇشى كېرەك**

ماتېرىيال تەييارلىقىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. بەزىلەر ماتېرىيال كومپيۇتېردا ئۇرۇلۇپ، بېسىپ چىقىرىلغاندىن كېيىن مۇنبەرگە چىقىپ ئوقۇسىلا ئىش پۈتىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق تەييارلىقى پۇختا بولمىغان نۇتۇق، سۆزلىگۈچى پىشقان ناتىق بولغان تەقدىردىمۇ، تولۇق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشى ناتايىن. شۇڭلاشقا، تەييارلانغان ماتېرىيالنى ئالدى بىلەن بىر قېتىم ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ تونۇشلۇق ھاسىل قىلىش، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق چۈشىنىش، ئۇنىڭدىكى بەزى ئاتالغۇلارنىڭ، يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسى ۋە كېلىش مەنبەسىنى بىلىۋېلىش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن، جۈملىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى، ئىملا قائىدىسى ۋە تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ سۆزلىمەكچى بولغان تىلنىڭ گىرامماتىكىسى ۋە لېكسىكىسىغا ماسلاشتۇرۇپ، نۇتۇقنىڭ ئېنىق، راۋان چىقىشىغا ئاساس ھازىرلاش لازىم.

نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەرنىڭ تەق - تۇرقى راۋۇرۇس، كىيىنىشى رەتلىك ۋە مۇۋاپىق بولۇشى، بولۇپمۇ رەھبىرىي خادىملارنىڭ تەق - تۇرقى راۋۇرۇس بولۇشى، باش كىيىم كىيگەن بولسا ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى باش كىيىملىرىنى تۈز، توغرا كىيىشى، باش كىيىم كىيمىگەن بولسا چاچ پاسونى مۇۋاپىق بولۇشى، ئارتۇقچە پەرداز قىلماسلىقى، پاكىز بولۇشى، تۈگمىلەرنى تولۇق ئېتىش، ئالا - تاغىل كىيىملەرنى كىيىۋالماسلىقى، چاپاننىڭ يېڭىنى ساپماسلىقتىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك.

**3. نۇتۇق سۆزلىگەندە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار**

«تۇنجى تەسىرات» قا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. تۇنجى تەسىرات — باشقىلار بىلەن بىرىنچى قېتىم ئۇچراشقاندا قارشى تەرەپتە پەيدا قىلىدىغان ئوبراز ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ياخشى زاھىر بولغان تۇنجى تەسىرات مۇۋەپپەقىيەت مەنزىلىگە قاراپ تاشلانغان تۇنجى قەدەم، ئىناق مۇھىت يارىتىشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نۇتۇقنىڭ باشلىنىشىدا كۆپچىلىككە ھۆرمەت ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ قىزغىن، سەممىمىي، تەشەببۇسكار، ئەدەپ - قائىدىلىك بولۇشى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن سالام لەۋزى بىلەن باشلاش لازىم .

تەلەپپۇزغا دىققەت قىلىش كېرەك. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسى بويىچە سۆزلەش كېرەك. نۇتۇق تاۋۇشلىرىنى باشتىن - ئاخىر بىر خىل ئاۋاز بىلەن تەلەپپۇز قىلماي، قايسى نۇقتىلارنى كۆتۈرەڭگۈ، كۈچلۈكرەك تەلەپپۇز قىلىش، قايسى نۇقتىلارنى تەبىئىي، يېقىملىق، يەڭگىل تەلەپپۇز قىلىش لازىملىقىنى ئوبدان ئىگىلەش كېرەك. شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، نۇتۇق سۆزلىگۈچى ھەر قانداق سورۇندا قاتتىق - قوپال ئاۋاز بىلەن سۆزلىمەسلىكى لازىم، ئاۋازنىڭ يۇقىرىلىقى سەۋىيەنىڭ يۇقىرىلىقى ئەمەس، بەلكى تەربىيەلىنىشنىڭ كەملىكىنى كۆرسىتىدۇ، قوپال ئاۋاز ھېچقانداق ئادەمنىڭ قۇلىقىغا ياقمايدۇ،ئاڭلىغۇچىلارنى بىزار قىلىپ،ئوبرازىڭىزنى خۇنۈكلەشتۈرۈپ نۇتقىڭىزنى ئەھمىيەتسىز قىلىپ قويىدۇ.

سۆزنىڭ رىتىمىغا دىققەت قىلىش كېرەك. سۆزلىگەندە سالماق، تەمكىن بولۇش، خۇددى بىرسى

قوغلاۋاتقاندەك ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ، تېز سۆزلەپ نۇتۇقنىڭ مەزمۇنىنى رىتىمسىز، چۈشىنىكسىز قىلىۋەتمەسلىك، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گەپنى چايناپ ئېزىپ ئىچۈرۈپ، تولا توختاپ ئەزمىلىك قىلىپ ئاڭلىغۇچىلارنى زېرىكتۈرۈپ قويۇشتىنمۇ ساقلىنىش لازىم.

قول ھەرىكەتلىرى مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. نۇتۇقتىكى بەزى مۇھىم نۇقتىلار ۋە ھالقىلىق مەسىلىلەردە ئىشنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش، سورۇننىڭ كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇش، ئاممىنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بەزى قول ھەرىكەتلىرىنى قوشۇمچە قىلىش، نۇتۇقنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ، بىراق، قولنى توختىماي ئېگىز ـ پەس ھەرىكەتلەندۈرۈش، چەمبەر شەكلىدە چۆرگىلىتىش قاتارلىق قول ھەرىكەتلىرى سۆزلىگۈچىنىڭ ساپاسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، بولۇپمۇ بىگىز بارمىقىنى چىقىرىپ ئاڭلىغۇچىلارغا قارىتىپ شىلتىش ئىنتايىن ناچار ئادەت بولۇپ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويىدۇ.

دىماق تاۋۇشلىرى ۋە «ھە»، «ھىم»، «نېمە قىلىپ» دېگەندەك لېكسىكىلىق مەنىسى يوق سۆزلەرنى، «دېمەك»، «ئىشقىلىپ»، «ئەمما» «بىراق»، «لېكىن».....گە ئوخشاش ئۇدۇل كەلمىگەن سۆزلەرنى نۇتۇقتا ئارىلاشتۇرۇۋالماسلىق لازىم.

بەزى بولمىغۇر ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش لازىم. سۆزلەۋاتقاندا تاماكا چېكىش، غورتۇلدىتىپ چاي ئىچىش، بۇرنىنى تارتىش، شالىنى چاچرىتىش، ئاغزىنى تامشىتىپ، تۇمشۇقىنى پۇرۇشتۇرۇش، قاش ـ كۆزلىرىنى ئوينىتىش، تولا ئەسنەش، ساقال ـ بۇرۇتنى سىلاش، بېشىنى تاتىلاش، قۇلاق ـ بۇرنىنى كولاش، كۆزەينىكىنى كۆپ ئېلىپ ـ تاقاش، ئوڭ ـ سولغا ئېغىناش، نۇتۇق ئورگىنالىنى ئوقۇۋاتقاندا دۇمچىيىۋېلىش ياكى غادىيىۋېلىش قاتارلىق ئادەت ۋە قىلىقلار نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، نۇتۇقنىڭ ئۈنۈمىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

### 4. خەلق ياقتۇرىدىغان ناتىقلاردىن بولۇش لازىم

رەھبىرىي كادىرلار ھەر قانداق ۋاقىت، ھەر قانداق جايدا، ھەر بىر ئېغىز سۆز، ھەربىر ھەرىكەتتە باشتىن ـ ئاخىر خەلق ئاممىسىنى قەلب تۆرىگە قويۇش، خەلق ئاممىسىغا بولغان تونۇشى ۋە مۇھەببىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئاممىنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭ يېقىندا: «مەسىلىنى ئىدىيە جەھەتتىن ھەل قىلىشتا ئۆزىنىڭ چاكارلىق سالاھىيىتىنى ئىدىيە جەھەتتىن ھەقىقىي تونۇپ يېتىپ، ئورنىنى ئاڭلىق ھالدا توغرا تېپىپ، ئاممىنىڭ مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىغا بولغان مۇھەببىتىنى كۈچەيتىش كېرەك، مۇھەببەت ئىنتايىن ماھىيەتلىك نەرسە، مۇھەببەت بولمىسا ئامما بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇش ‹ئويۇن كۆرسىتىش› بولۇپ قالىدۇ» دەپ كۆرسەتتى.

نۇتۇق سۆزلىگەندە «مەن» نى كۆز ـ كۆز قىلماسلىق، تەشكىلنى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ رولىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ھاكىمىيەتنىڭ گويا بىر كېمە،خەلق ئاممىسىنىڭ گويا دېڭىزغا ئوخشايدىغانلىقى،دېڭىزدىن ئايرىلسا كېمىنىڭ رولى بولمايدىغانلىقىنى، كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقى، كادىرلارنىڭ خۇددى بېلىق، ئاممىنىڭ سۇغا ئوخشايدىغانلىقى، بېلىقنىڭ سۇسىز ياشىيالمايدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى ئەستە چىڭ ساقلاش لازىم.

ھەقىقىي مەنىدىكى ناتىقلار ئۇچۇق ـ يورۇق ھالدا خەلققە قاراپ تۇرۇپ يۈرەك قېتىدىن چىقىرىپ سۆزلەيدۇ، كىتاب ـ ماتېرىيال ئوقۇپ بەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزى قەغەزدە ئەمەس خەلقتە بولىدۇ، «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىقچە» دېگەندەك ئاممىدىن ئېلىپ ئاممىغا قايتۇرىدۇ. «زاغرا» تىلى بىلەن خەلقنىڭ قەلبىنى نەقىشلەيدۇ.

مۇھەررىر: مەرۇپجان مەتىمىن

# بالىلار چۆچەكلىرىدىكى پېرسوناژلار ئوبرازى ھەققىدە

خەيرىگۈل كېرىم

( ئاقسۇ مائارىپ ئىنستىتۇتى 843000 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدا بالىلار چۆچەكلىرىدە ئوخشىمىغان پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلغان بولۇپ، پېرسوناژلار ئوبرازىنى قانداق يارىتىش، پېرسوناژلار ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە ھەم خاسلىققا ئىگە بولۇشى، بالىلار چۆچەكلىرى باي خىيالغا، رېئال تۇرمۇش ئاساسىغا ، كۈچلۈك رومانتىك روھقا، كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشى لازىملىقى قىسقىچە بايان قىلىنغان.

**摘要：** 本文简要论述了童话故事充满幻想． 童话故事中不同的人物都有其独特的性格人物的塑造基于现实生活、 具有浪漫主义精神和娱乐性质等问题。

بالىلار چۆچەكلىرى بالىلار ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەڭ بۇرۇن شەكىللەنگەن ژانىرلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ھەر قانداق بالىلار ئەدەبىياتى تارىخىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئەدەبىي شەكىللەرنىڭ بىرىدۇر. بالىلار چۆچەكلىرى بالىلارنىڭ ئوقۇشى ۋە ئاڭلىشى ئۈچۈن يارىتىلغان، پېرسوناژ، شارائىت، ۋەقەلەر ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇلغان ئالاھىدە تىپتىكى ھېكايىلەردىن ئىبارەت. چۆچەكلەر، خەلق ئىچىدە «ھېكايە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، لېكىن، ئەدەبىياتشۇناسلىرىمىز ئۇنى، يازما ئەدەبىياتتىكى رېئاللىق ئاساسى كۈچلۈك ھېكايىلەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنى «چۆچەك» دەپ ئاتاپ كەلگەن. بالىلار چۆچەكلىرى، مىللىي ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدۇ. چەت ئەل ۋە دۆلىتىمىزنىڭ بىر قىسىم ئالىملىرى «چۆچەك بىۋاستە ئەپسانىلاردىن پەيدا بولغان، ئۇ قەدىمكى ئەپسانىلارنىڭ قالدۇقى» دېگەن كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

چۆچەك بىلەن ئەپسانە ئوتتۇرىسىدا ۋارىسلىق قىلىش مۇناسىۋىتى روشەن بولىدۇ. ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر چۆچەكلەرنىڭ باشلامچىسىدۇر. شۇڭلاشقا، چۆچەكلەر بىلەن ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن يېقىن. بالىلار چۆچەكلىرى، بالىلار ئەڭ ياقتۇرىدىغان، ئومۇملاشقان تۈر بولغاچقا، بالىلار ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنىنى ئالاھىدە دېيىشكە بولىدۇ. بالىلار چۆچەكلىرى يەنە، بالىلارنى ياخشى تەربىيەلەشنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاسىتىسى بولۇپ، ئۇ بالىلارنىڭ دۇنيانى چۈشىنىشىدىكى ئەپچىل قورالىدۇر. شۇڭا، بالىلار چۆچەكلىرى بالىلار ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم ژانىر بولۇپ، ئۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بالىلار ئەدەبىياتىدا ھەر خىل شەكىل ۋە تۈرلەردە مەۋجۇت. بالىلار چۆچەكلىرى خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن بالىلار چۆچەكلىرى ۋە چوڭلار بالىلار ئۈچۈن ئىجاد قىلغان خىياللاشقان ھېكايىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇلار ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنىڭ تەرەققىياتىدىن ئىبارەت. بالىلار چۆچەكلىرى قەدىمكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنىڭ تۇرمۇشقا يېقىنلىشىشى ۋە سەنئەتلىشىشىدۇر، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر بالىلار چۆچەكلىرىنى پەيدا قىلغان ئەدەبىي ئاساسىدۇر.

خەلق ئاممىسى بالىلار چۆچەكلىرىنى ئىجاد قىلغۇچىلار بولۇپ كەلدى، ھازىرمۇ يەنە نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلار بالىلار ئۈچۈن گۈزەل چۆچەكلەرنى ياراتماقتا. بالىلار چۆچەكلىرى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنىڭ تەرەققىياتى بولغاچقا، ئۇنىڭدا، ھەم ئەپسانە ئامىلى ھەم رىۋايەت ئامىلىمۇ بار. ئەپسانە ـ تامامەن توقۇلما قىلىنىدىغان قىسسە، رىۋايەت ـتارىخى چىنلىقنى ئاساس قىلىدىغان قەھرىمانلار، زور ۋەقەلەر، كونكرېت يەر ـ جاي ھەققىدىكى ھېكايىلەردۇر. بالىلار چۆچەكلىرى «بۇرۇنىنىڭ ـ بۇرۇنىسىدا»، «ئۆتكەن

زاماندا»، «تەكلىماكاندىكى بىر بەگلىكتە......» دېگەندەك جۈملىلەر بىلەن باشلىنىدۇ. يەنە ئۇنىڭ ئۇسلۇبى ئاددىي ـ ساددا، يۇمۇرىستىك، ئامىباپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن تارقىلىشى ۋە ئومۇملىشىشى تېز ۋە كەڭ بولماقتا.

ھازىر بۇ ژانىر بالىلار ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم ژانىرغا، بالىلار ياخشى كۆرىدىغان ئەدەبىي شەكىلگە ئايلاندى. بالىلار چۆچەكلىرىدە، ئوخشىمىغان پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان بولىدۇ. يەنى ئۇنىڭدا، ئەجابىي، سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى يارىتىلىدۇ، پېرسوناژلار بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. «ئەقىللىق توشقان» چۆچىكىنى مىسالغا ئالساق، «توشقان» ئەجابىي پېرسوناژ، «يولۋاس» سەلبىي پېرسوناژ قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. بەزى چۆچەكلەردە چوڭ ئادەم، ھايۋانات، ئۇچار ـ قۇشلار، گۈل ـ گىياھلارنىڭ ئوبرازىمۇ يارىتىلىدۇ. ئەخمەت ھاشىمنىڭ «سېغىزخان بىلەن بۆدۈنە» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن چۆچەكلەردە، ھايۋانلار ئادەملەشتۈرۈلۈپ تەسۋىرلەنگەن.

بالىلار چۆچەكلىرىدىكى ھەربىر ئوبراز، شەيئى، ۋەقەلەر بالىلار ئۈچۈن قىممەتلىك بىلىنىپ بالىلارنى جەلىپ قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ، بالىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان، مەنىۋى تۇرمۇشنى بېيىتىدىغان ئالاھىدە بىر شەكىل. بالىلار ياخشى چۆچەكلەردىن بىرنى ئوقۇسا، بالىلارنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ، ئاجايىپ ھېس ـ تۇيغۇلارغا چۆمىدۇ. مەسىلەن، «يېرىلماڭ تېشىم» چۆچىكىنى ئوقىغىنىمىزدا، بالىلار تاشنىڭ يېرىلىش ھادىسىگە قىزىقسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بىچارە قىزچاقنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىگە ھېسسىداشلىقى قوزغىلىدۇ. بالىلار چۆچەكلىرى ھايۋانات، ئۇچار ـ قۇشلارنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق بالىلارغا باتۇرلۇق، ئەمگەك سۆيەر، ئەدەپ ـ ئەخلاق تەربىيەسى بېرىدۇ. بالىلار چۆچەكلىرىدىكى پېرسوناژلارئوبرازى بالىلارغا ئەڭ ئالدى بىلەن تەسىر كۆرسىتىدىغان بولغاچقا ئالدى بىلەن ئوبراز خاسلىققا، ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە بولۇشى لازىم.

بالىلار چۆچەكلىرىدە، مول فانتازىيە كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، پېرسوناژلار چەكسىز زامان، ماكاندا ھەرىكەت قىلدۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىكى فانتازىيە شېئىرىي تۇيغۇغا ئىگە بولغاچقا، بالىلىرىمىزغا مول ئېستېتىك زوق ۋە بەدىئىي لەززەت بېرەلەيدۇ، بالىلار چۆچەكلەرنى ئاڭلىغاندا دائىم خۇشاللىق كەيپىياتىغا چۆمىدۇ، بالىلارغا شادىيانىلىق، روھىي جۇشقۇنلۇق بېغىشلايدۇ. بالىلار چۆچەكلىرى مىللىي ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققى قىلماقتا، بالىلار چۆچەكلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يېقىن بولغاچقا، بالىلار تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئىجادى چۆچەكلەر يېقىنقى يىللاردىن بېرى تەرەققىي قىلماقتا، يازغۇچى ئەخمەت ھاشىم بالىلار ئۈچۈن كۆپلىگەن ھېكايە، چۆچەكلەرنى يېزىپ، بالىلار چۆچەك ئىجادىيىتىگە تۆھپە قوشقان ھوسۇللۇق يازغۇچىلارنىڭ بىرى. ئابدۇراخمان ئەبەيىنىڭ «ئالتۇن كەش»، «چىن تۆمۈر باتۇر»، «مۇستاپا» قاتارلىق چۆچەكلىرى بالىلار ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان چۆچەكلەر قاتارىغا كىرىدۇ.

مۇھەممەت روزى يارقىننىڭ «خاسىيەتلىك نەي»، «تامچە قىزنىڭ ساياھىتى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بالىلار چۆچەك ئىجادىيىتىدىكى نەمۇنىلىك ئەسەرلەردۇر. بالىلار چۆچەكلىرىدە «ئاقساقال ئادەم»، «يۇلغۇن دەرەخ»، «بۆرە» قاتارلىق «باش» نى پېرسوناژ قىلىپ تەسۋىرلەنگەن چۆچەكلەر كۆپ سالماقنى ئىگىللەيدۇ. بۇلار ئۇيغۇر، تۇتېم ئەپسانىسى بىلەن شامان دىنى ئەپسانىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بارلىققا كەلگەن. ھەر قانداق مىللەتتە، بالىلار چۆچەكلىرىنىڭ ئوخشىمايدىغان تۈرلىرى مەۋجۇت. چۈنكى، چۆچەكلەردە ئوخشىمىغان پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلغاچقا بالىلارغا تەسىر قىلىدىغىنى يەنىلا شۇ ئوبراز. چۆچەكتىكى ئوبرازلاردا بەزىدە ھايۋاناتلار پېرسوناژ قىلىپ تەسۋىرلەنسە، يەنە بەزىدە يەنە ئادەم بىلەن ھايۋانات، بالىلار بىلەن ھايۋانات پېرسوناژ قىلىنىپ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەسۋىرلىنىدۇ. «سېغىزخان بىلەن بۆدۈنە»، «سازاندە قاغا» قاتارلىق چۆچەكلەردە ھايۋاناتلار ئاساسلىق پېرسوناژ قىلىنىپ تەسۋىرلەنگەن.

بالىلار چۆچەكلىرىدە، پېرسوناژلار ئوبرازىنى قانداق يارىتىشنى تەسۋىرلەش ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىدۇر. بالىلار چۆچەكلىرىدىكى پېرسوناژلار

ئوبرازى ئۆزىگە خاس خاراكتېرغا ھەم خاسلىققا،
ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە بولۇشى، پىسخىكىلىق ئالا ـ
ھىدىلىكى ۋە ياش ئالاھىدىلىكىنى ياخشى يارىتىش
زۆرۈر. چۈنكى، بۇ پېرسوناژلار ئوبرازى باللار چۆ ـ
چەكلىرىنىڭ جان تومۇرى، يىلتىزىدۇر، ئوبراز بول ـ
مىسا، چۆچەك بولمايدۇ. باللار چۆچەكلىرى باي
خىيالغا، رېئال تۇرمۇش ئاساسىغا، كۆچلۈك روماـ
نتىك روھقا، كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرغا ئىگە بول ـ
غاچقا باللارنى قوزغىتىش رولى بار. باللار چۆ ـ
چەكلەرنى ئوقىسا ياكى ئاڭلىسا، ئۇلار ئۇنىڭدا ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن غايىۋى دۇنياغا ئىنتىلىدۇ. ئۇلاردا ئۆز
غايىسى ۋە كېلەچەككە بولغان ئىشەنچىسى كۈچىيىد ـ
دۇ. چۆچەكلەردىكى ئاجايىپ فانتازىيە بىلەن چىن
تۇرمۇش بىرلەشتۈرۈلگەن ئېسىل چۆچەك بىر تە ـ
رەپتىن باللارغا شەيئى ۋە ھادىسىلەر توغرىسىدا
قىزىقىش تۇيغۇسى پەيدا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن
باللارغا شەيئى ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تونۇتۇش
رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن، باللار «سەرەڭگە سات ـ
قۇچى قىز»، «خاسىيەتلىك نەي»، «يېرىلىڭ تېشىم»
قاتارلىق چۆچەكلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق ۋەقە ـ ھا ـ
دىسىلەرنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. چۆچەك ـ
تىكى فانتازىيەلىك ئامىللارغا ھەممە پېرسوناژلارغا
قىزىقىدۇ.

چۆچەكلەردىكى شېرىن خىياللار باللاردا كەلگۈ ـ
سىگە نىسبەتەن ئۈمىد قوزغىتىدۇ، ئۇلاردا يەنە گۈ ـ
زەل بىر غايە پەيدا قىلالايدۇ. چۆچەكلەردىكى تەسىر ـ
لىك، جانلىق تىللار باللارنىڭ تىل قابىلىيىد ـ
تىنى ئۆستۈرۈش، مەنتىقىلىق پىكىر قىلىش ئىق ـ
تىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە رولى كۆپ. باللار
چۆچەكلىرىدىن باللار باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق،
ئەمگەك سۆيەر، ھالال ياشاش ئەخلاقىي ـ پەزىلەت
تەربىيەسى ئالىدۇ. باللار چۆچەكلىرى
ئوبراز يارىتىش، ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتە تۆت
تۈرگە بۆلىنىدۇ.

بىرىنچى، سېھىرلىك چۆچەكلەر. بۇ كۈچلۈك
فانتازىيە ۋاسىتىسى ئارقىلىق، باللارنىڭ تۇرمۇشقا
بولغان ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان
چۆچەكلەر. بۇنىڭغا «ئىسكەندەر بىلەن ھۆرلىقا»،
«خاسىيەتلىك نەي»، «ئالتۇن تۇخۇنىڭ ھېكايىسى»
قاتارلىقلار مىسال بولالايدۇ. ئىككىنچى، ھايۋاناتلار
چۆچەكلىرى . بۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇ ـ
شى ۋە ئىجتىمائىي غايىسىنى ھايۋاناتلارنىڭ ئۇس ـ
تىگە يۈكلەپ خىيالى توقۇپ چىقىرىلغان چۆچەكلەر ـ
نى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭغا «تۈلكىنىڭ تەقسىماتى»،
«كالتە قۇيرۇق چاشقاننىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتى ـ
لىرى» مىسال بولالايدۇ. ئۈچىنچى، تۇرمۇش چۆ ـ
چەكلىرى. بۇ فانتازىيە بولمايدىغان رېئاللىقى كۈچ ـ
لۈك چۆچەكلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭغا «پادىشاھنىڭ
يېڭى كىيىمى» مىسال بولالايدۇ. تۆتىنچى، پەننىي
چۆچەكلەر. بۇ پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى چۆچەك
شەكلى ئارقىلىق بايان قىلىپ بېرىلىدىغان چۆچەك ـ
لەرنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىغا
ئەگىشىپ مەيدانغا كەلگەن يېڭى تۈردۇر. بۇنىڭغا
«ياغاچ ئات»، «ئۇچار گىلەم» قاتارلىقلار مىسال
بولالايدۇ.

ئومۇمەن، باللار چۆچەكلىرىدىكى خىيال ئاسا ـ
سىز قۇرۇق نەرسە بولماستىن، ئۇ تۇرمۇش ئاسىد ـ
غا ئىگە بولغاچقا، بەلگۈلۈك بىر ھەقىقەتنى ئىنكاس
قىلىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، باللار چۆچەك ـ
لىرىدە ئادەملەرنى ھەيران قالدۇرغۇدەك قابىلىيەتكە
ئىگە قەھرىمانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى
تەسۋىرلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئەلى بابا ۋە 40 قاراقچى»
چۆچىكىدە، ئەلى بابانىڭ ۋە 40 قاراقچىنىڭ خاراك ـ
تېرى، ئوبرازى جانلىق يارىتىلغان. بەزى باللار
چۆچەكلىرىدە يەنە ئۆسۈملۈكلەر، جىسىملارمۇ پېر ـ
سوناژ قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ، ئۇيغۇر باللار چۆ ـ
چەكلىرىدىكى لىرىك ھېسسىياتنى كۈچەيتىش ئۇ ـ
چۈن خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىئىي ۋاسىتىسى، قا ـ
پىيە ئالاھىدىلىكىنى قوبۇل قىلىپ بۇ ئالاھىدىلىك
ئارقىلىق چۆچەك تىلى يەنىمۇ جانلاندۇرۇلىدۇ. با ـ
للار يازغۇچىلىرى باللار چۆچەكلىرىدىكى ۋەقە ـ
لىكنىڭ تەسىرلىك جانلىق، فانتازىيەلىك بولۇشى
ھەم تىلىنىڭ شېئىرىي تىلغا ئىگە بولىشىغا داۋاملىق
تىرىشىشى ھەممە پېرسوناژلار ئۆزىگە خاس خاراك ـ
تېرغا ۋە خاسلىققا ئىگە بولۇشى لازىم .

مۇھەررىر: مەرۇپجان مەتمىن

# ئۇنىۋېرسال ژۇرنال مۇھەررىرلىرى يېتىلدۈرۈشكە تېگىشلىك ساپا توغرىسىدا

نۇرگۈل روزى

(«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى 830001)

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە ئۇنىۋېرسال ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ھەرقايسى جەھەتتىن ئۆزىدە ھازىرلاشقا تېگىشلىك ساپانى قانداق ئۆستۈرۈشى، تىل قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىگە قانداق تەلەپلەرنى قويۇش مەسىلىسى بايان قىلىنغان.

摘要： 本文论述了综合性杂志编辑人员如何提高个人素质，在语言等方面如何要求自己等问题。

ژۇرنال كىتابچە ياكى مەجمۇئە شەكلىدە چىقىرىلىدىغان، پەن ۋە مەخسۇس ساھە بويىچە خەۋەر، ئىجادىيەت، تەتقىقات ۋە ئىلمىي ئەمگەك نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلىدىغان قەرەللىك نەشر بۇيۇمى. ئۇ كىتابتىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن بىلىم ۋە ئۇچۇر خاراكتېرى كۈچلۈك تاراتقۇ. كومپيۇتېر تېخنىكىسىنىڭ نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىشىغا ئەگىشىپ ژۇرنالچىلىق ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، رەڭسىز مۇقاۋىدىن رەڭلىك مۇقاۋىغا، ئىچ بەتلىرى رەڭلىك بولۇشقا باشلىدى، تۈرلىرى كۈنسايىن كۆپىيىپ ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ژۇرناللىرى پەيدا بولدى. ئۇنىۋېرسال ژۇرناللار سەھىپىسىنىڭ موللۇقى، ژانىرىنىڭ سەرخىللىقى، مەزمۇنىنىڭ رەڭدارلىقى، بىلىم بېرىش دائىرىسىنىڭ ئۇنىۋېرساللىقى، ئوقۇرمەنلەر قاتلىمىنىڭ كۆپلۈكى، يەنى ھەرخىل ياش، جىنس، كەسىپتىكىلەرگە ماس كېلىشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بازار ئىگىلىكى دەۋرىدە قىزغىن قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشىپ كەلمەكتە، شۇنداقلا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ژۇرناللارغا بولغان تەلىپى كۈندىن كۈنگە كۈچىيىپ بارماقتا. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىۋېرسال ژۇرنال مۇھەررىرلىرىگە قويۇلىدىغان تەلەپمۇ كۈنسايىن يۇقىرىلىماقتا.

**1. ئۇنىۋېرسال ساپا يېتىلدۈرۈشكە دىققەت قىلىشى كېرەك.** مۇھەررىرلەرنىڭ ساپاسى —— مۇھەررىرلەر ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان بىلىم، ئەخلاق ۋە ئىقتىدارنى كۆرسىتىدۇ. مۇھەررىرلىك خىزمىتى كەسىپچانلىقى، تېخنىكىلىقى، ئەمەلىيەتچانلىقى، ئىجادچانلىقى كۈچلۈك بولغان، كۆپ خىل پەنلەر گىرەلەشكەن ئۇنىۋېرسال ئەقلىي ئەمگەك بولۇپ، جاپالىق، ئىنچىكە، يۇقىرى مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە تەقدىم قىلىش روھى بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان ئەمگەك، بۇ خىزمەتنىڭ خاراكتېرى ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى مۇھەررىرلەرنىڭ چوقۇم بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان ئۇنىۋېرسال ساپاغا ئىگە بولۇشنى بەلگىلىگەن. توغرا سىياسىي ساپا، ياخشى ئىدىيەۋى ساپا، ئالىيجاناب كەسپىي ئەخلاق ۋە مول كەسپىي بىلىم —— ئۇنىۋېرسال ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان ئاساسىي كەسپىي ساپا. مۇھەررىرلەر يەنە ژۇرنالنىڭ خاراكتېرىگە ماس كېلىدىغان يېڭى ئۇچۇر، يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىشى، قېزىشى، توپلىشى زۆرۈر. 21 ـ ئەسىر ئۇچۇر دەۋرى، بىلىم دەۋرى. شۇڭا ھەر قايسى ساھەلەردە رىقابەت ئىنتايىن كەسكىن بولماقتا. رىقابەتتە ئۇزۇپ چىقىش ئۇچۇن ھەممە ئادەم تىرىشمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىۋېرسال ژۇرناللارنىڭ ياخشى

چىققان - چىقمىغانلىقى ئۇنىڭ بىلىم بېرىش خاراكتېرىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىۋېرسال ژۇرناللارنى ياخشى چىقىرىش ئۈچۈن، مۇھەررىرلەر ژۇرنالنىڭ ئۇنىۋېرسال بىلىم بېرىش، يېتەكلەش خاراكتېرىنى كۈچەيتىشى زۆرۈر. ھازىر ئالاقە تورى ۋە باشقا تىللاردىكى گېزىت- ژۇرناللار، كىتابلاردىن پايدىلىنىپ بىلىم توپلىغىلى، ئۆگەنگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەررىرلەر توردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشى زۆرۈر. ھازىر توردىن پايدىلىنالمايدىغان مۇھەررىر لاياقەتسىز، «ساۋاتسىز» مۇھەررىر ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى تور زور بىلىم كانى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۇرمۇشىمىزنىڭ، خىزمىتىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. مۇھەررىرلەر توردىن ياخشى پايدىلىنالىسا، بىلىمى موللىشىدۇ؛ تەپەككۇرى چوڭقۇرلىشىپ، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ئوقۇرمەنلەرگە تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

**2. تىل - يېزىق ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.** تىل — ئىنسانلارنىڭ مۇھىم ئالاقە قورالى، نەشرىياتچىلىقنىڭ بىرخىل شەكلى بولغان ژۇرنالچىلىقمۇ تىلنىڭ مۇھىم مەۋجۇدىيەت شەكلى. ئاپتور بىلەن ئوقۇرمەن ئوتتۇرىسىدا تىل ئارقىلىق ئىدىيە، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇلىدۇ. بىزگە مەلۇمكى، ئۇنىۋېرسال ژۇرنال تەھرىرلىكى ماقالە تاللاش، ھەجىم جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىش، ئىزاھلارنى سېلىشتۇرۇش، تىلىغا ئىشلەش، جۈملە قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، تىنىش بەلگىلىرىنى جايىدا قويۇش قاتارلىق ئىش ھالقىلىرى ئارقىلىق پۈتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاساسلىق ھالقا ماقالە تىلىغا ئىشلەشتۇر. ماقالىنىڭ تىل سەۋىيەسى شۇ ماقالىنىڭ ئاساسلىق سەۋىيەسىنى بەلگىلەيدۇ، ماقالە ئاپتورىنىڭ مۇددىئاسى ئاپتورنىڭ ئۆزىگە روشەن بولغىنى بىلەن ماقالە تىلى ياخشى بولمىسا بۇنداق مۇددىئا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېڭىغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ئۇنىۋېرسال ژۇرنال مۇھەررىرلىرى يەنە ھەرخىل ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، كىتابلارنى ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىيات دۇنياسىدىكى يېڭى ئۇچۇرلارغا دىققەت قىلىشى، مۇھەررىر بولۇش سۈپىتى بىلەن باشقىلارنىڭ يازغانلىرىنى ھەممە تەرەپتىن تەھلىل قىلالايدىغان، ئۇنىڭ مېغزى بىلەن شاكىلىنى ئايرىيالايدىغان، شۇ ئەسەرنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە بېرىدىغان ئېستېتىك زوقى ۋە ئىجتىمائىي تەسىرىگە ھۆكۈم قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. شۇنىڭدىلا كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلالايدۇ.

**3. يۇقىرى كەسپىي ئەخلاق يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.** ئۇنىۋېرسال ژۇرنال مۇھەررىرلىرى نام - ئاتاق، پايدا - مەنپەئەت قوغلاشماي سەمىمىي سادىقلىق بىلەن ژۇرنال چىقىرىپ، ئاخبارات - نەشرىيات ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچ - قۇدرىتىنى بېغىشلىشى لازىم. بۇ — لاياقەتلىك مۇھەررىرنىڭ كەسپىي ئەخلاقىنىڭ بىرىنچى ئورۇندىكى پىرىنسىپى. يەنە بىر جەھەتتىن، مۇھەررىرلەر ماقالە- ئەسەر تاللاشتا ئوخشاش كۆزدە قارىشى، چۆيقەتچىلىك، يۇرتۋازلىق قىلماسلىقى، مۇناسىۋەتكە قاراپ ئىش قىلماسلىقى، ئادىل بولۇشى كېرەك. كەسپداشلار ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ كوللېكتىپنىڭ ئەقىل- پاراستىنى جارى قىلدۇرۇشى، مۇھەررىرلەر بىلەن ئاپتورلار ئۆزئارا ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشى، ئۆزئارا ئۆگىنىپ بىر- بىرىنى تولۇقلاپ ۋە ئىلگىرى سۈرۈپ، رىقابەت داۋامىدا ژۇرناللارنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇش ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش يولىدا بىرلىكتە تىرىشىشى لازىم. بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە پەن - تېخنىكىنىڭ كۈندىن كۈنگە يېڭىلىنىشىغا ئەگىشىپ، يېڭى بىلىم، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئۇچۇرلار ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلمەكتە ئۇنىۋېرسال ژۇرنال تەھرىرلىكىگە قويۇلىدىغان تەلەپ بارغانسېرى يۇ-

قىرى بولماقتا. بىر ياخشى ئۇنىۋېرسال ژۇرنال مۇ-
ھەررىرىنىڭ يېتىلىپ چىقىشى يۇقىرىقى سا-
پالار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى بۇنىڭ-
دىنمۇ كۆپ جەھەتتىكى ساپالارنىڭ بىرىكىشىدىن
ھاسىل بولىدۇ.

**4. يۇقىرى سىياسىي ساپا يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.** سىياسىي ئۆتكەل ژۇرنالنىڭ ئىدى-
يەۋى، ئىلمىي، بەدىئىي ئۆتكىلىنىڭ يادروسى. ئۇ
گېزىت - ژۇرنال باشقۇرۇشتا ئالدى بىلەن ئىگى-
لەشكە تېگىشلىك مۇھىم ئۆتكەل. بۇ ئۆتكەلنى ياخ-
شى ئىگىلەش گېزىت - ژۇرناللاردا سىياسىي مەسى-
لە چىقماسلىققا كېپىللىك قىلىشنىڭ ئاچقۇچى.
بۇنداق بولۇشنى مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ پەۋقۇلئاددە
خاراكتېرى بەلگىلىگەن. مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ
پەۋقۇلئاددە خاراكتېرى شۇكى، ئۇ ھامان بىر خىل
سىياسىي خاھىشنى ئىپادىلەپ، كىشىلەرنىڭ ئىدى-
يەسى، كىشىلىك قارىشى ۋە قىممەت قارىشىغا،
ئەخلاق - پەزىلىتى، تۇرمۇشى ھەم مىجەز- خۇلقى
قاتارلىق تەرەپلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ياخشى مە-
نىۋى مەھسۇلاتلار كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇپ ئالغا
ئىنتىلدۈرىدۇ. ناچار مەنىۋى مەھسۇلاتلار بولسا ئۇ-
مىدسىزلەندۈرۈپ چۈشكۈنلەشتۈرىدۇ، بولۇپمۇ ياش
ئەۋلادلارغا ئاسانلا يامان تەسىر يۇقىدۇ. ھەرقانداق
ژۇرنالنىڭ سىياسىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدىغان-
لىقى شەك - شۈبھىسىز. لېكىن، بەزىلىرىنىڭ بۇ
خۇسۇسىيىتى ئېنىق بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ ئېنىق
بولمايدۇ. مەسىلەن، ئىلمىي نەزەرىيەۋى، كەسپىي
يېتەكچىلىك، ئېقىم مەسىلىلىرى خاراكتېرىدىكى
ژۇرناللارنىڭ سىياسىي مەزمۇنى ناھايىتى ئېنىق بو-
لىدۇ. مەدەنىيەت تۇرمۇشى، بولۇپمۇ قەدىمكى مەدە-
نىيەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ماقالە - ئەسەرلەرنىڭ
سىياسىي مەزمۇنى ئۇنىڭ كىشىلەرگە بەرگەن تەسى-
رىدىن مەلۇم بولىدۇ. ھەتتا ئىجتىمائىي ئۈنۈم تۇپ-
لىنىپ مەلۇم دەرىجىگە يېتىپ خاھىش بولۇپ شە-
كىللەنگەندە ئاندىن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ، سىياسىئۇد-

لىكىنىڭ ئەكس ئېتىش دەرىجىسى ۋە ئۈنۈم مەسى-
لىسى. لېكىن مەنىۋى مەھسۇلاتنىڭ سىياسىي خۇ-
سۇسىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇق ئەمەلىيىتى-
نى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كو-
مىتېتى، گوۋۇيۈەن «مەتبۇئات خىزمىتىنى كۈچەي-
تىش توغرىسىدىكى قارار» دا: «ئېلىمىزنىڭ مەتبۇ-
ئات ئىشلىرى كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ مەتبۇئات
ئىشلىرى بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، ئۇ پارتىيە
رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ بىر
تەركىبىي قىسمى. خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش،
سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت
تۈپ فاڭجېندا چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزم - لېنىنىزم،
ماۋزېدۇڭ ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىش، ئىقتىساد ۋە
ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا پايدىلىق بولغان بارلىق
پەن - تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تارقى-
تىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بې-
يىتىشى كېرەك» دەپ كۆرسىتىلگەن.

سىياسىي ئۆتكەل دېگەن سۆزدىكى «ئۆتكەل» نىڭ
مەنىسى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولىدۇ. ئۇنىڭدا سىيا-
سىي ساۋات جەھەتتىن مەسىلە چىقماسلىقىلا كۆزدە
تۇتۇلۇپ قالماي، ژۇرنال مەزمۇنىنىڭ سىياسىي يۆ-
نىلىشى، سىياسىي مەيدانى، سىياسىي كۆز قاراش
جەھەتتە مەسىلە چىقماسلىقىمۇ كۆزدە تۇتۇلغان.
سىياسىي ئۆتكەلنى ياخشى ئىگىلەش مۇھەررىرلەر،
بولۇپمۇ باش مۇھەررىرنىڭ سىياسىي ساپاسى، كەس-
پىي سەۋىيەسى ۋە ئىقتىدارىنى سىنايدىغان مۇھىم
سىناق. مۇھەررىرنىڭ سىياسىي، كەسپىي ئەخلاقى-
نىڭ مۇھىم ئۆلچىمى. بۇ جەھەتتە مەسىلە كۆرۈلسە
چوڭ چاتاق چىقىدۇ. شۇڭا بۇ يۈكسەك مەسئۇلىيەت-
چانلىق ۋە سەگەكلىكنى تەلەپ قىلىدۇ.

مۇھەررىر: ھەزرىتى ئەلى بارات

## سەگاھ مۇقامى

ئەيرىس خىلۋەت نىشىنلەرگە تاماشايى چەمەن ھاجەت،
چوناچە بولماغايى ئەھلى فەناغە ئەنجۇمەن ھاجەت.

گىرىفتارى قەدى رەنايى گۈلگۈن پوشىمەن ۋەھ ۋەھ،
كۆڭۈلدە قالمادى بەرگى گۈلى سەرۋى سۈمەن ھاجەت.

بەلادە شەستىدەكى ئەۋزارلەر زەنكىش ھالىنى سورماقىش،
كى ئاندايى گۈلۈپ بولبۇلۇبىنى كوھكەن ھاجەت.

سەھەر شۇ ئاقىچ سابا يەتكۈزدى زۇلفۇڭنىڭ تارىدىن بويى،
مۇئەتتەر بولدى ئالەم، بولمادى مۇشكى خوتەن ھاجەت.

سۇئال ئەيلە بەدەۋرۇركى يىغلىماقدىن سەبەب غەرەز ئاخىر،
دېدىلەر مۇستەفا دوستۇم، ماڭا ۋەيسى قەرەن ھاجەت.

زۇلەيخاغا گۈلشەن قىلدى سەمۇمى ئىشقى خاكستەر،
بۇيىغ ئىلكىن دېمەكىم تۇل يۈسۈپنى گۈل پىرەھەن ھاجەت.

جۇنۇن بازارىدە رەسۋالىغىمنىڭ باشى ئولدۇر،
بەھاغە ئالمادىلار، يوق ئىكەندۇر كەن ماتۇمەن ھاجەت.

بومۇشتى تۇستى خانىمنى ئاسانىش كۆيىغە تاشلاغلار،
شەھىدى ئىشقىغە تابۇتى گۆر كەفەن ھاجەت.

رەقىبا بەرۇبالارنى سەن ئاغرىتماغىل زىنھار،
ھەۋەس ئىشىگە بارغاندا يەسەن ھاجەت نەمەن ھاجەت.

نەۋائىي، يارنىڭ ئاستانەسىنىڭ تۇفراغى بولدۇڭ،
ساڭا ئەندى نە سەھرا ۋە نە شەھر ۋە نى ۋەتەن ھاجەت.

— نەۋائىي

## نەۋا مۇقامى

جۇنۇن ۋادىسىغا مايىل كۆرەرمەن جانى زارىمنى،
تىلەرمەن بىر يولى بۇزماق بۇ زۇلفان روزگارىمنى.

فەلەك بىدادىدىن گەرچە مېنى خاكى غۇبار ئولدۇم،
تىلەرمەن تا ياماغايلار توتىيالىققا غۇبارىمنى.

شۇل ئەيرىس پەرىدۇي تۇشكىچ ئۆيى ھەم زىرخى ھەم كۆيىكى،
چۇ گۇرىستان گەدايى سەرزىگەي شەمئى مەزارىمنى.

دەمەكىم قايى ساغرى ئەزىم ئەتكۈم باقا يوق ئىختىيار ئاخىر،
قەزا ئىلكىگە بەرمىشمەن ئىنانى ئىختىيارىمنى.

توكەندى ئەشكى گۈلگۈن ئەمدى قالمىش زەئفەرانى يۈز،
فەلەك زۇلمى بەدەل قىلدى خەزان بىرلە باھارىمنى.

دىيارىم ئەھلى بىرلە ياردىن باشىمغە يۈز مىھنەت،
نەتاڭ باشىم ئالىپ كەتسەم، قويۇپ يارۇ دىيارىمنى.

ھەياتىم بادەسىدىن سەرگىرانمەن ئەي سەرۋىيى ساقىي،
قەدەھقە زەھرى قاتىل قويى داغى دەفئى ئەت خۇمارىمنى.

يامان ھالىمغە باغرى ئاغرىغايى ھەر كىمسەكىم كۆرگەيى،
باغرى پارەگالەسىدىن قانىغا بولغانغان ئۇزارىمنى.

جەھان تەركىنى قىلمايى چۈنكى تىنماق مۇمكىن ئەمەستۇر،
نەۋائىي قىل مېنى ئازاد ئۈزۈپ يوقۇ بارىمنى.

— نەۋائىي




# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

国内统一刊号：CN65-1147/C
邮发代号：58-137
地址：乌鲁木齐市金银大道新闻大厦
9楼《新疆社科论坛》杂志社
邮政编码：830002
E-mail:munberim@sina.com
电话：(0991) 7879735
定价：6.00元
印刷：新疆新华印刷厂

دۆلەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65_1147/C
مۇشتەرى قوبۇل قىلىش نومۇرى: 137_58
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئالتۇن-كۈمۈش يولى ئاخبارات سارىيى
9_قەۋەت « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى »تەھرىراتى
پوچتا نومۇرى: 830002
E_mail : munberim@sina.com
تېلېفون: 0991_7879735
يەككە باھاسى: 6.00 يۈەن
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ISSN 1673-1476

6 >
9 771673 147057

TRIBUNE OF SOCIAL SCIENCES IN XINJIANG